2020 ئىيۇل-ئاۋغۇست
ئومۇمىي 12-سان

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival





ختاي تەھدىتى 73



گۈلنىسا ئىمىن 69



قىپقىزىل يالغانچىلىق 1

2020 ئىيۇل- ئاۋغۇست

ئومۇمىي 12-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6009800461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بايانلىرى 34

گېرمانىيە دۆلەت شېئىرى 42

مۇداپىئە مېخانىزمى 51

ناھەق تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىش 91

## خىتاي تەتقىقاتى

قىپقىزىل يالغانچىلىق: كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچىۋزى

## گۈلىستان

گۈلنىسا ئىمىن

ئابلەت كامالوۋ

## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكا باش تەپتىشى ۋىلىيام بارنىڭ خىتاي تەھدىتى ھەققىدىكى نۇتقى

كوممۇنىست خىتاي ۋە ئەركىن دۇنيانىڭ كېلەچىكى 43

## كۆپچىلىكتىكى ئۇيغۇرلار

كورىيە ۋە ئۇيغۇرلار 82

## ھېكمەتلەر

نېتىزىننىڭ ئۆزگىچە تەپەككۇرىدىن ئۈرنەكلەر 119

## تارىخ ۋە بىز

قەھرىمانلىقلىقنىڭ مۆجىزىلىك تەسىرى 95

تەمىم ئىبنى بەھىرنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قىلغان سەپىرى 57













# قىپقىزىل يالغانچىلىق:

## كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى

# Deceiving the Sky: Inside Communist China's Drive for Global Supremacy



بىل گېرتس «ۋاشىڭتون ۋاقتى» دۆلەت بىخەتەرلىكى سەھىپىسىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى. ھازىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپلىك خىتاي ئىشلىرى ئانالىزچىسى. خىتاي تەھدىتى ھەققىدە مەخسۇس ئالتە كىتابى بار.

## بىل گېرتس

## Bill Gertz

## ☆ ئونىنچى باب ☆

# «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە» پۇل مۇئامىلە ۋە ئىقتىساد ئۇرۇشى

«كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلاردا بىر دۆلەت بىر تامچە قان ئېقىتىلماستىن بويسۇندۇرۇلىدىغان پۇل - مۇئامىلە ئۇرۇشىغا ئوخشاش ئىشلار تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ».
- پولكوۋنىك چىياۋ لياڭ (Qiao Liang) ۋە پولكوۋنىك ۋاڭ شياڭسۈي (Wang Xiangsui)، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»، 1999-يىل.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئامېرىكاغا قارشى چېكىدىن ئاشقان ئىقتىساد ۋە پۇل - مۇئامىلە جېڭى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇش باشلانغىلى كەم دېگەندە ئوتتۇز يىل بولدى. خىتاي كومپارتىيىسى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قوراللىرىنى ئىشلىتىپ، ئادالەتسىز سودا قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە ھۇجۇم قىلدى، خىتاي بىلەن سودا قىلىۋاتقان ئامېرىكا شىركەتلىرىنى تېخنىكىسىنى بېرىشكە مەجبۇرلىدى ھەمدە ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئوغرىلىدى، ھالبۇكى ئوغرىلانغان بۇ تېخنىكىلار ھازىر خىتاينىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ۋە ئىلغار قوراللىرىغا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي ھۇجۇم 1980-يىللىرىدىن باشلاپلا ئامېرىكانىڭ «بىز پەقەت خىتاي بىلەن سودىلا قىلساق، سودا، پۇل مۇئامىلە ئالاقىسى ۋە باشقا ئىقتىسادىي مۇئامىلاتلار (خىتايغا) مۇۋاپىق تەسىر كۆرسىتىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى بۇ دۆلەت ئەركىن بازارغا ئىگە، دېموكراتىيەنى يېتەكچى قىلغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ» دەيدىغان خاتا سىياسىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇ سىياسەتلەر تەلتۆكۈس مەغلۇب بولدى، ھازىر ئامېرىكا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىللىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېلىشمايدىغان يېڭى رەزىل ئېمپىرىيەگە دۇچ كەلدى. خىتاي ئامېرىكانىڭ (بۇ خىل) تىنچلاندۇرۇش خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي سىياسىتىدىن نەپ ئالدى - يۇ، دېموكراتىكلىششنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كوممۇنىستىك، تېخىمۇ باستۇرمىچى ۋە كېڭەيمىچى دۆلەتكە ئايلاندى. ئۇ ھازىر دۇنيا سەھنىسىدە، ئەركىن بازار ۋە ئۇلارنى قوللايدىغان دېموكراتىك دۆلەتلەرگە قارشى غايەت زور ئىقتىسادىي تەھدىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

روگېر W روبىنسون (Roger W. Robinson) تەڭداشسىز، پېشقەدەم مالىيە جەڭچىسى بولۇپ، ئۇ Chase Manhattan بانكىسىنىڭ سابىق خەلقئارالىق بانكىرى ئىدى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە پرېزىدېنت رونالد رېگان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە پۇل مۇئامىلە ئۇرۇش سەنئىتىنى ئۆگەنگەنىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ بېشىدا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئەۋجىگە چىققاندا، روبىنسون 1982-يىلى 3-ئايدىن 1985-يىلى 9-ئايغىچە دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭەشىنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ئىشلارغا مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك مۇدىرى سۈپىتىدە ئاقسارايدا سوغۇققانلىق بىلەن، داۋراڭسىز ھالدا (سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىقتىسادىي) مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغانىدى.

روبىنسون نيۇيوركتىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ يەردە نېلسون روكفېللېر (Nelson Rockefeller) پارتىيەنىڭ شەرقىي قىرغاق قانىتىدا ئۇزۇن يىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا روبىنسون ئۆزىنىڭ، ھوللىۋودنىڭ سابىق ئارتىسى بولغان، ھەم ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان، شۇنداقلا بۇ پارتىيەدىكى كونسېرۋاتىپ غەربىي قاناتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان، يېڭىدىن سايلانغان بۇ پرېزىدېنت (رونالد رېگان)نىڭ ھۆكۈمىتىگە ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىغا جەزم قىلالمىغانىدى. ئەمما رېگان، روبىنسون ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى ۋىليام پ كلارك (William P. Clark) ئۆزئارا تېزلا چىقىشىپ، ئاقساراي-

دىكى مەخپىي ھۆجرىدا غەيرىي ھەربىي ۋاستىلەر، بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ تەڭداشسىز ئىقتىسادىي ۋە پۇل-مۇئامىلە كۈچى ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشنى پىلانلاشتى.

روبىنسون ئاشۇ ۋاقىتتىكى خىزمىتىدىن باشلاپ، پرىزدېنت رېگان ئېيتقاندەك ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي ۋە پۇل مۇئامىلە ئىستراتېگىيەسىنىڭ «بىناكارى»غا ئايلانغانىدى. دەل مۇشۇ (روبىنسوننىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن ئىقتىسادىي) ئىستراتېگىيە رېگاننىڭ باشقا ھەرقانداق سىياسىتىدىن بەكرەك، رېگان «رەزىللىك ئېمپىرىيەسى» دەپ ئاتىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتكەنىدى. روبىنسون ئاقسارايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بۆگۈنكى خەۋپ-خەتەرنى باشقۇرۇش، يۇمشاق دېتال ۋە ئوچۇق كودلۇق ئىستىخبارات شىركىتى بولغان «RWR مەسلىھەتچىلىكى»نى قۇردى. مەزكۇر شىركەت دۆلەت بىخەتەرلىكى، يەرشارى پۇل مۇئامىلىسى ۋە خەلقئارالىق تىجارەت ساھەسىدە پائالىيەت قىلىدۇ.

روبىنسون بىلەن كلارك زىچ ھەمكارلىشىپ، **1982**-يىلى يېڭى پرىزدېنت (رېگان)قا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يىللىق كىرىمى ئاران **32** مىليارد دوللار بولغان «تېشى پال – پال، ئىچى غال – غال» زەئىپ سىستېما ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. (غەربىي ياۋروپاغا تەبىئىي گاز يەتكۈزۈشنى ۋە غەربنىڭ قەرزىگە ئېرىششنى چەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان) قاراتمىلىقتا ئىگە بىر قانچە مالىيە تەدبىرى ئارقىلىق موسكۋانىڭ كۈچلۈك پۇل (**hard currency**) نەق پۇل ئېقىمى قىسىلىپ، ئاخىرىدا ۋەيران بولدى. ئىنتايىن مەخپىي بۇ پۇل مۇئامىلە ئىستراتېگىيەسى (ئامېرىكا) دۆلەت كۈچىنىڭ باشقا ئامىللىرىغا، يەنى ئامېرىكا ھەربىي كۈچىنىڭ زورىيىشى، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى دېموكراتىك كۈچلەرنى قوللاش، ياۋروپادا «پېرشىڭ 2 قورال سىستېمىسى» ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۈچىنچى دۇنيادىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىش قاتارلىقلارغا تامامەن ماس كەلگەنىدى. **1988**-يىلى رېگان ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى **1991**-يىلى **12**-ئايغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر پاي ئوق ئېتىلمايلا يىمىرىلىپ، ئالاھەزەل **300** مىليون كىشى ھۆرلۈككە چىقتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخقا ئايلىنىشى بىلەن، روبىنسون يېڭى خىرىسقا، يەنى كوممۇنىستىك خىتاينىڭ ئامېرىكا كاپىتال بازىرىغا بولغان، كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ترامپ ھۆكۈمىتى دۇنيانىڭ خىتاينىڭ ناتوغرا سودا قىلمىشى ۋە قانۇنسىز تېخنىكا ئۆتكۈزۈۋېلىشى ھەققىدە ئويغىنىشىغا ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، روبىنسون بېيجىڭ كوممۇنىستلىرى يولغا قويغان تېخىمۇ رەزىل پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى ئىستراتېگىيەسىنى بايقىدى. روبىنسون ۋە ئۇنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى **2012**-يىلدىن باشلاپ، **IntelTrak** دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزگىچە يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىپ، دۇنيا مىقياسىدا خىتاي ۋە روسىيەنىڭ بارلىق سودىسىنى كۈندە ئىز قوغلاشقا ۋە ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزىشقا باشلىدى. بۇ خىتاي كارخانىلىرىنىڭ ئامېرىكا كاپىتال بازىرىغا - پېنسىيە فوندى، خەتەردىن ساقلىنىش فوندى، ئورتاق فوند، شتاتلىق ئاممىۋى پېنسىيە سىستېمىسى، كۆرسەتكۈچ فوندى ۋە تاشقى پېرېۋوت سودا بازىرىغا شەپىسىزلا سىڭىپ كىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ۋە خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكىگە شەكىللەندۈرگەن تەھدىتى ھەققىدە نازارەت – تەكشۈرۈشلەر تولىمۇ ئاز ياكى يوق ئىدى. «نۆۋەتتە ئەھۋالدىن خەۋەرسىز مىليونلىغان ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قەرزى ۋە پاي ھوقۇقى بىرىكمىسىدە خىتاينىڭ نۇرغۇنلىغان <بۇزغۇنچى> كارخانىلىرى بار، ئۇلار ئاساسەن شەخسىي فوند دىرېكتورلىرى ۋە ياكى مەبلەغ سالغۇچى ئاپپاراتلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ھەر خىل فوند ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق بۇنى ئىشقا ئاشۇرغان» دېدى روبىنسون ماڭا.

كاپىتال بازىرىمىزدىكى خىتاي ئەمەلىي گەۋ-دىلىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھۆددىگەر

شىركەتلىرى، ئامېرىكانىڭ ئېمبارگولىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار، جەنۇبىي دېڭىزدىكى قانۇنسىز ئاراللارنى قۇرۇش ۋە ھەربىيلەشتۈرۈشكە چېتىلىدىغان شىركەتلەر، ئىلغار قوراللارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تور خاككېرلىرى، يۇقىرى قاتلامدىكى چىرىكلىككە چېتىشلىق شىركەتلەر، تېخنىكا ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئوغرىلىرى، تىجارەت خەۋپىنى ئۈستىگە ئالىدىغان چاۋشيەن ۋە ئىران پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى (**underwriters**)، شۇنداقلا باشقا رەزىل خىتاي شىركەتلىرى قاتارلىق مەسىلىسى بار نۇرغۇن خىتاي شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**2018** - يىلى يازغىچە، تەخمىنەن **88** خىتاي شىركىتى نيۇيورك ئاكسىيە بىرژىسىدا، ئاتمىش ئىككىسى **NASDAQ** ئاكسىيە بىرژىسىدا بازارغا كىردى، يەنە بەش يۈزدىن ئارتۇق خىتاي شىركىتى بىرژا سىرتىدا سودا قىلىۋاتىدۇ.

روبىنسون مۇنداق دېدى: «خىتاي شىركەتلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا خوڭكوڭ، سىنگاپور، فىرانكفورت ۋە لىيۇكسېمبۇرگ قاتارلىق جايلاردىن ئامېرىكاغا نۇرغۇن مىليارد دوللار قىممىتىدىكى دوللار بىلەن ھېسابلىنىدىغان زايوم (**dollar-denominated bonds**)نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ساتتى (**1**).

خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلار ئامېرىكانىڭ «**S** نىزامى» دەپ ئاتالغان بەلگىلىمىسىدىكى قانۇنىي يوچۇقتەك كۆرۈنىدىغان ماددىلارغا ئېغىر دەرىجىدە تايىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمە خەلقئارا قائىدە - يوسۇن ئۆلچىمىنى ئاساس قىلغان. ئۇ خىتاي شىركەتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى ئاكسىيە بازارلىرىدا ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ھېسابلىنىدىغان زايوم تارقىتىشىغا يول قويىدۇ، ئاندىن بۇ زايوملار بىر قانچە مېخانىزم ئارقىلىق ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مۇقىم كىرىملىك مەبلىغىدە ساقلىنىدۇ. بۇ خىتايلار ئۈچۈن خالىغانچە بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان نەق پۇلدۇر. «**S** نىزامى»دىكى مەبلەغ سېلىش «خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئامېرىكا سىستېمىسى قوللانغان چەكلىمىلەر ۋە شەرتلەرگە ئۇيغۇن» دېگەن خاتا پەرەزنى ئاساس قىلغان.

روبىنسون ۋە ئۇنىڭ ئەترىتىدىكىلەر، خىتاي **2019**-يىلىدا، شۇنىڭدىن كېيىنكى **30** ئاي ئىچىدە، ئاسىيادا ئومۇمىي قىممىتى بىر تىرىليون دوللارلىق دوللار بىلەن ھېسابلىنىدىغان زايوم (**dollar-denominated bonds**) تارقىتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. **Goldman Sachs** مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان. **Goldman Sachs** شىركىتىگە كۆرە، بۇ زايومنىڭ تەخمىنەن سەكسەن پىرسەنتى خىتاي كارخانىلىرىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ زايومى بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكادىكى ۋە غەربنىڭ باشقا جايلىرىدىكى لاياقەتلىك ئورگان مەبلەغ سالغۇچىلىرى بىۋاستە خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسىدىن، شۇنداقلا خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى شېنجېن ۋە شاڭخەي بىرژىلىرىدىن خىتاينىڭ قەرزى ۋە پاي چېكىنى سېتىۋېلىش سالمىقىنى كۈچەيتتى. بۇ كىتاب يېزىلىۋاتقاندا، بۇ زايوملار ئالىلىقاچان دۆلەتلىك ياشانغاندا كۈتۈنۈش سىستېمىسى ۋە ئامېرىكانىڭ باشقا مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ بېيجىڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغاندا (رۇخسەت قىلغاندا) ئاندىن ئىشلەتكىلى بولىدىغان نەق پۇللاردۇر.

روبىنسون يەنە «ئامېرىكا كاپىتال بازىرىغا ئالىلىبۇرۇن كىرىپ بولغان ياكى كىرىش ئالدىدا تۇرغان خىتاي پاي چېكلىرى خىتاينىڭ يوشۇرۇن پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىنىڭ ۋە ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ نىقابى» دەپ قارايدۇ. بۇ جەھەتتە مۇنداق كۆز قاراشلارمۇ مەۋجۇت: ئەگەر كەلگۈسى ئۈچ يىلدىن تۆت يىلغىچە خىتاي ئاكسىيەسىنىڭ ئامېرىكالىقلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندى ۋە باشقا مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىگە داۋاملىق ئېقىپ كىرىشىگە يول قويۇلسا، مىليونلىغان ئامېرىكالىقلار ئۆزلىرىنىڭ پېنسىيە ھېساباتى ۋە باشقا مەبلەغلىرىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ يامان غەرەزلىك قىلمىشلىرىغا ئېمبارگو ياكى جازا يۈرگۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سالاچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە، ترامپ

هۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن ئادىل ۋە ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان سودا مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنى كۆزلىگەن يېڭى سىياسىتىنىڭ باش تېمىسى بولغان سودا توساقلىرى ۋە تاموژنا بېجى ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۆز يېنىنى چىڭداشنى ئويلايدىغان مىليونلىغان ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

«خىتاي بۇزغۇنچىلىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ قەرز ۋە پاي بازىرىغا سىڭىپ كىرىشى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ بىر تەرەپتىن خىتاي ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھالقىلىق بىخەتەرلىك مەنپەئەتىگە ئېلىپ كەلگەن بىر قىسىم ئىنتايىن ئېغىر بىخەتەرلىك تەھدىتلىرى ئۈچۈن مۇھىم مەبلەغ مەنبەسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەنپەئەتى خىتايغا باغلانغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاي ئۈچۈن سالاچىلىق قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ» دەيدۇ روبىنسون.

ئاكسىيە سودا كومىتېتى (SEC)، مالىيە مىنىستىرلىقى ياكى ئىجرائىيە تارماقلىرىنىڭ باشقا ئورگانلىرى مەسئۇل بولغان، دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە قارىتىلغان ھېچقانداق كاپىتال بازىرى تەكشۈرۈشى ياكى تىرىشچانلىقىنىڭ بولماسلىقى خىتاينىڭ پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتىنى كۈچەيتىۋەتتى.

روبىنسون مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا كاپىتال بازىرىدا مالىيە مىنىستىرلىقى باشچىلىقىدىكى چەتئەل مەبلىغى كومىتېتىغا ئوخشاش سىستېمىلىق، بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتقان تەكشۈرۈش مېخانىزمى يوق. ئەڭ كەمدە، بىخەتەرلىكنى ئاساس قىلغان ماتېرىيال ئاشكارىلاش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولغان ئېھتىياج تولىمۇ تەخىرسىز ئىدى» (2).

ۋال كوچىسىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە ھۆكۈمەتتىكى قوللىغۇچىلار كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ خىل بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتقان تەكشۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، بۇ خىل تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ يەرشارى كاپىتالىنىڭ ئەركىن ئايلىنىشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا كاپىتال بازىرىنىڭ رىقابەت كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ كەلدى.

روبىنسوننىڭ شىركىتىدىكى تەھلىلچىلەر 2019-يىلىغا قەدەر دۆلەت بىخەتەرلىكى سەۋەبلىك ئامېرىكا بازىرىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بىرمۇ خىتاي كارخانىسىنى تاپالمىدى. بۇ خىل سودىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئورگىنى — ئامېرىكا ئاكسىيە سودا كومىتېتى (SEC)مۇ گۇمانلىق خىتاي ھەربىي دائىرىلىرى بىلەن ياكى بىخەتەرلىك تارماقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياكى ئۇلار قاتناشقان تېخىمۇ كۆپ ئىستراتېگىيىلىك تۈر ۋە سودا سەۋەبلىك، بىرەر خىتاي شىركىتىگە تەكشۈرۈش جەدۋىلى ئەۋەتمىگەن.

بۇ خىل پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، روبىنسون ترامپ ھۆكۈمىتىنى تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ، خىتاينىڭ بۇ «يېڭى» تىپتىكى چەكلىمىسىز ئۇرۇشىغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىشكە چاقىردى. خىتاي «بۇزغۇنچىلىرى»نىڭ كاپىتال بازىرىمىزغا سىڭىپ كىرىشى(گە تاقابىل تۇرۇش) چوقۇم خىتاينى ئاساسلىق ئىستراتېگىيىلىك رىقابەتچىمىز دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان يېڭى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى كېرەك.

روبىنسون مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىخەتەرلىك كۆزدە تۇتۇلغان تەكشۈرۈشتە، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بىرەر كارخانىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە دەخلى تەرۇز قىلغانلىقى بايقالغانلىقى سەۋەبىدىن ئامېرىكا ئاكسىيە بازىرىدىن چىقىرىۋېتىلسە، بۇ خەلقئارالىق بازاردىكى چوڭ ۋەقە دەپ قارىلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ — ھېچبولمىسا قىسمەن دەرىجىدە — بازارغا ئارىلىشىش ۋە خىتاينىڭ كەلگۈسى خەتىرىنى ھېسابلاش تەييارلىقى بار – يوقلۇقىنى پەرەز قىلىشماقتا».

بىزنىڭ كاپىتال بازىرىمىزدىكى خىتاينىڭ ناچار ئەمەلىي گەۋدىلىرى جەلپ قىلغان سومما نەچچە مىليارد دوللارغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاينىڭ

بۇ بازارلارغا سىڭىپ كىرىشىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان تېخىمۇ پايدىسىز تەرەققىياتلارنىڭ بىرى **2018**-يىلى **6**-ئايدا مورگان ستەنلېي كاپىتال خەلقئارالىق شىركىتى (**MSCI**) خىتاينىڭ **234** دانە **A** پايچېكى ياكى دۆلەت ئىچى پاي چېكىنىڭ مەزكۇر شىركەتنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن بازار كۆرسەتكۈچىگە كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ھەرۋاقىت تەڭشىلىپ تۇرىدىغان مەزكۇر بازار كاپىتالى كۆرسەتكۈچى باشقۇرىدىغان مەبلىغى **1** تىرىلىيون **900** مىلىيارد دوللاردىن ئاشىدىغان يەر شارى پاي بازىرىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئۆلچەملەرنىڭ بىرىدۇر.

روبىنسون يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بېيجىڭنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي تەسىرىنى كۈچەيتىش ۋە مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن ئامېرىكا كاپىتال بازىرىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى تېزلىتىش ئۇرۇنۇشى ئەمەلگە ئاشقان بىر ئارزۇ - غەرب كاپىتال بازىرىغا سىڭىپ كىرىشتىكى ئاپتوماتىك كۈچ ئاشۇرغۇچتۇر. (خىتاي كاپىتالىغا) بۇ خىل قۇچاق ئېچىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلاردىن بېيجىڭغا «يۈز مىلىيارد دوللار»لاپ مەبلەغ ئېلىپ كېلىدۇ ۋە نەتىجىدە بۇ (مەبلەغ) خىتاينىڭ ھەربىي ئىنشائاتلىرى، ئاكسىيەگە مۇناسىۋەتلىك بۇزغۇنچىلىقلىرى ۋە ئامېرىكانى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان باشقا پائالىيەتلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**RWR** شىركىتى خىتاينىڭ ئامېرىكا كاپىتال بازىرىدىكى مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا روبىنسون «تىرىك توقۇلمىلارنى تەكشۈرۈش» (**biopsy**) دەپ ئاتىغان ئۇسۇلنى قوللاندى ۋە (بۇ جەرياندا) بايقالغان مەسىلىنىڭ پەقەت غايەت زور پۇل مۇئامىلە مۇز تېغىنىڭ ئۇچى، يەنى خىتاينىڭ يوشۇرۇن پۇل مۇئامىلە جېڭىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن، خىتاينىڭ ئامېرىكا كاپىتال بازىرىدا رەزىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەم دېگەندە ئون ئەمەلىي گەۋدىسى (شىركىتى) تېپىلغان. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىگە چېتىشلىق شىركەتلەر دەسلەپتە ئىران بىلەن قانۇنسىز سودا قىلغانلىقى ئۈچۈن جازا بېرىلگەن «جوڭشىڭ (中兴) تېلېگراف شىركىتى»نى؛ «خىتاي ئاۋىئاتسىيە - ئايروپىلان چەكلىك شىركىتى» (中航飞机股份有限公司) نىڭ تارماق شىركىتى بولغان، خىتاينىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان «خىتاي ئاۋىئاتسىيەسى سانائىتى شىركىتى»نى؛ خىتاينىڭ تۇنجى يەرلىك ئاۋىياماتكىسى ۋە باشقا ئىلغار ھەربىي سىستېمىلىرىنى ياساپ چىقىۋاتقان «خىتاي كېمىسازلىق سانائىتى شىركىتى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 6-بابتا ئاشكارىلانغىنىدەك، «خىتاي ئاۋىئاتسىيە - ئايروپىلان چەكلىك شىركىتى»نىڭ تارماق شىركەتلىرى بوئىن شىركىتىگە قارشى، **C-17**، **F-35** ۋە **F-22** ئايروپىلانلىرىنىڭ مۇھىم تېخنىكىلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان كەڭ كۆلەملىك تور جاسۇسلۇقىنىڭ مەنپەئەتلەنگۈچىلىرىدۇر.

**2018**-يىلى **3**-ئايدا، «خىتاي كېمىسازلىق سانائىتى شىركىتى» خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ (بېنزىن يېقىلغۇسىغا ئوخشاش) ئەنئەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە تايىنىدىغان ئىككى دانە ئاۋىياماتكىسىغا يانداشتۇرۇش ئۈچۈن، تۇنجى يادرو ئېنېرگىيەلىك ئاۋىياماتكىنى ياساشنى پىلانلىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. روبىنسون گۇرۇپپىسىنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «خىتاي كېمىسازلىق سانائىتى شىركىتى» بۇ قارارنى ئېلان قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، فىرانكفورتتىكى گېرمانىيە زايوم بازىرىدا **1** مىلىيارد دوللارلىق زايوم تارقاتقان. بۇ زايومنىڭ قەرەلىنىڭ توشۇش ۋاقتى ۋە سوممىسى مەزكۇر يادرو ئېنېرگىيەلىك ئاۋىياماتكىنىڭ مۆلچەردىكى تاماملىنىش ۋاقتىغا توغرا كەلگەن. مەزكۇر (ئاۋىياماتكىدىكى) يېڭى ئىقتىدار خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدا، ئۆز تۇپرىقىنىڭ سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى زورايتقان بولۇپ، يادرو ئىنتېرىشنى ئاساس قىلىدىغان مەزكۇر ئاۋىياماتكىغا ئەنئەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە تايىنىدىغان ئاۋىياماتكىلارغا ئوخشاش توختىماي ماي قاچىلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

فىرانكفورت ئاكسىيە بازىرىدا تارقىتىلغان بۇ بىر مىلىيارد دوللارلىق زايومنىڭ مەزكۇر ئاۋىياماتكىنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى شەكسىز. تېخىمۇ چاتاق يېرى شۇكى، بىر قىسىم زايوم كىرىمىنى ئامېرىكانىڭ مەبلەغ سالغۇچى ئاپپاراتلىرى تەمىنلىگەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ مەبلەغ بىرىكمىسىنىڭ بېيجىڭنىڭ ھەربىي ئىنشائاتلىرىغا ئىشلىتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. **2019**-يىلىنىڭ

بېشىدا ئامېرىكا ھىندى-تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى ئادمىرال فىلىپ داۋىدسون **(Philip Davidson)** خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى ئەركىن بازارلىق، دېموكراتىك كاپىتالىزمغا بىۋاسىتە خىرس ئېلان قىلىدىغان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە ئىقتىساد سىستېمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن «كەڭ كۆلەملىك» پروگراما دەپ سۈپەتلىگەندى.

سابىق مالىيە تەھلىلچىسى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى ئۇرۇش ئىنىستىتۇتى دېڭىز-ئوكيان تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى گابې كوللىنس **(Gabe Collins)** ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: خىتاينىڭ ھەربىي پاراخوت ياسىغۇچىلىرى دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ پاراخوت ياساپ چىقىدىغان شىركەتلەر بولۇپ، ئۇلار يەر شارى كاپىتال بازىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ (خىتاينىڭ) ھەربىي زامانىۋىلىشىشىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. كوللىنسنىڭ مۆلچەرىچە، **2004**-يىلى **1**-ئايدىن **2015**-يىلى **1**-ئايغىچە، «خىتاي كېمىسازلىق سانائىتى شىركىتى»نىڭ «خىتاي كېمىسازلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» ۋە «خىتاي كېمىسازلىق ئېغىر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى»دىن ئىبارەت ئىككى تارماق شىركىتى پاي چېكى ۋە زايوم سېتىپ، **22** مىليارد **260** مىليون دوللار مەبلەغ توپلىغان. كوللىنس مۇنداق دېدى: «بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەر شىركەتلىرىدىن خانتىڭتون ئىنگالس **(Huntington Ingalls)** كېمىسازلىق شىركىتى، ھەممىباب دىنامىكا **(General Dynamics)** شىركىتى ۋە لوكخىد مارتىن شىركىتىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدە كاپىتال بازىرىدىن توپلىغان ئومۇمىي مەبلىغىدىنمۇ تەخمىنەن يىگىرمە پىرسەنت كۆپ».

بۇ بازارلاردا ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئۇسكۇنىلەر ئۈچ-ۈن توپلانغان مەبلەغ خىتاينى باشقا مەبلەغلىرىنى ئىشلىتىپ، پاراخوت سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا خىتاي ھازىر تېز سۈرئەتتە پاراخوت ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خىتاينىڭ **054** تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىق قوغدىغۇچى پاراخوتىنىڭ باھاسى **360** مىليوندىن **375** مىليون دوللارغىچە. «بازاردا توپلانغان ھەر بىر مىليارد دوللار خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قاتتىق دېتال پائالىيىتىنى ئۇنۇملۇك ھالدا مەبلەغ بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، بۇ (يەنى بىر مىليارد دوللار) ئۈچ دانە **054As** تىپلىق قوغدىغۇچى پاراخوتنىڭ تاماملىنىش تەننەرخىگە باراۋەر» دەيدۇ كوللىنس **(3)**.

روبىنسوننىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئېنىقلىغان يەنە بىر مىسال «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى» دەپ تونۇلغان «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»دۇر. خىتاينىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى بۇ كارخانا **2000**-يىلى **6**-ئايدا نيۇيورك ئاكسىيە بىرژىسى **(NYSE)** ۋە خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئاشكارا پاي تارقىتىپ، **5** مىليارد **700** مىليون دوللار مەبلەغ توپلىغان. ئۇنىڭ نەچچە يۈز مىليون دوللارلىق پېيى ئامېرىكا دۆلەتلىك ياشانغاندا كۈتۈش فوندىنىڭ ئىلكىدە.

بۇ شىركەتنىڭ پائالىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى» خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئوپتىك كابېل، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئاساسىي سىستېما ۋە باشقا ئۇسكۇنىلەر بىلەن تەمىنلىگەن، شۇنداقلا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خەۋەرلىشىش مەشىقىگە ياردەم بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ شىركەت جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تالاش - تارتىشتىكى پاراسېل **(Paracel)** ۋە سپىراتلى **(Spratly)** تاقىم ئاراللىرىدىكى ئەسلىھەلەرنى تېلېگراف سىستېمىسى بىلەن تەمىنلىگەن. خەلقئارا سوتنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى توغرىسىدىكى خىتاينىڭ ئاتالمىش تارىخىي ئاساسقا ئىگە «ئىگىلىك ھوقۇقى»نى قانۇنسىز دەپ رەت قىلغان قارارىغا زىت ھالدا، خىتاي بۇ دېڭىزنىڭ توقسان پىرسەنتىنى كونترول قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. خىتاينىڭ تور ھۇجۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەكشۈرگەندە، ھۇجۇم مەنبەسى «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى»نىڭ شاڭخەيدىكى **IP** ئادرېسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. **2014**-يىلى **5** - ئايدا پېنسىلۋانىيەدىكى ئامېرىكا شىركەتلىرىگە خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سېپىق نامى پۈر كەتكەن **61398** – قىسىممۇ مەزكۇر شەھەرگە جايلاشقان. بۇنىڭدىن سىرت، **2017**-يىلى نويابىردا رۇسىيەنىڭ **TransTeleCom** شىركىتى ئىككىنچى

ئۇلانما بىلەن تەمىنلەشتىن ئىلگىرى، «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى» چاۋشيەننىڭ بىردىنبىر تور مۇلازىمىتى تەمىنلىگۈچىسى ئىدى.

روبىنسوننىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئېنىقلىغان يەنە بىر مىسال «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى» دەپ تونۇلغان «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى»دۇر. خىتاينىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى بۇ كارخانا **2000**-يىلى **6**-ئايدا نيۇيورك ئاكسىيە بىرژىسى (**NYSE**) ۋە خوڭكوڭ ئاكسىيە بىرژىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئاشكارا پاي تارقىتىپ، **5** مىليارد **700** مىليون دوللار مەبلەغ توپلىغان. ئۇنىڭ نەچچە يۈز مىليون دوللارلىق پېيى ئامېرىكا دۆلەتلىك ياشانغاندا كۈتۈش فوندىنىڭ ئىلكىدە.

بۇ شىركەتنىڭ پائالىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى» خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئوپتىك كابېل، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئاساسىي سىستېما ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىگەن، شۇنداقلا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خەۋەرلىشىش مەشىقىگە ياردەم بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ شىركەت جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تالاش - تارتىشتىكى پاراسېل (**Paracel**) ۋە سپىراتلى (**Spratly**) تاقىم ئارالّلىرىدىكى ئەسلىھەلەرنى تېلېگراف سىستېمىسى بىلەن تەمىنلىگەن. خەلقئارا سوتنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى توغرىسىدىكى خىتاينىڭ ئاتالمىش تارىخىي ئاساسقا ئىگە «ئىگىلىك هوقۇقى»نى قانۇنسىز دەپ رەت قىلغان قارارىغا زىت هالدا، خىتاي بۇ دېڭىزنىڭ توقسان پىرسەنتىنى كونترول قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. خىتاينىڭ تور هۇجۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەكشۈرگەندە، هۇجۇم مەنبەسى «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى»نىڭ شاڭخەيدىكى **IP** ئادرېسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. **2014**-يىلى **5** - ئايدا پېنسىلۋانىيەدىكى ئامېرىكا شىركەتلىرىگە خاككېرلىق هۇجۇمى قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن **61398** – قىسىمىمۇ مەزكۇر شەهەرگە جايلاشقان. بۇنىڭدىن سىرت، **2017**-يىلى نويابىردا رۇسىيەنىڭ **TransTeleCom** شىركىتى ئىككىنچى ئۇلانما بىلەن تەمىنلەشتىن ئىلگىرى، «خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى» چاۋشيەننىڭ بىردىنبىر تور مۇلازىمىتى تەمىنلىگۈچىسى ئىدى.

نۆۋەتتە، ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا كاپىتال بازىرىغا كىرگەن خىتاي شىركەتلىرىگە قارىتا دۆلەت بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىشقا هوقۇق بەرگەن مېخانىزمى يوق، هازىر بار بولغان رەزىل شىركەتلەرنى نەزەردە تۇتقاندىمۇ، مۇشۇنداق بىر مېخانىزمغا جىددىي ئېهتىياجىمىز بار ئىدى. ئامېرىكا ئاكسىيە سودا كومىتېتى خىتاينىڭ هەربىي ۋە ئىستىخبارات تارماقلىرى بىلەن باغلىنىشلىق، شۇنداقلا كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكى دېگەندەك ئامېرىكا مەنپەئەتىگە زىيانلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىتاي شىركەتلىرىگە ئالاقىدار مەبلەغ سالغۇچىلار خەۋپىنى باهالاشنىڭ بىر قىسمى بولغان مۇشۇ خىل تەكشۈرۈشلەرگە مەسئۇل ئورگاندۇر. روبىنسون ئامېرىكا ئاكسىيە سودا كومىتېتىنىڭ هازىرقى يەرشارى بىخەتەرلىك خەۋپى ئىشخانىسىنى قايتا تەشكىللەپ، ئامېرىكا بازىرىغا كىرمەكچى بولغان خىتاي ۋە رۇسىيە كارخانىلىرىغا بولغان ماتېرىيال ئاشكارىلاش تەلىپىنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇش ياكى يالغان مەلۇم قىلىش قىلمىشلىرىنى مەبلەغ سالغۇچىلارغا قارىتا «ئېغىر خەۋپ» شەكىللەندۈرگەنلىك دەپ هۆكۈم قىلىش ئامېرىكا پايچېكلىرى قوللىنالايدىغان قانۇنىي ۋاستىلەرنىڭ بىرىدۇر.

دونالد ترامپ **2016** -يىلى پرېزدېنتلىققا سايلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن، نيۇيوركتىكى ترامپ مۇنارىدا ئامېرىكانىڭ تېخنىكا ساهەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك شىركەتلەرنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. يىغىن زالىدىكى ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار ئامېرىكادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەربابلار، كىرېمنىي جىلغىسىغا هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەر - ئاياللار ئىدى. كىرېمنىي جىلغىسى سان-فىرانسىسكونىڭ تەخمىنەن **30** مىل جەنۇبىدا بولۇپ، بۇ ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋە سانائىتىنىڭ نۆۋەتتىكى مەركىزىدۇر.

بۇ (يىغىنغا قاتناشقان) چوڭ شىركەت باشلىقلىرى

ئالما شىركىتىدىكى تىم كۇك (Tim Cook)، ئامازون شىركىتىدىكى جېف بېزوس (Jeff Bezos)، (گۇگۇلنىڭ ئانا شىركىتى بولغان) ئالفابېت شىركىتىدىكى لارى پېيج (Larry Page) ۋە ئېرىك شمىت (Eric Schmidt)، تېسلا شىركىتىدىكى ئېلون ماسك (Elon Musk)، فېيسبۇك شىركىتىدىكى شېرىل ساندبېرگ (Sheryl Sandberg) ۋە مىكروسوفت شىركىتىدىكى ساتيا نادېللا (Satya Nadella) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

يىغىن توغرىسىدىكى خەۋەرلەردە ئون نەچچە نەپەر تېخنىكا رەھبىرى ئارىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ھېچقانچە ئۇچۇر بېرىلمىدى. ئىشىكلەر دۇم تاقالغاندىن كېيىن، مەزكۇر شىركەت مەسئۇللىرى ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇھىم مەسىلە، يەنى خىتاينىڭ ئامېرىكا تېخنىكىسىنى ئوغرىلىشى توغرىسىدا ترامپقا ئېغىز ئاچقان. پەن - تېخنىكا ساھەسىنىڭ بۇ ماگناتلىرى بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، گەرچە ئۆز شىركەتلىرىنىڭ خىتايدا سودا قىلىشقا ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئەمما بېيجىڭدىكى خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيىتىنىڭ سىستېمىلىق زەربىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق شىكايەتلىرىدىن بىرى، خىتاينىڭ چەتئەل شىركەتلىرىدىن بەزى يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئەسلى كودىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇۋاپىق شىركەت ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىدىغان بەلگىلىمىلىرى ئىدى. ئەگەر (خىتاينىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە) مەزكۇر ئۇچۇرلار خىتايغا بېرىلسە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن كارغا كېلەتتى.

ئامېرىكادىكى 500 كۈچلۈك شىركەتنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، خىتاينىڭ ئەسلى كودنى تەلەپ قىلىدىغان بەلگىلىمىسى مەۋجۇت ۋەزىيەتنى تامامەن ئېگىز - پەس قىلىۋېتىدىغان ئامىل ئىكەن، يەنە كېلىپ مەزكۇر بەلگىلىمە مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، خىتاي بۇ بەلگىلىمىنى (ئۆزى تېخنىكىلىرىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان شىركەتلەرگە قارىتا) تاللاپ ئىشلىتەلەيدىكەن. «ئەگەر بۇ بەلگىلىمە ھەممە شىركەتكە قارىتا قارىتىلغان ئىجرا قىلىنغان بولسا، ھېچقانداق چەتئەل شىركىتى خىتايدا سودا قىلالمايتتى» دېدى ئۇ.

شۇ يىلى 12-ئايدىكى ترامپ بىلەن بولغان كۆرۈشۈش ئامېرىكا ئۈچۈن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان، خىتايغا قارىتىلغان يېڭى سىياسەتنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قىرىق يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، تۇنجى قېتىم خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قاراتقان تىنىمسىز ئىقتىسادىي جېڭىگە قايتۇرما زەربە بېرىۋاتاتتى.

بۇ خىل ئۇرۇشنىڭ دائىرىسى تۇنجى قېتىم 1999-يىلى خىتاي ھەربىيلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئابىدە خاراكتېرلىك كىتابتا بايان قىلىنغان. پولكوۋنىك چياۋ لياڭ (Qiao Liang) ۋە پولكوۋنىك ۋاڭ شياڭسۇي (Wang Xiangsui) ئىككەيلەن «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ئىسىملىك بىر كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ كىتابتا خىتاينىڭ يەر شارىغا خوجا بولۇش پىلانى ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئىككى نەپەر نىسبەتەن ياش ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسېرى ئۆزلىرىنىڭ پېشقەدەم گېنېراللىرى ۋە ئادمىراللىرىغا ئوخشاش ئامېرىكانىڭ 1991-يىلى سادام ھۈسەيىنگە قارشى ئۇرۇشىدىن ھاڭ - تاڭ قالغان ۋە (شۇنىڭ تۈرتكىسىدە) پۈتۈنلەي يېڭىچە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى لايىھەلەپ چىققان. بۇ پولكوۋنىكلار ھەربىي ئىشلاردا ئىنقىلاب پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىلاندا خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنىكا ۋە ئىستىخباراتقا تايانغان ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقى تونۇپ يېتىلگەن.

چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭخۇي يېڭى ۋە رادىكال ئۇرۇش شەكلىنى ئىشلىتىپ، خىتاينىڭ تېخنىكا جەھەتتە نىسبەتەن ئارقىدا قالغان قوشۇنىنىڭ قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى - ئامېرىكاغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1999-يىلى 2-ئايدا، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتابتا، خىتاينىڭ 21-ئەسىردە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەم ھەربىي، ھەم غەيرىي ھەربىي ئۇرۇشلارنى ھەر خىل شەكىلدە بىرلەشتۈرۈشى، يەنى چەك - چېگراسىز ئۇرۇش قىلىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان. ھەتتا ئەگەر غەلىبە قىلىش ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش تېرورلۇق قىلىشنى تەقەززا قىلسا، تېرورلۇق قىلىش-

تىنمۇ ياناماسلىق تەشەببۇس قىلىنغان. بۇ كىتاب نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، چياۋ لياڭ دۆلەت قارمىقىدىكى مەلۇم بىر گېزىتكە «چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى قائىدىسى <قائىدە يوق>لۇقتۇر. (بۇ ئۇرۇشتا) ھېچقانداق نەرسە چەكلەنمەيدۇ (يەنى ۋاستە تاللانمايدۇ)» دېگەنىدى.

پولكوۋنىكلار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ئامېرىكا ۋە باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەر قائىدىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن چەكسىز ئۇرۇش مېتودىنى قوللانمايدۇ» دېگەن. ئەمما، خىتاي قائىدىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يوچۇقلاردىن پايدىلىنىشقا ھازىر. پولكوۋنىكلار 1991-يىلدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاز تالاپەت بىلەن، ئىراق دىكتاتورى سادام ھۈسەيىننىڭ كۈۋەيتنى ئىشغال قىلىۋالغان ئارمىيەسىنى 42 كۈن ئىچىدە (كۈۋەيتتىن) قوغلاپ چىقارغانلىقىنى «دۇنيانى ئۆزگەرتكەن ئۇرۇش» دەپ باھالىدى.

شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان، خىتاينىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇش قىلىش سۈرئىتى تېزلەشتى ۋە داۋاملىق تۈردە ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىنى ئاساس قىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، (خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى) بۇ توقۇنۇش بىر تەرەپلىمە ئۇرۇش بولۇپ، ئامېرىكادىن قايتۇرما ھۇجۇم يوق دېيەرلىك بولدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى (خىتاي سادىر قىلغان) «ئامېرىكا تارىخىدىكى ئامېرىكا بايلىقىنى ئەڭ زور مىقداردا بۇلاش» دەپ ئاتالغان قىلمىشقا قارىتا، ھېچقانچە تەدبىر قوللانمىدى.

2016-يىلى ترامپنىڭ سايلىنىشى بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى ۋە ئامېرىكا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ترامپنىڭ سايلام ئىستراتېگىيەچىسى ۋە ئۇنىڭ پرېزىدېنتلىقىنىڭ بىرىنچى يىلىدىكى ئىستراتېگىيە مەسلىھەتچىسى ستىۋ باننون (Steve Bannon) مۇنداق دەيدۇ: «ترامپ ۋە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى سايلام رىقابىتى جەريانىدىلا قارار چىقىرىپ، خىتاينىڭ تەھدىتىگە قارشى تۇرۇشنىڭ پرېزىدېنت ئۈچۈن ئۈچ مۇھىم ئىشنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان ئىككىسى كەڭ كۆلەملىك قانۇنسىز كۆچمەنلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە چاۋشىيەننىڭ كۇنسېرى كۈچىيىۋاتقان يادرو خەۋپىگە تاقابىل تۇرۇشتۇر».

باننون ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئاقسارايدا مەسلىھەتچىلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، شۇنداقلا بۇ مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى 2017-يىلىنىڭ بېشىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قاراتقان يېڭى سىياسىتىنى بەلگىلىدى. بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىدا «ۋال كوچىسى گېزىتى»نىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق سابىق مۇخبىرى مات پوتتىنگېر (Matt Pottinger)مۇ بار ئىدى. مات پوتتىنگېر ھەربىيلىككە قاتناشقان ۋە خىتاي مەسىلىسىدىكى ھەربىي ئىستىخبارات مۇتەخەسسىسىگە ئايلانغانىدى. خىتايچىنى پىششىق بىلىدىغان پوتتىنگېر خىتايدا يەتتە يىل تۇرۇپ، كوممۇنىستىك تۈزۈلمىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇ بىر قېتىم چىرىكلىك مەسىلىسى توغرىسىدا مەلۇم بىر خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى زىيارەت قىلىۋاتقاندا، بىر خىتاي لۈكچەكنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ئۇ ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش ئورۇنلاشتۇرمىسى جەريانىدا، ترامپنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال پولكوۋنىكى مايكول ت فلىن (Michael T. Flynn) بىلەن كۆرۈشكەن. پوتتىنگېر دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ ئاسىيا رايونىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىرېكتورىغا ۋە ترامپنىڭ يېڭى خىتاي سىياسىتىنى تۈزۈشتىكى مۇھىم شەخسكە ئايلانغان. بۇ سىياسەتلەرنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشىغا ترامپنىڭ (پرېزىدېنت بولۇشتىن ئىلگىرىكى) سودا ئارقا كۆرۈنۈشى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ترامپنىڭ خىتاي سىياسىتىدىكى ئۆزگىچىلىك شۇكى، ئۇ «ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك» ئۇقۇمىنى تۇنجى قېتىم ئامېرىكانىڭ ئومۇمىي دۆلەت بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە باغلىدى. پوتتىنگېر بىلەن بىللە، رېگان ھۆكۈمىتى مەزگىلىدىكى

مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسى، ۋاشىڭتون ئاقىللار ئامبىرى ۋە سىياسەت سەھنىسىدە ئۇزۇن مۇددەت پائالىيەت قىلغان مايكېل پىلىزبېرىي ((Michael Pillsbury 1990-يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى خىتاينىڭ ھەربىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ خىتايغا بولغان پوتكۇل كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مايكېل پىلىزبېرىي تەرجىمە قىلغان خىتاينىڭ ھەربىي ئەسەرلىرى نەتىجىسىدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئاشكارا سورۇنلاردا تەكرارلىنىپ يۈرگەن «خىتاي تەھدىت ئەمەس ۋە ھېچقانداق كېڭەيمىچىلىك غەرىزى يوق» دېگەن گەپلەرنىڭ يالغانچىلىق ئىكەنلىكى؛ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىچكى ئەسەرلىرىدە، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنىڭ بارلىق ئامالLAR بىلەن يوقىتىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق دۈشمەن دەپ كۆرسىتىلگەنلىكى ئاشكارىلاندى.

خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئۈچىنچى ئەمەلدار، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىرۋىن شۆبىسىنىڭ پروفېسسورى ۋە ئىقتىسادشۇناس پېتېر ناۋاررو (Peter Navarro) بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاشىڭتوندا ئانچە كۆپ تەجرىبىسى يوق ئىدى. ناۋاررو 2016-يىلى بېيجىڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سودا تەھدىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن، كېيىن كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن كىتابى «خىتايدىن كەلگەن ئۆلۈم» ناملىق كىتابى سەۋەبلىك ترامپنىڭ پرېزىدېنت سايلىمى پائالىيەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ناۋاررو ئاقسارايدىكى يېڭى ھۆكۈمەتكە پرېزىدېنتنىڭ ياردەمچىسى ۋە سودا - سانائەت سىياسىتى مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

دەسلەپكى پىلاندا ناۋارروغا ئاقسارايدا ۋە مەمۇرىي ئورگانلاردا كەڭ ھوقۇق بېرىش تەشەببۇس قىلىنغانىدى. ئەمما، خىتايپەرەس ئەمەلدارلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىپ، بيۇروكراتلىق بىلەن ئۇنى سىقىپ چىقارغان بولسا، ئارقىدىن ئۇنى غەربىي قانات بىلەن قوشنا بولغان ئېيزىنخاۋېر ئىجرائىيە بىناسىدىكى ئىشخانىغا يۆتكەش ئارقىلىق ئاقسارايدىن يىراقلاشتۇردى.

خىتاي سىياسىتىگە ئائىت دەسلەپكى جەڭلەردە باننون گۇرۇپپىسىدىكىلەر نوپۇزلۇق بىر قانچە سىياسەتۋاز بىلەن تىركىشىپ قالدى. بۇ سىياسەتۋازلارنىڭ ئىچىدە خىتاينى قوللايدىغان گولدمان ساكىس مەبلەغ سېلىش بانكىسىدىكى گارى كوھن (Gary Cohn)مۇ بار بولۇپ، ئۇ 2017-يىلىدىن 2018-يىلىغىچە دۆلەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئاقساراي مۇدىرى بولغان. كوھن ترامپنىڭ كۈيئوغلى جېيرېد كۇشنېر (Jared Kushner) ۋە قىزى ئىۋانكا ترامپ (Ivanka Trump) بىلەن بىرلىكتە ئاقسارايىنىڭ ۋال كوچىسى قانىتىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. خىتاينى تەھدىت دەپ قارىمايدىغان بۇ مەسلىھەتچىلەر توپى ھۆكۈمەت ئىچىدە «خىتاينىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا تارتىۋالغان خىزمەتلىرى ئامېرىكالىقلار قىلىشنى خالىمىغان خىزمەتلەردۇر، شۇڭا خىتاي بىلەن بولغان سودا ۋە تىجارەت ئالاقىسى ئۆتكەن 30 يىلدىكىگە ئوخشاشلا داۋاملىشىۋېرىشى كېرەك» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. كوھندىن كېيىن، مالىيە مىنىستىرى ستېۋېن منۇشىن (Steven Mnuchin) ۋال كوچىسىدىكى خىتايپەرەسلەرنىڭ (ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى) ئاۋازىغا ئايلاندى. منۇشىن سابىق مالىيە مىنىستىرى، گولدمان ساكىس بانكىسىنىڭ سابىق رەئىسى ۋە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ھېنرى پاۋلسون (Henry Paulson)نىڭ يېقىن سەپدىشىدۇر. ئاقسارايدىكى خىتايغا قارشى قاتتىق قوللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى پرېزىدېنت ترامپتۇر. ترامپ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىگە، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەھدىتىنىڭ ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلەرنىڭ بىرى بولۇشى كېرەكلىكىنى قاتتىق جېكىلىگەن.

ترامپنىڭ سايلامدىكى غەلىبىسىنىڭ ئاساسچىلى-رىنىڭ بىرى بولغان باننوننىڭ قارىشىچە، پرېزىدېنت خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئۆرۈشى ئۈچۈن خىتايغا قارشى چىققان تۇنجى خەلقئارالىق رەھبەردۇر. «ترامپنىڭ دېگىنى ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك بىلەن ھەربىي بىخەتەرلىكنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈلۈشىدۇر. بۇ دونالد ترامپنىڭ ئىنقىلابىدۇر» دېدى باننون. باننونغا نىسبەتەن، (ترامپ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن) خىتايغا قوللىنىلغان

يېڭى مېتود سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە رېگان رەزىل سوۋېت ئىمپېرىيىسىگە قاراتقان ئىستراتېگىيەنى قوللىنىشتۇر. رېگان 1988-يىلى موسكۋادىكى باشلىقلار يىغىنىدا: «مېنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئىستراتېگىيەم شۇدۇر: بىز يېڭىمىز، ئۇلار يېڭىلىدۇ» دېگەنىدى.

ترامپنىڭ خىتايغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى: دۇنيادىكى تاۋار ۋە مۇلازىمەت تەمىنلەش زەنجىرىنى شەرقىي ئاسىيادىن دېموكراتىك سانائەت دۆلەتلىرىگە يۆتكەپ، شىمالىي ئامېرىكانى، يەنى ئامېرىكا، كانادا ۋە مېكسىكىنى (دۇنيانىڭ) ئاساسلىق تەمىنلەش زەنجىرى بازىسىغا ئايلاندۇرۇشتۇر.

بانون خىتاينىڭ ئامېرىكا دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلەشمەكچىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ.

بانون ماڭا «خىتاي بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ چوڭ دۈشمەندۇر. (خىتاينىڭ قىلىۋاتقىنى) ئۇچۇر ئۇرۇشى، تور ئۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئۇرۇشتۇر» دېدى. بانون يەنە مۇنداق دېدى: ئىقتىسادىي تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خىتاي 2008-يىلىدىن 2018-يىلىغىچە بوئىن ۋە ئالما قاتارلىق ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن قىممىتى 3 تىرىليون دوللاردىن ئاشىدىغان تېخنىكىلارنى ئوغرىلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ تور ھۇجۇمى ۋە تور ئىقتىسادىي جاسۇسلۇقى ئارقىلىق يەنە 3 تىرىليون دوللارلىق ئامېرىكا تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلىغان. بۇ تەھدىتنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئامېرىكالىقلار خىتاينىڭ قايسى تەرزدە «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى كېرەك.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ پولكوۋنىكلىرى كىتابىدا خىتاينىڭ كېيىنكى يىللاردا يولغا قويۇلىدىغان ئىستراتېگىيىسىنى بايان قىلغان. «ۋاستە تاللانمايدىغان» ئۇرۇش دېگىنىمىز، دۈشمەننى خىتاينىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن، ھەربىي ۋە غەيرىي ھەربىي، ئەجەللىك ۋە ئەجەللىك بولمىغان ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. خىتاينىڭ بۇ خىل يېڭى، غەيرىي سىممېترىك ئۇرۇش مېتودى تولىمۇ ئاشقۇن بولۇپ، بۇ مېتودتا تېرورلۇق قىلىش، ھەتتا (زۆرۈر تېپىلغاندا) «ئېكولوگىيىلىك ئۇرۇش» قوزغاش تەرغىب قىلىنىدۇ. خىتاينىڭ باشقا ئاشقۇن ئۇرۇش ئىستراتېگىيىلىرى ئىچىدە خاتا ئۇچۇر تارقىتىپ، دۈشمەننى قورقۇتۇش ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش؛ بازارنى قالايمىقانلاش-تۇرۇۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئەتكەسچىلىك ئۇرۇشى قاتارلىقلار بار. (بۇنىڭدىن سىرت) خىتايدىكى دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ قاتتىق كونترول قىلىنىپ، تورغا بولغان كونتروللۇقنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى بىلەن، تاراتقۇ ئۇرۇشى ئاللىقاچان خىتاينىڭ ئالاھىدە ھۇنىرىگە ئايلاندى. تاراتقۇ جېڭى جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى كۆرۈپ، نېمىلەرنى ئاڭلىشىنى كونترول قىلىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك ئۇرۇشىدا دۈشمەنلەرگە قارشى قانۇنسىز دورىلار ئىشلىتىلىدۇ - خىروئىن قوشۇلغان ۋە مىڭلىغان ئامېرىكالىقلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقان خىتاينىڭ ئەپيۇن تۈرىدىكى فېنتانىل دورىلىرىدا بۇ ئەھۋال كۆپ كۆرۈلىدۇ. 2017-يىلى، تەخمىنەن 75 مىڭ ئامېرىكالىق ئەپيۇن سەۋەبىدىن ئۆلگەن بولۇپ، بۇ ۋېتنام ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن كۆپ.

خىتاينىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇشىدا «تور ئۇرۇشى»، يەنى ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان، يوشۇرۇن ئۇچۇر ۋە تور ھۇجۇمى قوزغاش تەرغىب قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، مونوپوللۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، سىرتنى ئارىلاشتۇرمىغان ئاساستا، خىتاينىڭ ئۆلچەم بېكىتىشىگە شارائىت ھازىرلايدىغان تېخنىكا ئۇرۇشى مېتودىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا. يەنە بىر خىل مېتود توقۇلما ئۇرۇش ياكى ئىستراتېگىيىلىك كۆز بويامچىلىقنى سىستېمىلىق ئىشلىتىش دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ دۈشمەننى ئالداش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بەزى ھادىسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەبىئىي بايلىق جېڭىمۇ بار، بۇنى خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمچى-

لىقتا ئىشلىتىلىدىغان، دۇنيادىكى كەم ئۇچرايدىغان سىرەك تۇپا ماددىلىرىغا ئېرىشىشنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكانى ۋەيران قىلماقچى بولغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ئىقتىسادىي ياردەم جېڭى ئۇستىدىمۇ ئىزدىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل تاكتىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، خىتاي (ياردەمگە ئېرىشكەن باشقا دۆلەتلەرگە) مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان دىپلوماتىك دۆلەتتەك خاتا تەسىر بېرىدۇ. خىتاينىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى خىتاي كوممۇنىزمىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يوشۇرۇن قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىشى كۈلتۈر ئۇرۇشىدۇر. ئامېرىكادا يۈزدىن ئارتۇق كۇڭزى ئىنستىتۇتى بار، ئۇلار كۈلتۈرەل ماركسىزمنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، بۇ يۈزلىنىش نۇرغۇنلىغان ياش ئامېرىكالىقلارنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان مايىللىقىنىڭ ئېشىشىغا سەۋەب بولغان. خىتاي يەنە «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ تەبىرى بويىچە «خەلقئارالىق قانۇن ئۇرۇشى» قوزغاپ، مۆرىتى كەلگەندە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىگە پايدىلىق بەلگىلىمىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خىتاي بۇ تاكتىكىنى ئىشلىتىپ، 5G تېلېگراف تورى جەھەتتە ئۆزىنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمىنى خەلقئارادا قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى. خىتاينىڭ ئۆلچىمى قوللىنىلغاندىن كېيىن، خىتاي خۇاۋېي قاتارلىق تېلېگراف ماگناتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ مۇھىم ساھەنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ.

تېخىمۇ ئەنئەنىۋى ئۇرۇش شەكىللىرى يادرو، دىپلوماتىيە، بىئو-خىمىيە، ئىستىخبارات، ئالەم بوشلۇقى، ئېلېكترون ۋە خىتاي ماھىر بولغان ئىدىيە ئۇرۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پولكوۋنىكلار كىتابىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىقى ھەر خىل جەڭ مېتودلىرىنى يۇقىرىدىكى باشقا جەڭ مېتودلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تامامەن يېڭى جەڭ مېتودىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ». ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيىلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش تۈرلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان سىنارىيەلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆلگۈرگەن.

«بىر دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىكىنى قوغدىغاندا، پۇل مۇئامىلە ھايانكەشلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە بولامدۇ؟ مەخسۇس مەبلەغ تەسىس قىلىپ، سالاچىلىق ئارقىلىق باشقا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى ۋە قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىغا تېخىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتىشكە بولامدۇ؟ پاي چېكىنى سېتىۋېلىش ياكى تىزگىنلەش ئارقىلىق باشقا دۆلەتنىڭ گېزىت - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى تاراتقۇ ئۇرۇشىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرغىلى بولامدۇ؟» (5).

خىتاي بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلى-تىۋاتىدۇ. خىتاي ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغان ئۇرۇش شەكلى پۇل مۇئامىلە ۋە سودا ئۇرۇشىدۇر. («چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورلىرى) چىياۋ بىلەن ۋاڭغا نىسبەتەن بۇلار چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەكىللىرىدۇر. ئۇلار خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كۆپىنچە ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش، ئامېرىكا بىلەن ھەربىي جەھەتتە بىۋاستە توقۇنۇشۇشنىڭ ئۆلۈۋالغانلىققا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. ھېچ بولمىغاندا 2000-يىلىدىن 2030-يىلىغىچە ياكى 2040-يىلىغىچە بولغان نەچچە ئون يىلدا ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. (ئەمما، خىتاينىڭ پىلانىغا كۆرە، شۇ ۋاقىتقىچە ئامېرىكا بىلەن روبىرو تۇتۇشماي) داۋاملىق چەكلىمىسىز ئۇرۇش ئارقىلىق ئامېرىكانى ئاجىزلاشتۇرغان تەقدىردە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتى ھېچ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كوممۇنىزم ئەندىزىسىنى دۇنيا مىقياسىغا كېڭەيتىدۇ.

خىتاي (ئامېرىكا بىلەن) غەيرىي ھەربىي ئۇرۇش قىلىشقا موھتاج. شۇنىڭدەك، سودا ئۇرۇشى ئامېرىكانىڭ كۈچىنىڭ ئاساسىنى، يەنى ئامېرىكا

ئىقتىسادىنى زەربىگە ئۇچرىتىدۇ. بۇ ئىككى پولكوۋنىك ئامېرىكانىڭ سودا ئۇرۇشىنى ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ، 90-يىللاردا سادام ھۈسەيىننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئىراققا يۈرگۈزۈلگەن ئېمبارگونى تىلغا ئالغان. چياۋ بىلەن ۋاڭ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سودا قورۇقى، ئېمبارگو، ھالقىلىق تېخنىكىلارغا قويۇلغان چەكلىمىلەر ۋە سودا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش <ھەربىي ھەرىكەتكە ئوخشاش بۇزغۇنچى تەسىر پەيدا قىلالايدۇ>».

كېيىنكى قەدەمدە، خىتاي پولكوۋنىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ گېپى بويىچە غەرب دۆلەتلىرى شەرقىي جەنۇب ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 1997-يىلىدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پۇل مۇئامىلە جېڭىنى تىلغا ئالغان. «بۇ خەلقئارالىق كۆچمە كاپىتال ساھىبلىرى بىر قوللۇق پىلانلىغان ۋە قوزغىغان تۇيۇقسىز پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىدۇر. بۇ ئۇرۇش شۇنىڭ ئالدىدىلا (شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى) <كىچىك يولۋاس> ۋە <كىچىك ئەجدىھا> دەپ تەرىپلەنگەن دۆلەتلەرنى ئارقىمۇ ئارقا يەر چىشلەتتى».

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى پەيدا قىلغان) ئۆزلۈكسىز مالىمانچىلىقتىن كېلىپ چىققان تالاپەت رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇشتىن كېلىپ چىققان زىياندىن قېلىشمايدۇ، ئۇ تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي ئورگانىزمغا ئېلىپ كەلگەن زىيان ھەتتا رايون ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياندىنمۇ ئېشىپ كەتتى». چياۋ ۋە ۋاڭغا كۆرە (5):

«شۇ ۋەجىدىن، پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى غەيرىي ھەربىي ئۇرۇشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا گەرچە قان تۆكۈلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ قانلىق ئۇرۇشقا ئوخشاشلا ۋەيران قىلغۇچتۇر. پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى ھازىر رەسمىي ھالدا ئۇرۇشنىڭ مەركىزىي سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى، بۇ سەھنە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەسكەر ۋە قوراللار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، ھەممە يەر قان ۋە ئۆلۈم پۇراپلا تۇراتتى. ئىشىنىمىزكى، ئۇزۇن ئۆتمەي، <پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى> ئاتالغۇسى تۇرلۇك رەسمىي ھەربىي ئاتالغۇ لۇغەتلىرىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەر 21-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 20-ئەسىردىكى ئۇرۇش ھەققىدىكى تارىخ كىتابلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى دېگەن بۆلەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ. تارىخ كىتابىنىڭ بۇ بۆلۈمىدىكى ئاساسلىق باش پېرسوناژ دۆلەت ئەربابى ياكى ھەربىي ئىستراتېگىيەچى ئەمەس، بەلكى [سىياسىي پائالىيەتچى ۋە مىلياردىر مەبلەغ سالغۇچى] جورج سوروس (George Soros) بولىدۇ».

بۇ ئىككى پولكوۋنىك يەنە ئۆزلىرىنىڭ تەبىرىدىكى، مورگان ستەنلېي (Morgan Stanley) ۋە مۇدى (Moody) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «چوڭ-كىچىك ھايانكەشلەر توپى»نى تىلغا ئالغان. بۇلار دۈشمەن پۇل مۇئامىلە ئۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ «ھۇجۇم نىشانى» ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان كرېدىت دەرىجىسىنى باھالاش دوكلاتى بىلەن مەشھۇردۇر. 2011-يىلىدىن 2017-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتاينىڭ تور بىخەتەرلىك شىركىتى بولغان «گۇاڭجۇ بويۇ ئۇچۇر تېخنىكا چەكلىك شىركىتى» (Boyusec) مۇدى شىركىتىنىڭ ئانالىز سانلىق مەلۇماتلىرىغا خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلغاندا، خىتاي يۇقىرىقى ئىككى شىركەتنىڭ بىرى بولغان مۇدىغا قايتۇرما زەربە بەرگەنىدى. «گۇاڭجۇ بويۇ ئۇچۇر تېخنىكا چەكلىك شىركىتى» خىتاينىڭ گۇاڭجۇ شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى بۇ شىركەتنى خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق دەپ قارايدۇ.

ئەدلىيە تارماقلىرى 2017-يىلى نويابىردا، «گۇاڭجۇ بويۇ ئۇچۇر تېخنىكا چەكلىك شىركىتى»نىڭ ۋۇ يىڭجوۋ (Wu Yingzhuo)، دوڭ خاۋ (Dong Hao) ۋە شيا لېي (Xia Lei)دىن ئىبارەت ئۈچ خاككېرىنى مۇدى شىركىتىنىڭ، شۇنداقلا سىمېنس (Siemens) ۋە چىرىمبول (Trimble) قاتارلىق باشقا ئىككى شىركەتنىڭ ئانالىز سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئوغرىلاش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىگەن. خاككېرلار «مەخپىي سودا ئۇچۇرلىرىنى ئوغرىلاش ئۇچۇن، ئامېرىكادا تىجارەت قىلىۋاتقان كارخانىلارغا، ماسلاشتۇرۇلغان ۋە قاراتمىلىقتا ئىگە تور ھۇجۇمى قوزغىدى» دېدى. پېنسىلۋانىيە شتاتىنىڭ غەربىي رايونىنىڭ

مۇۋەققەت باش تەپتىشى سۇ سوڭ (Soo C. Song) ئەيىبنامىنى ئېلان قىلغاندا (6).

خىتاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى يېڭى ئىستراتېگىيىلىك ئۇرۇشتۇر. چياۋ بىلەن ۋاڭ كىتابىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكىدەك، يادرو قوراللىرى كۈندىن كۈنگە ئەمەلىي مەشغۇلات قىممىتىنى يوقىتىپ، پەقەت باشقىلارنى قورقىتىشقىلا يارايدىغان بېزەككە ئايلىنىپ قالغان ۋەزىيەتتە، پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان <دەرىجىدىن تاشقىرى ئىستراتېگىيىلىك> قورالغا ئايلاندى. چۈنكى پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىنى تىزگىنلەش ئاسان، يوشۇرۇن ھەرىكەت قوللىنىش ئىمكانىيىتى بار، شۇنداقلا ۋەيران قىلىش كۈچى ناھايىتى زور» (7).

كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا، خىتاي پۇل كونتروللىنى ھۆججۇم قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىشى مۇمكىن. چياۋ بىلەن ۋاڭ خىتاينى قورال - ياراغ ھۆججۇمىدىن باشقا، «ئۆزىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەشكە، پۇلنىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈش ياكى چۈشۈرۈشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇشقا، شۇنداقلا جامائەت پىكرىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ۋە قائىدىلەرنى يېتەرلىك ئۆزگەرتىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، نىشانلانغان دۆلەت ياكى رايوندا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى ۋە ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي كۈچىنى ئاجىزلىتىشقا ئۈندىگەن» (8).

بۇ ئىككى پولكوۋنىكنىڭ ئېيتىشىچە، 1998 - يىلىدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى مەزگىلىدە، خىتاينىڭ ئۆز پۇلى، يەنى ئاتالمىش «خەلق پۇلى»نىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، ئامېرىكا ئىقتىسادىغا زىيان سېلىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق بولغاندا، ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى چەتئەل مەبلىغىنىڭ ئېقىشىغا تايىنىدىغان ئامېرىكا ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغان بولاتتى. ئۇلار: «بۇنداق نەتىجە ئەلۋەتتە ھەربىي زەربىنىڭكىدىن ياخشى بولغان بولاتتى» دەيدۇ (9).

خىتاي چەكلىمىسىز ئۇرۇش، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئۇرۇش يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى ئاساسلىق توقۇنۇش شەكلىگە ئايلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1980-يىللاردىكى ئاتالمىش «ئىسلاھات – ئېچىۋېتىش»تىن كېيىنكى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئۇرۇشلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ كەلدى.

بۇ جەھەتتىكى بىر تېپىك مىسال ئىقتىسادشۇناس كېۋىن فرىمان (Kevin Freeman) 2009-يىلى بەشبۇرجەكلىك بىنا ئۈچۈن ئېلىپ بارغان، 2008-يىلدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى تەكشۈرگەن تەتقىقاتىغا چېتىشلىقتۇر. شۇ قېتىملىق كرىزىستە ئامېرىكا ئىقتىسادى تەخمىنەن 50 تىرىليون دوللار زىيانغا ئۇچرىغانىدى. دوكلاتتا مۇنداق دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان: 2008-يىلىدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى سىرتقى كۈچلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، ئامېرىكا ئىقتىسادى كەلگۈسىدىمۇ ئاسانلا دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىقتىسادىي ۋە پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىنىڭ ھۆججۇمىغا ئۇچرىشى مۇمكىن. بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ دوكلاتى ئامېرىكا ھۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ 2008-يىلىدىكى كرىزىس ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىگە جەڭ ئېلان قىلدى. مەزكۇر كومىتېت شۇ قېتىملىق كرىزىسكە يۇقىرى خەۋپلىك رەنلىك قەرز بېرىش قىلمىشى ۋە دۆلەتنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى قاتارلىق ئىقتىسادىي ئامىللار سەۋەب بولغان دېگەنىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر كومىتېت بۇ كرىزىسنىڭ شەكىللىنىشىدە سىرتقى كۈچلەرنىڭ قولى بار - يوقلۇقىنى نەزەرگە ئېلىشنى رەت قىلغان ۋە شۇ قېتىم ئامېرىكا ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىۋەتكىلى تاس قالغان كرىزىسنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان.

فرىمان مۇنداق دېدى: «ئىقتىسادىي ساھە يېڭى جەڭگاھتۇر. بىز ھەر يىلى قورال سىستېمىسىغا نەچچە يۈز مىليارد دوللار خەجلەيمىز. ئەمما كرىدىت ھايانكەشلىكىنىڭ تۇغۇندى مەھسۇلاتلىرى ياكى تور ئۇرۇنۇشلىرى ئارقىلىق پۇل-مۇئامىلە بازىرىمىزغا تىرىليون دوللارلاپ زىيان سېلىۋاتقان قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەبلەغ نىسبەتەن ئاز. يەنە كېلىپ، بۇ خىل ئىقتىسادىي زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار داۋاملىق

بايقالماي كېلىۋاتىدۇ» (10).

فىرمانىنىڭ 2009 - يىلىدىكى ئىقتىسادىي ئۇرۇش ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى ئاقساراي، بەشبۇرجەكلىك بىنا ۋە مالىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن باستۇرۇپ قويۇلدى ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىندى.

خىتاي پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىدىن باشقا، ئامېرىكاغا قارشى باشقا شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ئۇرۇشلارنىمۇ قىلىۋاتىدۇ. بۇ پرېزىدېنت ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ئۇنىڭغا ئېنىق بىلدۈرۈلگەنىدى. ئاقسارايىنىڭ 2017-يىلىدىكى تۇنجى ئىشلىرىنىڭ بىرى بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى يېڭى تارماقتا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقىنى تەتقىق قىلىشنى باشلاش بۇيرۇقى چۈشۈرۈش بولغانىدى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ (تەجرىبە باسقۇچىدىكى) يېڭىلىق يارىتىش تارمىقى ((DIUx 2015-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كىرىمنىي جىلغىسىنىڭ مەركىزىدىكى كالىفورنىيەنىڭ مونتەيىن ۋىيىۋ (Mountain View) شەھىرىگە جايلاشقان. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ (تەجرىبە باسقۇچىدىكى) يېڭىلىق يارىتىش تارمىقى كىرىمنىي جىلغىسىنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكا ئەۋزەللىكىنى ساقلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ (تەجرىبە باسقۇچىدىكى) يېڭىلىق يارىتىش تارمىقى بىر يىللىق تەتقىقاتتىن كېيىن، 2017-يىلى «خىتاينىڭ تېخنىكا يۆتكەش ئىستراتېگىيىسى: خىتاينىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تېخنىكىلارغا مەبلەغ سېلىشى بۇ ئىستراتېگىيىلىك رىقابەتچى (خىتاي)نىڭ ئامېرىكانىڭ يېڭىلىق يارىتىش سەمەرىلىرىنىڭ جەۋھىرىگە ئېرىشىشىگە قانداق شارائىت ھازىرلاپ بەردى؟» ماۋزۇلۇق ئابىدە خاراكتېرلىك دوكلاتتىن بىرنى تەييارلىدى. دوكلاتتا، خىتاينىڭ ئامېرىكاغا مەبلەغ سېلىشىدا ھېچقانداق چەكلىمە يوق، شۇنداقلا خىتاي (ئامېرىكادا) ئەڭ مۇھىم بۆسۈش خاراكتېرلىك تېخنىكىلارنى ئوغرىلاۋاتىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلدى. دوكلاتتا يەنە مۇنداق دېيىلدى: «خىتاي ھازىر ئۆزىنىڭ ئالىلقاچان دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇنغا چىققان ئىقتىسادىنىڭ كۆلىمى ۋە قوشۇلما قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نەچچە ئون يىلغا سوزۇلىدىغان تېخنىكا يۆتكەش (ئوغرىلاش) پىلانىنى يولغا قويماقتا. 2050-يىلىغا بارغاندا، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ كۆلىمى ئامېرىكانىڭكىنىڭ بىر يېرىم ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىشى ۋە ئامېرىكانىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى ئېتىبارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشى مۇمكىن» (11).

خىتاي ئامېرىكا شىركەتلىرىگە مەبلەغ سېلىش ياكى پۇتۇنلەي سېتىۋېلىش ئارقىلىق ھالقىلىق تېخنىكىلارنى سېتىۋالىدۇ. بۇ «قانۇنلۇق» ۋە تەكشۈرۈلمىگەن مەبلەغدىن سىرت، خىتاي ھەريىلى ئامېرىكانىڭ تەننەرخى 200 مىليارد دوللاردىن 600 مىليارد دوللارغىچە ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنگەن ئەقلىي مۈلكىنى ئوغرىلاۋاتىدۇ. ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ئۆز دۆلەت بايلىقىنىڭ بۇ شەكىلدە تالان – تاراج قىلىنىشىدىن ئامان قالمايدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇللىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ نەچچە يۈز مىڭلىغان كەسپىي خادىملىرى قاتناشقان، كەڭ كۆلەملىك، چېكىدىن ئاشقان سانائەت جاسۇسلۇقى ۋە تور ئوغرىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، پەن-تېخنىكا، قۇرۇلۇش ۋە ماتېماتىكا كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلارنىڭ 25 پىرسەنتى خىتاي ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار خىتاينى مول كەسپىي بىلىملەر بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە. خىتاينىڭ ئوچۇق كودلۇق تەتقىقاتىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بېيجىڭ بۇ جەھەتتە خىتايدىكى (ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئوخشاش) تېخنىكا يۆتكەش ئورۇنلىرىدىن ھەدەپ پايدىلىنىۋاتىدۇ. يەنە بەزى شىركەتلەر ئامېرىكادىكى خىتاي ھۆكۈمىتى مەبلەغ سالغان جەمئىيەتلەردىن پايدىلىنىپ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى ئۆزىگە تارتماقتا. خىتاي ھەتتا ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن قانداق سودا قىلىشقا ئالاقىدار تېخنىكىلىق كەسپىي بىلىملەرنىمۇ ئوغرىلىغان.

دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «خىتاينىڭ نىشانى يەر

شارى بازىرىدىكى مۇھىم كەسپلەردە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈش، چەتئەل تېخنىكىسىغا تايىنىشنى ئازايتىش ۋە يەرلىكنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر. ئامېرىكانىڭ تېخچە خىتاينىڭ بۇ خىل كەڭ كۆلەملىك تېخنىكا يۆتكەش (ئوغرىلاپ ئەكېتىش) قىلمىشىنى توسىدىغان ئەتراپلىق سىياسىتى ياكى قورالى يوق» (12).

تەتقىقات نەتىجىسى ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ ھۇجۇمىغا قارشى مۇداپىئەسىز ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تېخنىكىلارنىڭ قانچىلىك تېز يۆتكىلىدىغانلىقى، ياكى خىتاينىڭ ئامېرىكا تېخنىكىسىغا مەبلەغ سېلىش سالمىقى، ياكى قايسى تېخنىكىلارنى قوغداش ئارقىلىق خىتاينىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىسى يوق. خىتاي پەقەت سۈنئىي ئىدراك، ماشىنا ئادەم، كۈچەيتىلگەن رېئاللىق (Augmented Reality) / مەۋھۇم رېئاللىق، شۇنداقلا بۆلەك زەنجىرى (blockchain)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇل مۇئامىلە تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئامېرىكا تېخنىكىلىرىغىلا تەخمىنەن 372 مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ (تەجرىبە باسقۇچىدىكى) يېڭىلىق يارىتىش تارمىقىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، خىتاينىڭ بەيدۇ، ئەلى بابا ۋە تېڭشۈن قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى پەن - تېخنىكا شىركەتلىرى 2010-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كىرىمنىي جىلغىسىغا زور مىقداردا مەبلەغ سالغان.

خىتاي ئامېرىكانى ئىقتىسادىي جەھەتتە مەغلۇپ قىلىشتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر قانچە پروگراممىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن چوڭ پىلان (كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان) «خىتاي ياسىمىچىلىقى 2025» بولۇپ، بۇ پىلان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سانائەت پىلانلىرىنى خىتايدىكى ئاتالمىش خۇسۇسىي گەۋدىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، 2049-يىلىغا بارغاندا خىتاينى دۇنيادىكى تەڭداشسىز ھۆكۈمران ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. «خىتاي ياسىمىچىلىقى 2025» ئۈچۈر تېخنىكىلىرىنى خىتاي سانائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىلغار ئۈچۈر تېخنىكىسى، ئاپتوماتىك ئىستانوك ۋە ماشىنا ئادەم تېخنىكىسى، ئالەم قاتنىشى ۋە ئاۋىياتسىيە ئۈسكۈنىلىرى، دېڭىز-ئوكيان ئۈسكۈنىلىرى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق سۇ تىرانسپورتى، بىيولوگىيەلىك دورا ۋە ئىلغار تىببىي مەھسۇلاتلار، شۇنداقلا يېڭى ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق مۇھىم ساھەلەردە ئالدى بىلەن تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىنى، ئاندىن بازار ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ (تەجرىبە باسقۇچىدىكى) يېڭىلىق يارىتىش تارمىقىنىڭ دوكلاتى خىتايغا قارىتىلغان كۈچلۈك ئەيىبلەش ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە قارىتىلغان (خىتايغا قارشى) قوراللىنىش چاقىرىقى ئىدى. لېكىن، بۇ دوكلاتنى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى (تەجرىبە باسقۇچىدىكى) يېڭىلىق يارىتىش تارمىقىنىڭ دوكلاتىنىڭ دەسلەپتە ئاشكارىلانغان ئارىگنالى بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ھۆكۈمەت ئىچىدىكى سىياسىي ئاكتىپورلار مەزكۇر دوكلاتتىكى خىتاينىڭ تەھدىتى ھەققىدىكى باھالارنى يۇمشىتىش مەقسىتىدە، دوكلاتنىڭ ۋەزنىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى (تەجرىبە باسقۇچىدىكى) يېڭىلىق يارىتىش تارمىقىنىڭ دوكلاتىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىدىن قارىغاندا، 2018-يىلى 1-ئايدا ئېلان قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى دوكلاتتا بىر قانچە مۇھىم بۆلەك قىسقارتىۋېتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئالاقىدار ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنى قوغداش ھەققىدىكى تەشەببۇسمۇ بار. قىسقارتىۋېتىلگەن بۆلەكلەرنىڭ ئىچىدە يەنە

كەلگۈسى نەچچە ئون يىل ئىچىدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مەنبەسى بولىدىغان، سۈنئىي ئىدراك، شوپۇرسىز ماشىنا، ئىلغار ماتېرىيال ئىلمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەلگۈسى تېخنىكىلارنى قوغداش ھەققىدىكى تەشەببۇسمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ نۆۋەتتىكى ھەربىي كۈچىگە يېتىشىۋېلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ، رېئاكتىپ موتور لايىھىلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالدىنقى قاتاردىكى نوقۇل دۆلەت مۇداپىئە تېخنىكىلىرىنى قوغداش چاقىرىقىمۇ قىسقارتىۋېتىلگەن. ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ پائال ھالدا جاسۇسلۇققا قارشى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا قارشى ئىكەنلىكى شەكسىز، چۈنكى مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىدا خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ھالقىلىق تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئامېرىكانىڭ باشلامچى شىركەتلىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ۋە تېخنىكىسىنى ئوغرىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىش تەۋسىيەسىمۇ چىقىرىۋېتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىقتىسادىي رىقابەتچىلىك سۈپىتىدە قانچىلىك ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى قەرەللىك ھالدا توپلىشى ۋە تەھلىل قىلىشى توغرىسىدىكى تەكلىپمۇ دوكلاتقا كىرگۈزۈلمىگەن.

ئاخىرقى دوكلاتتا يەنە رېگان ھۆكۈمىتى قوللانغان (ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېتقا قارشى) سىياسەتكە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم بىر بۆلەكمۇ چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ سىياسەتتە ئامېرىكانىڭ تەدبىرلىرى ۋە خەلقئارانىڭ ئۇچۇر ئېقىمىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخنىكىلارنىڭ يۆتكىلىشىنى چەكلەش مەقسەت قىلىنغانىدى. بۇ ئامېرىكا كوممۇنىست خىتاي بىلەن مۇئامىلە قىلىشىش جەريانىدىمۇ موھتاج بولىدىغان پروگراممىا ئىدى.

مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىدا چىقىرىۋېتىلگەن بىر بۆلەكتە: «بۈگۈنكى كۈندە تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى (ھۆكۈمەت تەتقىقاتىدىن ئەمەس) سودا ساھەسىدىن كېلىدىغان، شۇنداقلا بۇ تېخنىكىلارنىڭ كۆپىنچىسى (مەسىلەن سودا ۋە ھەربىي ساھەدە قوللىنىشقا بولىدىغان شوپۇرسىز ماشىنا ئىقتىدارىغا ئوخشاش) قوش ئىشلىتىشچان بولغاچقا، ئاساسەن ئىشلىتىلىش ئورنى جەھەتتىلا پەرقلىنىدىغان سودا تېخنىكىسى بىلەن ھەربىي تېخنىكىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئورنىغا، ھالقىلىق تېخنىكىلارغا مەبلەغ سېلىشنى چەكلەش ئەڭ ئېنىق ۋە ئەڭ ئاسان ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان سىياسەتتۇر» دېيىلگەن **(13)**.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى (تەجرىبە باسقۇچىدىكى) يېڭىلىق يارىتىش تارمىقىنىڭ دوكلاتىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىدە يەنە خىتاينىڭ ئامېرىكا تېخنىكىسىغا بولغان تەھدىتىنىڭ دائىرىسى ۋە خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئېنىق بېكىتىش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ بەلكىم بۇ ئىستراتېگىيىلىك ۋەيران قىلغۇچى (خىتاي) نىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دوكلاتتا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئامېرىكا ئۆز تېخنىكىسىنىڭ (خىتاي بىلەن) باراۋەر ئىشلىتىلىشىنىڭ ۋە خىتاينىڭ ناتوغرا سودا قىلمىشلىرىنىڭ تەھدىتىنى، شۇنداقلا (خىتاينىڭ) سانائەت جاسۇسلۇقى ۋە تور ئوغرىلىقىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىگە ئائىت ئىسپاتلارنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك». بۇنداق قىلغاندا، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە ئاكادېمىكلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئامېرىكا تېخنىكىسىنىڭ ئوغرىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تېخىمۇ پايدىلىق ۋەزىيەت ياراتقىلى بولاتتى.

☆ ئون بىرىنچى باب ☆

# شىركەت كوممۇنىزمى

## خۇاۋېي ۋە 5G

«بىز ھەممە يەردىكى كىشىلەرنىڭ خىتاينىڭ تەھدىتىنى تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. [خىتايلار] ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەرزان باھالىق ھەم سۈپەتى ياخشى خۇاۋېي ئۈسكۈنىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ سۈپىتى بەزىدە راستلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە ياخشى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭدا چوقۇم ئاشۇ تېخنىكىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن سىياسىي تەركىب (غەرەز) باردۇر».

- ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو، 2019 -يىلى 1-ئاي.

مېڭ ۋەنجوۇ (Meng Wanzhou)نىڭ ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. خىتاي تىنچ ئوكيان ئاۋىياتسىيەسىنىڭ خوڭكوڭدىن ئۇچقان 838-نومۇرلۇق نۆۋەتچى ئايروپىلانى، يەنى بوئىن 777 تىپلىق ئايروپىلان 2018-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەتىگەن سائەت 11:30 ئەتراپىدا ۋانكوۋېر (Vancouver) خەلقئارا ئايرودرومىغا ئوڭۇشلۇق قوندى. مېڭ ۋەنجوۋ خىتاي ھۆكۈمىتى يۆلەيدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تېلېگراف شىركىتى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مالىيە قوراللىرىدىن بىرى بولغان «خۇاۋېي تېخنىكا چەكلىك شىركىتى»نىڭ باش مالىيە ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇ ۋە ئېرىنىڭ ۋانكوۋېردا ئىككى ئۆيى بار ئىدى، بۇ ئەر - ئايال ھەر يىلى يازدا ۋانكوۋېردا ئىككى-ئۈچ ھەپتە تۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ 12-ئايدىكى بۇ زىيارىتى باشقىچە ئىدى. ئەسلىدە، مېڭ ۋەنجوۋ ۋانكوۋېردا ئون ئىككى سائەت تۇرغاندىن كېيىن، ئايروپىلان ئالمىشىپ مېكسىكا شەھىرىگە ئۇچماقچى ئىدى. شۇنداقلا بۇ ئون ئىككى سائەتتە بىرىنچى دەرىجىلىك ياتاقتا ياخشىراق ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بۇئېنۇس ئايرېس (Buenos Aires) بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى پىلانلىغانىدى.

ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مېڭ ۋەنجوۋنىڭ ئالدىدا بىر قانچە نەپەر كانادا خان جەمەتى چەۋەنداز ساقچىلىرى پەيدا بولۇپ، ئۇنى قولغا ئالدى. كانادا ساقچىلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىگە بىنائەن مېڭ ۋەنجوۋنى قولغا ئالغانىدى. ئامېرىكا خۇاۋېي شىركىتىنى ئامېرىكانىڭ ئىرانغا قاراتقان ئېمبارگوسىغا خىلاپ ھالدا، ئۆزىنىڭ (خۇاۋېينىڭ) ئىراندىكى نىقابلانغان شىركىتى ئارقىلىق قانۇنسىز ھالدا ئىرانغا نەچچە ئون مىليون دوللارلىق مەبلەغ يۆتكەشكە چېتىشلىق دەپ قاراپ، جىنايى ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈۋاتقانىدى. مېڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئاپىرىلىپ، كېيىن كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قولغا ئېلىش سەۋەبلىك، مېڭ ۋەنجوۋنىڭ ئامېرىكاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۇ يەردە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغىدى.

مېڭ ۋەنجوۋ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن ھەيران قالمىغان. چۈنكى، 2017-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ، نيۇيوركتىكى ئامېرىكا قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرى خۇاۋېي ئەمەلدارلىرىدىن خۇاۋېينىڭ ئىران بىلەن بولغان مالىيە ئىشلىرى مۇناسىۋىتى توغرىسىدا سوئال سوراشقا باشلىغان. نەتىجىدە، (خۇاۋېي شىركىتىدىكى) بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارغا ئامېرىكاغا بېرىش ياكى (ئارىلىقتا ئايروپىلان ئالمىشىش ئۈچۈن) ئامېرىكادىن ئۆتۈشتىن ساقلىنىش جېكىلەنگەن.

تەپتىش ئەمەلدارلىرى ئىلگىرى ئامېرىكادا قانۇنىي مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت ھالقىغان

بانكىسى ــ خوڭكوڭ ۋە شاڭخەي بانكچىلىق شىركىتى (HSBC) ئارقىلىق خۇاۋېينىڭ ئىران بىلەن بولغان پۇل مۇئامىلە ئالاقىسىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان.

مېڭ ۋەنجوۋنىڭ قولغا ئېلىنىشى پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زور مىقداردا مەبلەغ سېلىشى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ھەربىي ۋە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە، خۇاۋېي ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تېلېگراف شىركىتىگە ئايلاندى. بۇ شىركەت 2018-يىلى 19 مىليارد دوللار كىرىم قىلىپ، بۇنىڭدىن 7 مىليارد دوللار پايدا ئالدى. گەرچە ئامېرىكادا خۇاۋېي شىركىتىنىڭ خىتاي ئارمىيىسى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى بۇ شىركەتنىڭ بىخەتەرلىك جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلىرى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرگىز خۇسۇسىي شىركەت ئەمەسلىكىنى (بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قورالى ئىكەنلىكىنى) ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن نەچچە يىلدىن بۇيان خۇاۋېي يەنىلا ۋاشىڭتوننىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي كەلدى. ئاۋام پالاتاسى ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ 2012-يىلىدىكى تەكشۈرۈشىدە «خۇاۋېي جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتە ئامېرىكاغا تەھدىت شەكىللەندۈرگەن» دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان. ئەمما بۇ شىركەتنىڭ (بۇ جەھەتتىكى) پائالىيەتلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى تېخى ئېلان قىلىنمىغاچقا، بۇ شىركەت (ئامېرىكادا) داۋاملىق روناق تېپىۋەرگەن.

مېڭ ۋەنجوۋ 1993-يىلى خۇاۋېي شىركىتىگە كىرگەن، 1998-يىلى مەركىزىي خىتاي پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى (华中科技大学)نى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ سابىق يولدىشى شۇ ۋېنۋېي (Xu Wenwei) خۇاۋېينىڭ باش ئىستراتېگىيىلىك سېتىش ئەمەلدارى ئىدى. مېڭ ۋەنجوۋ خۇاۋېينىڭ باش مالىيە ئەمەلدارى بولغاندىن باشقا، يەنە مۇدىرىيەتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى. خىتايدىكى خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، مېڭ ۋەنجوۋنى دادىسى، خۇاۋېينىڭ رەئىسى، باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سابىق ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش مۇتەخەسسىسى رېن جېڭفېي (Ren ZhengFei) شىركەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن.

ئېنگلىزچە سابرىنا مېڭ (Sabrina Meng) ۋە كەسى مېڭ (Cathy Meng) دېگەن ئىسىملارنىمۇ ئىشلىتىدىغان مېڭ ۋەنجوۋ ئادەتتىكى خىتاي سودىگەرلەردىن ئەمەس. ئۇ خىتاي كومپارتىيەسى خان جەمەتىنىڭ، يەنى خىتاينىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى «شاھزادە - مەلىكە»لەر ــ بۇ نام خىتايدىكى ھوقۇقدار سەرخىللارنىڭ باي، ئىمتىيازلىق ئەۋلادلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ ــ گۇرۇھىنىڭ ئەزاسىدۇر. «مەلىكە مېڭ»نىڭ شىركەتتىكى «تەرەققىياتى»غا دادىسى ھەمدەم بولغان. ئۇنىڭ بوۋىسى ماۋ زېدوڭنىڭ خىتاي ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى يېقىن سەپدىشى بولۇپ، ئاخىرىدا ئۆلكە باشلىقى بولغان. خىتاي مۇتەخەسسىسى ستېۋېن موشېر (Steven Mosher) يازغاندەك: «مېڭ ۋەنجوۋ خىتايدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئىلغار يۇقىرى تېخنىكا شىركىتىنىڭ، شۇنداقلا خىتاينىڭ يەرشارىنى كونترول قىلىشتىكى چوڭ ئىستراتېگىيىسىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان شىركەتنىڭ ۋارىسىدۇر» (1).

قىزى كانادادا تۇتۇپ كېتىلگەندىن بىر نەچچە ھەپتە كېيىن، رېن جېڭفېي خۇاۋېينىڭ خىتاينىڭ شېنجېندىكى باش شتابىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ، ئۆز شىركىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە جاسۇسلۇق قىلغانلىقىنى ياكى ئۆزىنىڭ 2017-يىلىدىكى ئىستىخبارات قانۇنىغا بىنائەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون ۋە باشقا تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىدە رەقەملىك ئارقا ئىشىك ئېچىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ئىنكار قىلدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى باش شتابىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش قىسمىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئۇچۇر ئىنژېنېرلىقى ئاكادېمىيىسى، يەنى تۆتىنچى باشقارمىنىڭ سابىق ئەمەلدارى رېن جېڭفېي مۇنداق دېدى: «خىتايدىكى ھېچقانداق قانۇن خىتايدىكى ھەر قانداق بىر شىركەتتىن مەجبۇرىي ئارقا ئىشىك ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ».

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى مېڭ ۋەنجوۋنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىغا بولغان غەزىپىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، خىتايدىكى كانادالىقلارنى قولغا ئالىدىغان ۋە بىمەنە ئەيىبلەشلەر بىلەن گۆرۈگە ئالىدىغان سىستېمىلىق ھەرىكەتنى باشلىدى. بىر مەھەل، بېيجىڭ ھاكىمىيىتى ئون ئۈچ كانادالىقنى قولغا ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كانادانىڭ سابىق دىپلوماتى مايكېل كوۋرىگ **(Michael Kovrig)** ۋە چاۋشيەن بىلەن مۇناسىۋىتى بار كانادالىق سودىگەر مايكېل سپاۋور **(Michael Spavor)**مۇ بار ئىدى. خىتاي بۇ تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مېڭ ۋەنجوۋنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا قارىتىلغان ئۆچ ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، (قولغا ئېلىنغان) كانادالىقلارنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئېنىقسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. (دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئېنىقسىز ھەرىكەت دېگەن) بۇ ئىبارە خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بۇنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى دەپ قارالغان ھەر قانداق كىشىگە تەدبىقلىغىلى بولىدۇ.

نوپۇس تەتقىقات ئورنىنىڭ رەئىسى، «ئاسىيا زوراۋانى: خىتاينىڭ ئارزۇسى نېمە ئۈچۈن دۇنيا تەرتىپى ئۈچۈن يېڭى تەھدىت ھېسابلىنىدۇ؟» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى موشېر خۇاۋېي شىركىتىنىڭ مىليونلىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون ئىشلەپچىقىرىدىغان ئادەتتىكى شىركەتلەردىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «خۇاۋېي خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنىدۇر» دېدى.

خىتاي **2015**-يىلى ۋە **2017**-يىلى **6**-ئايدا يېڭى دۆلەت بىخەتەرلىك نىزامىنى ماقۇللىدى. «دۆلەت ئىستىخبارات قانۇنى» نىڭ 7-ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: بارلىق خىتاي تەشكىلاتلىرى ۋە پۇقرالىرى ئىستىسناسىز ھالدا «چوقۇم دۆلەتنىڭ ئىستىخبارات خىزمىتىنى قوللىشى، ياردەم بېرىشى ۋە ھەمكارلىشىشى ۋە ئۆزلىرى بىلگەن دۆلەت ئىستىخبارات خىزمەت مەخپىيەتلىكىنى قوغدىشى كېرەك».

بۇ ئاشكارا دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەت ياكى نامدا خۇسۇسىي شىركەت بولغان بارلىق خىتاي شىركەتلىرىدىن خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىستىخبارات تورىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى قوللىشىنى تەلەپ قىلغانلىقتۇر.

خۇاۋېي بۇ جاسۇسلۇق سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پارتىيە تەرىپىدىن «باشلامچى كارخانا» قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ مەزكۇر شىركەتنىڭ خىتاينىڭ ئومۇمىي دۆلەت ئىستراتېگىيىسىنىڭ يەرشارى تېلېگراف بازىرىدا يېتەكچى رولغا ئېرىشىشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى **(FBI)**نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جاسۇسلۇققا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىل پرىستاپ **(Bill Priestap)** **2018**-يىلى **12**-ئايدا پارلامېنتقا «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىممەت قارىشى ھۆكۈمىتىمىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، مەنچە بۇنىڭ بىر ياخشى مىسالى، ئۇلار يېقىنقى بىر قانچە يىلدا چىقارغان <تور بىخەتەرلىكى قانۇنى>دۇر، مەزكۇر قانۇن خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ھەر قانداق تېلېگراف ياكى تور شىركەتلىرىنىڭ ھەرقانداق ئىشلەتكۈچى سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىش ئىمكانىغا ئىگە قىلدى. ئۇلار بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن خالىغىنىچە پايدىلىنالايدۇ» دېدى.

«بىز شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، بۇ دېگەنلىك... خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ شىركەتلەر ئىگە بولغان ئىشلەتكۈچى سانلىق مەلۇماتلىرىنى ھەر قانداق شەكىلدە ئىشلىتەلەيدۇ. ماڭا بۇ پەۋقۇلئاددە تەشۋىشلىك ئىشتۇر» دېدى ئۇ يەنە.

دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تور ۋە ئۇل ئەسلىھە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كرىستوفىر كرېبس **(Christopher Krebs)** (خىتايدىن كېلىدىغان) خەتەرنىڭ پەقەت خۇاۋېي بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى، تەھدىت پەيدا قىلىدىغان خىتاي شىركىتىدىن يەنە بىر قانچىسى بارلىقىنى ئېيتتى. «ئېنىقكى، رىقابەت خۇاۋېي بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ يەنە خىتاي كۆچمە خەۋەرلىشىشى، خىتاي تېلېگراف شىركىتى، خىتاي بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شىركەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمى-

تىنى ئۆزى توپلىغان بارلىق سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىشى تەلەپ قىلىنغان».

نۆۋەتتە خۇاۋېي ۋە ختاينىڭ باشقا تېلېگراف شىركەتلىرى يېڭى تېخنىكا رىقابىتىنىڭ، يەنى 5G دەپ ئاتالغان يېڭى ئەۋلاد يۇقىرى سۈرئەتلىك سىمسىز ۋە سىملىق سانلىق مەلۇمات ۋە تېلېگراف ئالاقىسى تورىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە.

بۇنىڭدا يەنە ختاينىڭ يەرشارىدا ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش غەرىزىمۇ مەخپىي ئەمەس. بۇ ختاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ 2015 - يىلى 7 – ئايدىكى «ختاي ياسىمچىلىقى 2025» دوكلاتىدا ئوچۇق جاكارلانغان بولۇپ، مەزكۇر ئىستراتېگىيەدە «بىز چوقۇم تەرەققىيات قۇرۇلمىسىنى دەرھال تەڭشەپ، تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ياسىمچىلىق يېڭى ختاي ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان موتوردۇر» دېيىلگەن.

بۇ پروگراممىدا كوممۇنىست ختاينىڭ قۇرۇلغانلىقىغا يۈز يىل بولغان يىلى، يەنى 2049- يىلى ئاخىرلىشىدىغان ئۈچ باسقۇچلۇق پىلان قىسقىچە بايان قىلىنغان. (ختاينىڭ دەۋاسىچە) شۇ ۋاقىتقا بارغاندا ختاي ئىلغار تېخنىكا ۋە سانائەت سىستېمىسى بىلەن دۇنيا ئىقتىسادىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. تېلېگراف مەزكۇر ئىستراتېگىيەدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل. ختاي دۇنيا بازىرىنىڭ «كەڭ بەلباغلىق تورغا سىڭىپ كىرىشى» ئاستىدا، 2025-يىلىغا بارغاندا ئۆزىنىڭ يەر شارى بازىرىنى ئىگىلەش نىسبىتىنى (نۆۋەتتىكى) 37 پىرسەنتتىن 82 پىرسەنتكە چىقىرىشنى پىلانلىدى. مەزكۇر ئىستراتېگىيىدە كۆرسىتىلگەندەك، ختاي دۇنيانىڭ ئالاقە ۋە ئۇچۇر سىستېمىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش كويىدا.

بۇ ئىستراتېگىيىگە كۆرە، ختاي:

- يېڭى ھېسابلاش، يۇقىرى سۈرئەتلىك تور، ئىلغار ساقلاش ۋە سىستېمىلىق بىخەتەرلىك قاتارلىق يادرولۇق تېخنىكىلارغا ئىگە بولىدۇ.
- بەشىنچى ئەۋلاد كۆچمە خەۋەرلىشىش (5G)، يادرولۇق روتېر ئالماشتۇرۇش، دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەتلىك ۋە سىغىمى چوڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئوپتىكىلىق يەتكۈزۈش، شۇنداقلا كەلگۈسى تور سىستېمىسىنىڭ يادرولۇق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلمىسىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىدۇ.
- كىۋانت ھېسابلاش ۋە (سۈنئىي) نېرۋا تورىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.
- ئالىي دەرىجىلىك مۇلازىمېتىر، چوڭ سىغىملىق ساقلىغۇچ، يېڭى روتېر ئالماشتۇرغۇچ، يېڭى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال، كېيىنكى ئەۋلاد ئاساسىي پونكىت ۋە تور بىخەتەرلىكى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى تەتقىق قىلىپ، يادرولۇق خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى ۋە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خۇاۋېي ۋە ھەر بىر ختاي شىركىتى ختاي ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە ختاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقا ئورگانلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ.

موشېر مۇنداق دېدى: «خۇاۋېينىڭ ختاي كومپارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى گېرمانىيە ئالفرېيد كرۇپ (Alfried Krupp) پولات-تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى كۈنلەردىكى گېرمانىيە ناتسىست پارتىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. گېرمانىيەنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قورال-ياراغ تەمىنلىگۈچىسى بولغان مەزكۇر شىركەت ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ئاساسەن ناتسىستلارنىڭ قولىدىكى قورالغا ئايلانغانغا ئوخشاش، ختاينىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يۇقىرى پەن-تېخنىكا شىركىتى بولغان خۇاۋېيمۇ ختاي كومپارتىيەسىنىڭ كەلگۈسىدىكى دۇنيانى كونترول قىلىشنى نىشانلىغان سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى پىلانىدىكى مۇھىم ئامىلدۇر» (2).

خۇاۋېي خۇسۇسىي شىركەت ئەمەس، ھەتتا شىركەتمۇ ئەمەس، بەلكى 2019-يىلىغىچە دۇنيادىكى مىڭلىغان كىشىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالدىيالىغان، شىركەت سىياقىدىكى ئالدامچىلىق ئاپپاراتىدۇر. ختاينىڭ باشقا سۈنئىي شىركەتلىرىگە ئوخشاشلا، خۇاۋېينىڭ ھەقىقىي مەقسىتى سانائەت جاسۇسلۇقى قىلىش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئوغرىلاش ۋە ئىنسانىي ئىستىخبارات توپلاشتۇر.

2019-يىلى 1-ئايدا ئامېرىكا ئەدلىيە تارماقلىرى خۇاۋېي ۋە مېڭ ۋەنجوۋغا قارىتىلغان ئەيىبلەشلەرنى ئېلان قىلغاندا خۇاۋېينىڭ ئەپتى بەشىرىسى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاندى. خۇاۋېي تېخنىكا شىركىتى ۋە ئۇنىڭ ئىككى تارماق شىركىتى T-Mobile شىركىتىدىن ماشىنا ئادەم مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلىغان ۋە ئىران بىلەن قانۇنسىز سودا قىلغان، دەپ ئەيىبلەنگەن.

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خۇاۋېي بىلەن مېڭ ۋەنجوۋنى ئىراندىكى نىقابلانغان شىركەت — Skycom Tech چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكانىڭ تېھراندىكى شىئە هاكىمىيىتىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان ئېمبارگو قانۇنلىرىغا خىلاپ هالدا، ئىران بىلەن نەچچە ئون مىليون دوللارلىق پۇل مۇئامىلە سودىسىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەب، تۇنجى قېتىم مېڭ ۋەنجوۋنىڭ ئۈستىدىن دېلو تۇرغۇزدى.

سىئاتىل (Seattle) شەھىرىدە يەنە ئون ماددىلىق ئەيىبنامە ئېلان قىلىنىپ، خۇاۋېي شىركىتىنىڭ خۇاۋېي ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى (Huawei Device Co., Ltd) ۋە ئامېرىكا خۇاۋېي ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى (Huawei Device USA, Inc) دىن ئىبارەت ئىككى تارماق شىركىتى ئىقتىسادىي جاسۇسلۇق قىلىپ، Tappy دەپ ئاتىلىدىغان، T-Mobile تېلېفونلىرىنى سىناق قىلىدىغان ماشىنا ئادەمدىكى قوغدىلىدىغان ئۈچۈرلارنى ئوغرىلاش بىلەن ئەيىبلەنگەن. بۇ جاسۇسلۇق T-Mobile شىركىتىنىڭ ئەسلىھەلىرىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، سودا مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاشقا ئالاقىدار ئىدى.

ئەيىبنامىدە ئاشكارىلانغان جىنايى قىلمىشلار خۇاۋېينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خۇاۋېينى «قوللاش» يۈزىسىدىن چەتئەل تېخنىكىسىنى ئوغرىلىغان خىزمەتچىلىرىگە نەق پۇل «مۇكاپات» بەرگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

مەزكۇر ئەيىبنامە ئېلان قىلىنىشتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى، پولشا دائىرىلىرى خۇاۋېينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋاڭ ۋېيجىڭ (Wang Weijing) ۋە پولشانىڭ سابىق ئىستىخبارات ئەمەلدارى پېئوتىر دۇرباجلو (Peter Durbajlo) نى قولغا ئېلىپ، جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىگەن.

ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى (FBI)نىڭ باشلىقى كرىستوفىر راي (Christopher Wray) مەزكۇر دېلو ئېلان قىلىنغاندا مۇنداق دېدى: «خۇاۋېيغا ئوخشاش شىركەتلەر بىزنىڭ ئىقتىسادىمىزغا ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزگە قوش تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ ئەيىبلەشنىڭ ئېغىرلىقى فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بۇ تەھدىتكە قانچىلىك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى بۇ ئەيىبلەش قانۇنىمىزغا خىلاپلىق قىلغان، ئەدلىيە تەرتىپىگە توسقۇنلۇق قىلغان ياكى دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئىقتىسادىمىزنىڭ بەخت-سائادىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان شىركەتلەرگە يول قويمايدىغانلىقىمىز ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش دەپ قارىلىشى كېرەك» (3).

بۇ شىركەتنىڭ ۋاشىڭتون شتاتىدىكى قىلمىشلىرى 2012-يىلىلا باشلىنىپ بولغان. ئەينى چاغدا خۇاۋېي شىركىتى ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفونلىرىنى سىناشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ئادەم تېخنىكىسىنى كۈچلەندۇرۇش مەقسىتىدە، Tappy ماشىنا ئادەم تېخنىكىسىنى قولغا چۈشۈرۈش (ئوغرىلاش) ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. خۇاۋېي شىركىتىنىڭ (ئوغرىلانغان تېخنىكا ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان) ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفونلىرى ئاخىرىدا يەنە (تېخنىكىسى ئوغرىلانغان Tappy ماشىنا ئادىمىنىڭ ساھىبى بولغان) T-Mobile ۋە ئامېرىكانىڭ باشقا سىمسىز تېلېگراف شىركەتلىرىگە سېتىلاتتى. خۇاۋېي ئىنژېنېرلىرى T-Mobile بىلەن تۈزۈشكەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە ئاشكارىلىماسلىق كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، Tappy ماشىنا ئادىمىنى مەخپىي سۈرەتكە تارتقان، ماشىنا ئادەمنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرىنى ئوغرىلىغان ۋە ھەتتا بىر قېتىم ماشىنا ئادەمدىن بىر ئۈسكۈنىنى چىقىرىۋېلىپ، خىتايدا كۆپەيتىپ ياسىغان. T-Mobile بۇ ئىقتىسادىي جاسۇسلۇقنى بايقىغان ۋە ئەرز قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سالغان-

دىن كېيىن، خۇاۋېي دوكلات ئېلان قىلىپ، «بۇ جاسۇسلۇقنى ئەقىلسىز خىزمەتچىلىرىمىز ئۆز ئالدىغا قىلىپتۇ» دەپ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا ئۇرۇنغان. ھالبۇكى، تەكشۈرۈشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن ئېلخەتلەر بۇ ھەرىكەتنى خۇاۋېي شىركىتىنىڭ بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرسەتتى. مەسىلەن، 2013-يىلى 7-ئايدا يوللانغان بىر ئېلخەتتە خۇاۋېينىڭ چەتئەل تېخنىكىسىنى ئوغرىلىغان خىزمەتچىلەرگە بېرىدىغان «مۇكاپات»نىڭ سوممىسىنىڭ ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قولغا چۈشۈرگەن ئۇچۇرلارنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن بېكىتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. خۇاۋېي شىركىتى ئۆز ئوغرىلىرىنىڭ ئوغرىلانغان سودا مەخپىيەتلىكىنى ئەۋەتىشى ئۈچۈن شىفىرلانغان ئېلخەت ئادرېسى بىلەن تەمىنلىگەن.

خۇاۋېي (ئىراندىكى) Skycom شىركىتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى شىركەت يەنىلا قويۇق ئالاقىنى ساقلىغاندىن كېيىن، خۇاۋېينىڭ ئىرانغا پۇل يۆتكىگەنلىكى خوڭكوڭ ۋە شاڭخەي بانكىچىلىق شىركىتى (HSBC)نىڭ مەخپىي ئۇچۇرىغا ئاساسەن بايقالغان. خۇاۋېي يەنە ئامېرىكادىكى تەكشۈرگۈچىلەرگە خۇاۋېينىڭ ئىراندىكى تىجارىتىنى ئازايتقانلىقى توغرىسىدىمۇ يالغان ئېيتقان.

مېڭ ۋەنجوۋ ۋە خۇاۋېينىڭ باشقا خىزمەتچىلىرى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىقى بار بانكىلارغا ئىراندىكى تىجارىتى توغرىسىدا يالغان ئېيتقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋەقەدە، خوڭكوڭ ۋە شاڭخەي بانكىچىلىق شىركىتى (HSBC) ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكادىكى تارماق شىركىتى 2010-يىلىدىن 2014-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا Skycom شىركىتى ئارقىلىق ئىراننىڭ 100 مىليون دوللاردىن ئارتۇق مەبلىغىنى يۆتكىگەن. ئامېرىكانىڭ ئىرانغا قاراتقان ئېمبارگوسىدا بانكىلارنىڭ ئامېرىكا ئارقىلىق ئىران بىلەن بولغان پۇل مۇئامىلە سودىسىنى بىر تەرەپ قىلىشى چەكلىنەتتى. بۇ شىركەت يەنە قانۇنسىز سودىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق خۇاۋېي خىزمەتچىلىرىنى فېدېراتىپ تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تەكشۈرۈش دائىرىسى بولغان ئامېرىكادىن خىتايغا يۆتكىۋېتىش ئارقىلىق ئەدلىيە تەكشۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن.

خىتاي سىستېمىسىنىڭ ئىچكى ئايلىنىش مېخانىزمىنى بىلىدىغان سۈرگۈندىكى خىتاي سودىگەر گو ۋېنگۈي خۇاۋېينىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ئىستىخبارات ئورگانلىرى بىلەن قويۇق ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: خۇاۋېي خۇسۇسىي شىركەت سىياقىغا كىرىۋالغان، ئەمەلىيەتتە «100 پىرسەنت» ھۆكۈمەت كونتروللۇقىدىكى شىركەت. بۇ شىركەتنىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. خۇاۋېي شىركىتى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سابىق ئەمەلدارى رېن جېڭفېي تەرىپىدىن قۇرۇلغاندىن باشقا، رېن جېڭفېينىڭ مېڭ ۋەنجوۋ قاتارلىق بىر قانچە ئائىلە ئەزالىرى شىركەتتە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى، شۇڭا ئۇلاردىن 2017-يىلى يولغا قويۇلغان ئىستىخبارات نىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، خىتاينىڭ ئىستىخبارات تارماقلىرىنى شىركەتنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن تەمىنلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

گو ۋېنگۈينىڭ ئېيتىشىچە، خۇاۋېي خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سابىق باش سېكرېتارى جياڭ زېمىن (江泽民) ۋە ئۇنىڭ شاڭخەي پەن- تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان ئوغلى جياڭ ميەنخېڭ ( 江 绵 恒 ) باشچىلىقىدىكى، خىتاي كومپارتىيىسى ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ تەرىپىدىن مەخپىي كونترول قىلىنىدىكەن. جياڭ مېيەنخېڭ خۇاۋېي قاتارلىق نۇرغۇن شىركەتلەر بىلەن ئالاقىسى بار، خىتاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك تېخنىكا رەھبەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. گو ۋېنگۈي: «خۇاۋېي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككىنچى باشقارمىسى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇ شىركەتنىڭ پايدىسىنىڭ كۆپىنچىسى تېخنىكا سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىتاي پارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشىدۇ» دېدى. 2018-يىلى، ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى ((FBI InfraGuard ناملىق پروگراممىنىڭ بىر قىسمى

سۇپېتىدە ئامېرىكا سانائەت بىخەتەرلىك خادىملىرىغا دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى. دوكلات بېرىش يىغىنىدا، خۇاۋېي ۋە ئوخشاشلا ئىران بىلەن قانۇنسىز سودا قىلىشقا چېتىلغان جوڭشىڭ شىركىتى توغرىسىدا يېڭى تەپسىلاتلار تەمىنلەندى. فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭنىڭ قارىماققا «خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىكى» شىركەتلەردەك كۆرۈنىدىغان-لىقىنى، ئەمما بايلىق ۋەمەبلەغ جەھەتتە بىردەك خىتاي ھۆكۈمىتىگە تايىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دوكلاتتىكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشتا، روتېر، تېلېفون ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان خۇاۋېي شىركىتى «بېيجىڭنىڭ چەتئەل تېخنىكىسىنى سېتىۋېلىش (ئوغرىلاش)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى ئىقتىسادىي سىياسىتىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل» دېيىلدى. خۇاۋېينىڭ تىجارىتى ئاساسلىقى يۇقىرى ئىقتىدارلىق كومپيۇتېر ۋە تورچوت (cloud computing)نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەركەزلەشكەن.

خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭ ھەر ئىككىسى بېيجىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادىي جاسۇسلۇق قىلىدۇ. ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى جوڭشىڭ شىركىتىنىڭ ئىلگىرىمۇ ئىران ۋە چاۋشيەن بىلەن قانۇنسىز سودا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئېمبارگوغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ شىركەتلەر خىتاي پۇقرالىرىنى نىشان قىلغان كەڭ كۆلەملىك ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىش پروگراممىلىرىدا خىتاي ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت نىشانىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ۋاستىلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ شىركەتلەر يەنە چەتئەلنىڭ خىتاينىڭ يەر شارىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە بولغان قارشىلىقىنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلغان چەتئەللەرگە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭمۇ بىر قىسمىدۇر.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئوغرىلىغاندىن كېيىن موسكۋاغا قېچىپ كەتكەن خائىن ئىستىخبارات ھۆددىگىرى ئېدۋارد سنوۋدېن (Edward Snowden) ئاشكارىلىغان ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرى خۇاۋېي توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ مەخپىي ھۆججىتىدە ئاشكارىلىنىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ چەتئەللەردىكى نۇرغۇن جاسۇسلۇق نىشانلىرى بىر قانچە دۆلەتتە خۇاۋېينىڭ تور روتېرى ۋە باشقا تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ئالاقە قىلغان. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئىستىخبارات توپلاش ئۈچۈن خاككېرلىق قىلىدىغان مەخسۇس سوقۇنۇپ كىرىش ھەرىكىتى بۆلۈمى خۇاۋېينىڭ ئۈسكۈنىلىرىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، چەتئەلدىكى بىر قانچە نىشاننى ئېلېكترونلۇق ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغىنى، خۇاۋېينىڭ كەڭ تارقالغان ئۇل ئەسلىھەلىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى سىگنال ئىستىخباراتى (Signals intelligence) ئىقتىدارى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى مۇلازىمەتنى رەت قىلىش تىپىدىكى ھۇجۇملارنى قوزغاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ». بۇ ماتېرىيالدا 2010-يىلىدىكى دۆلەتلىك ئىستىخبارات مۆلچەرىدىن نەقىل ئېلىنىپ، «خەلقئارالىق شىركەتلەر ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكانىڭ ئۈچۈر تېخنىكا تەمىنلەش زەنجىرى ۋە مۇلازىمىتىدىكى رولى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ سىجىل، يوشۇرۇن بۇزغۇنچىلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان.

بىر ئامېرىكا ئىستىخبارات ئەمەلدارى ماڭا خۇاۋېينىڭ ئەڭ كېچىككەندىمۇ 2014 – يىلىدىن باشلاپ خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا ۋاكالىتەن ئىشلەپ، مەلۇم بىر ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ھۆددىگەرلىك شىركىتى ئارقىلىق ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىشكە ئۇرۇنغانلىقىنى ئېيتتى. خۇاۋېي يەنە (6- ۋە 10-بابلاردا تىلغا ئېلىنغىنىدەك) خىتاي تور بىخەتەرلىك شىركىتى Boyusec بىلەن يېقىندىن ھەمكارلاشقان. 2014-يىلى، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خۇاۋېي خاككېرلىق ھۇجۇمى ئارقىلىق مەلۇم بىر ئامېرىكا روتېر شىركىتىنىڭ ھالقىلىق يۇمشاق دېتالىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئوغرىلاپ، مەزكۇر

شىركەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. خۇاۋېي يەنە ئامېرىكانىڭ ۋاقىتلىق مائارىپ ۋىزىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز خىزمەتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە يۈز يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرىنى ئامېرىكاغا ئەۋەتكەن.

خىتاي مۇتەخەسسىسى گوردون چاڭ (Gordon Chang) خۇاۋېينى خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تېلېگراف ئالاقىسى بىلەن تەمىنلەيدىغان 5G تېلېگراف بازىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش پىلانىنىڭ يادروسى دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: «خۇاۋېي نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ كەلدى. ۋاشىڭتون خۇاۋېينىڭ ئامېرىكانىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلاش ياكى ئامېرىكانىڭ ئىرانغا يۈرگۈزگەن ئېمبارگوسىغا ئوچۇق-ئاشكارە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق باشقا جىنايى ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىدى». گوردون چاڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى خۇاۋېينى «جىنايەتچى كارخانا» دەپ جاكارلاشقا ۋە ئۇنىڭ تىجارىتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىشقا چاقىردى. «ترامپ ھۆكۈمىتى ئامېرىكانىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئوغرىلىنىشىدىن پايدىلىنىلغان ياكى بىزنىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىمىزنى ئوغرىلىغان شىركەتلەر تەرىپىدىن سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكاغا ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلىشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە خۇاۋېيغا ئىككى جەھەتتىن زەربە بولىدۇ» **(4)**.

بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ سابىق تېخنىكا ئەمەلدارى، دۆلەت مۇداپىئە خەۋەرلىرى «ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيەسى»نىڭ تەھرىرى ئېد تىمپېرلېيك (Ed Timperlake) مۇ خۇاۋېي ھەققىدە، بۇ شىركەتنىڭ ئېمبارگولارغا خىلاپلىق قىلىش تارىخى بارلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى **2000**-يىللارنىڭ بېشىدا ئىراققا يۈرگۈزگەن ئېمبارگولارغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلىرىمۇ بارلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. تىمپېرلېيك مۇنداق دېدى: «مېنىڭ كەسپىي ھۆكۈمىمچە، خۇاۋېي ئىنكار قىلىش ۋە ئالداش تېخنىكىلىرىنى، نۇرغۇن پۇل ۋە تەسىر كۈچىنى ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئامېرىكا ۋە يەرشارى ئالاقە تورىغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن تىنىمسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقان كارخانىدۇر».

بۇ شىركەتنىڭ خىتاي ئىستىخباراتى بىلەن بولغان ئالاقىسى تۇنجى قېتىم ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى (CIA) ئوچۇق كود مەركىزىنىڭ **2011**-يىللىق دوكلاتىدا قىسقىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتتا خۇاۋېينىڭ رەئىسى سۇن يافاڭ (Sun Yafang) نىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بىلەن باغلىنىشى بارلىقى ئېنىقلانغانىدى. خۇاۋېي تېخنىكىلىرىمۇ **2005**-يىللىرىلا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خەۋەرلىشىش قىسىملىرىنىڭ ئەزالىرىنى تەربىيىلەشكە باشلىغان.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، خۇاۋېي، جوڭشىڭ ۋە باشقا خىتاي شىركەتلىرى خىتاينىڭ ئىلغار **5G** تېلېگراف تېخنىكىسى ۋە سۈنئىي ئىدراك ساھەسىنى كونترول قىلىشتىكى مۇھىم پېچكىلىرىدۇر. خۇاۋېي يەنە خىتاينىڭ مىليونلىغان تورغا ئۇلانغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ تورىنى كۆرسىتىدىغان، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان «ئەشيا تورى» (Internet of Things) نى كونترول قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «چوڭ پروجېكتى»نىڭ بىر قىسمىدۇر. خىتاينىڭ ئىككىنچى چوڭ پروجېكتى «ئەقلىي ئىقتىدارلىق شەھەر»لەرنى، يەنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش بولۇپ، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خەلقنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

**2018**-يىلى ئۆكتەبىردە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ «ئامېرىكا - خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى» بېيجىڭنىڭ **5G** تېلېگراف تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ، ئەشيا تورىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش پىلانىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئاشكارىلىدى. **2010**-يىللاردىكى ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، خىتاي جىمجىت ھالدا ئەشيا تورىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تېخنىكىلارغا مەبلەغ سېلىپ، بۇ خىل ئۇرۇشنى ئامېرىكادا تېخىمۇ تېزلىتىشنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىستراتېگىيىلىك نىشانلىرىدىن بىرى قىلدى. دوكلاتتا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىلغان: «خىتاي

هاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ئەشيا تورىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئورۇنلاشتۇرمىسىنى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي رىقابەت كۈچى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ھالقىلىق مەسىلىسى دەپ قارايدۇ» **(5).**

دۆلەت بىخەتەرلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئەشيا تورى سىستېمىسىدىكى يوچۇقلارنى بايقاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتۇر. بېيجىڭ بۇ يوچۇقلارنى تىنچلىق مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتا ئىستراتېگىيىلىك نىشانلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. دوكلاتتا مۇنۇلار ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلدى: «سانائەت كونترول سىستېمىسىدىن باشقا، ساقلىقنى ساقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى رۇخسەتسىز ئىشلىتىش بىمارلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشى مۇمكىن، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا يوچۇقلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىشمۇ ئوخشاشلا شوپۇرلار ۋە پىيادىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولالايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سانلىق مەلۇمات ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكلىرى بار. ئەشيا تورى ئۈسكۈنىلىرىگە رۇخسەتسىز كىرىشنىڭ كەلگۈسىدىكى بۇزغۇنچىلىق يوشۇرۇن كۈچى چەكسىزدۇر» **(6).**

كەلگۈسىدىكى ئەشيا تورى دوختۇرلار يۈرەك بىمارلىرىنى نازارەت قىلىشتا ئىشلىتىدىغان بىئولوگىيىلىك داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىدىن تارتىپ، ئاپتوماتىك ھەيدىلىدىغان ماشىنا، ھالقىلىق ئۇل ئەسلىھەلەردىن ئېلېكتر تورى ۋە يۇل مۇئامىلە تورىغىچە بولغان نەچچە يۈز مىليونلىغان، بەلكى مىلياردلىغان، تورغا ئۇلانغان ئۈسكۈنىلەردىن تەشكىل تاپقان يەرشارى ئۈچۇر ۋە ئالاقە ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە كېڭىيىدۇ. نۆۋەتتە بۇ يېڭى ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر «جەمئىيىتى»نى تەشكىل قىلغان باشقا ئۈسكۈنىلەر سىنئالغۇ ئاپپاراتى، ئەقلىي قول سائەت ۋە سانائەت كونترول سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئەشيا تورى ئۈسكۈنىسى بولسا، ئۈچۇر دەۋرىدىكى زامانىۋى تۇرمۇشتا ھەممە يەرنى قاپلىغان، يۈز مىليونلىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفوندۇر.

مەزكۇر كومىتېتنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، خىتاي ئەشيا تورىدىكى (كەلگۈسى) ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، تامامەن «ئەقلىي ئىقتىدارلىق شەھەر»لەرنى بەرپا قىلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئامىمۇي ئەسلىھەلەر، ئادەم ۋە قاتناش ئېقىمى، يەر ئاستى تۇرۇبا يولى، ھاۋا ۋە سۇ سۈپىتى ۋە باشقا قۇرۇلمىلارنى ۋە تورنى تولۇق نازارەت قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىكەن. يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان ئىلغار سانائەت كونتروللىرى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە بىخەتەرلىك سىستېمىلىرىنى يىراقتىن كونترول قىلغىلى بولىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۆيلەرمۇ ئەشيا تورىغا تەۋە. ئەشيا تورى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ **5G** تور تېخنىكىسى ئارقىلىق زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ. خىتاي كۆرۈنۈشتە تور بىخەتەرلىكىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەشيا تورى تېخنىكىسىدىكى يوچۇقلارنى تەتقىق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) كومىتېتنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، خىتاينىڭ ئاتالمىش «تور بىخەتەرلىكى تەتقىقاتى» ئەمەلىيەتتە ئالدامچىلىق، شۇنداقلا ئەشيا تورى ئارقىلىق تور جاسۇسلۇقى، بۇزغۇنچىلىق ۋە ھەربىي تور رازۋېتكىسى قىلىدىغان تور ھۇجۇمى قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يوشۇرىدىغان نىقابتۇر. خىتاينىڭ ئەشيا تورى تەتقىقاتچىلىرى يەنە بېيجىڭنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغان «سۇ ئاستىدىكى ئەشيا تورى»غا قارشى تور ھۇجۇمى پىلانلاۋاتىدۇ. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «سۇ ئاستىدىكى ئۇرۇشتا دۈشمەن ئورۇن ئۈچۈرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ئىلغار سۇ ئاستى سېنزور تېخنىكىسىغا ئىگە ھەر قانداق بىر دۆلەتنى ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدۇ، ھەمدە ھەرخىل چوڭقۇرلۇقتا سۇ ئاستىدا مەشغۇلات قىلىۋاتقان، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئەشيا تورى ئۈسكۈنىلىرى ۋە سېنزور تورى بۇ خىل ئەۋزەللىكنى يوققا چىقىرالايدۇ».

خىتاينىڭ ئەشيا تورىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش پىلانى تور ئۇرۇشىنىڭ «ئىستىخبارات بايلىق

مەنبەسى» بولۇپ قالىدۇ. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سىگنال ئىستىخباراتى تارماقلىرىدىكى بىر نەچچە خادىم ئەشىيا تورى بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا كۆپ خىل ماقالە ئېلان قىلدى، بۇ تارماقلار ئاللىقاچان يۇقىرىقىدەك مەقسەتلەر ئۈچۈن (ئەشىيا تورىدىكى) ئۈسكۈنىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن» (7).

مەسىلەن، خىتاينىڭ ھەربىي تور ۋە كومپيۇتېر ھۇجۇمى مۇتەخەسسىسلىرى ژۇرنالدا ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، «ئەشىيا تورى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلمىلىرىدىن مۇمكىن بولىدىغان يان يولدىن ھۇجۇم قىلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇن ئىز قوغلاش ئىقتىدارلىرى ۋە تور ئۇلىنىشىنى پايدىلانغىلى بولىدىغان باشقا ئاجىز نۇقتىلار قاتارىغا كىرگۈزدى». دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تور ئۇرۇشى قىسىملىرىمۇ ئىلگىرى ئەشيا تورىدىكى سانلىق مەلۇمات توپلاش ۋە يانفون ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان ۋىرۇس قاتارلىق بىخەتەرلىك يوچۇقلىرىنى ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئۇچۇر جېڭىگە ئىشلىتىشكە بولغان بىۋاستە قىزىقىشىنى ئىپادىلىگەن».

كەلگۈسىدىكى خىتايغا چېتىشلىق ئۇرۇشنىڭ ئەشيا تورىنى ئاساس قىلغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنىلارغا قارىتىلغان تور ھۇجۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، دوكلاتتا بۇ خىل ماشىنىلارنىڭ ئىچكى ماشىنا سىمسىز سېنزور تورى، ماشىنىغا ئورنىتىلىدىغان تېزگىنلىگۈچ تار دائىرىلىك تورى، ماشىنىغا ئورنىتىلىدىغان تار دائىرىلىك تور، ماشىنا يۇمشاق دېتالى قوللىنىشچان پروگراممىلىرى، ماشىنىغا ئورنىتىلىدىغان دىئاگنوز قويۇش سىستېمىسى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق بالون بېسىمىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى قاتارلىقلارغا قىلىنىدىغان ھۇجۇملارغا ۋە يۇقىرىقى ۋاستىلەر ئارقىلىق رۇخسەتسىز كىرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دوكلاتتا يەنە مۇنداق دېيىلدى: خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخبارات تارمىقى يەنە «ھۇجۇم خاراكتېرلىك ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئەشيا توردىن قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشتا باشلامچى ئورۇنغا ئۆتتى».

دوكلاتتا يەنە مۇنۇلار ئاشكارىلاندى: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەشيا تورى ئۈسكۈنىلىرىنى نىشانلىغان ئەڭ مۇرەككەپ مۇردا تور (botnet ـ مۇردا تور: ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ خەۋىرى بولمىغان ئەھۋالدا، نۇرغۇن كومپيۇتېرلارنىڭ مەلۇم بىر زىيانلىق پروگراممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇمشاق دېتال تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشىدىن شەكىللەنگەن تور)لارنىڭ بىرى «ئورمىچى» تورى بولۇپ، ئۇ يەرشارى قوماندانلىق قىلىش ۋە كونترول قىلىش تورىغا ئۇلىنىش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئەشيا تورى ئۈسكۈنىلىرىدىكى يوچۇقلاردىن پايدىلانغان». دوكلاتتا مەزكۇر مۇردا تورنىڭ مەنبەسىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. **2015**-يىلى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكا سەھىيە مۇلازىمىتى تەمىنلىگۈچىسى بولغان **Anthem** شىركىتىنىڭ **60** مىليون ساغلاملىق خاتىرىسىنى ئوغرىلىشىنىڭ ئارقىسىدا «ئورمىچى» مۇردا تورى بار ئىدى.

دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «خىتاينىڭ ھېچقانداق شىركەت - كارخانىلىرى ئۇنى يىغىش، بىر تەرەپ قىلىش، يەتكۈزۈش ياكى ساقلاشقا قاتناشمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل ھۇجۇملار ئامېرىكانىڭ سەزگۈر ئەشيا تورى سانلىق مەلۇماتلىرىغا بىۋاستە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» (8).

خىتاي ئەشيا تورىغا قارشى تور (ھۇجۇمى) ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ خىتاينىڭ قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال ئۆلچىمىنى ئىشلىتىشى ھەققىدە سالاچىلىق قىلدى. خىتاينىڭ ئۆلچىمىنىڭ ئىشلىتىلىشى خىتاي تور جەڭچىلىرىنى تورغا ئۇلانغان ئۈسكۈنىلەرگە كىرىشتە ھالقىلىق ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدۇ. دوكلاتتا مۇنداق يەكۈن چىقىرىلغان: «خىتاينىڭ ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىش ھەرىكىتى ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى تەھدىتكە ئۇچرىتىدۇ.

ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ئىزچىل ھالدا ئىنتېرنېتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تىركىشىشىگە ئەگىشىپ، خىتاينىڭ ئەشيا تورى سىياسىتىدىن كېلىدىغان خىرىس كەلگۈسى بىر نەچچە يىلدا داۋاملىق كۈچىيىدۇ. بۇ كۆرەشنىڭ نەتىجىسى ئاخىرىدا ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ ئەشيا تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزىمىزنىڭ ساغلام سىياسەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىرادىسىگە باغلىق» **(9)**.

ترامپ ھۆكۈمىتىدىكى ئاقساراي دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ سابىق ئەمەلدارى، پېنسىيەگە چىققان ھاۋا ئارمىيەسى گېنېرالى روبېرت سپالدىڭ **(Robert Spalding)** ئىستراتېگىيىلىك تىرىشچانلىق ئارقىلىق خىتاينىڭ **5G** ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى توسۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سپالدىڭ **2018**-يىلى **1**-ئايدا مەتبۇئاتلارغا ئاشكارىلانغان ئەسلىمىسىدە، ئامېرىكانىڭ **5G** رىقابىتىدە خىتايغا ئۇتتۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقى، ئۈچۈر ساھەسىنىڭ ئامېرىكا-خىتاي رىقابىتىدىكى مۇھىم جەڭگاھ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى.

ئىلگىرى خىتايدا تۇرۇپ باققان، سابىق ھەربىي خادىم سپالدىڭ ئامېرىكانى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، سۆز ئەركىنلىكى، دىنىي ئەركىنلىك، ئادىل ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بازاردىن ئىبارەت پرىنسىپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان (ئۆزىگە تەۋە) **5G** تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلدى.

پېنسىيەگە چىققان ئۇشبۇ بىر يۇلتۇزلۇق گېنېرال تۈزگەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇشتا، «ئامېرىكا چوقۇم بىخەتەر **5G** تورىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك، بولمىسا خىتاي سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قىلىدۇ» دېيىلگەن. خىتاينى توسۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا **5G** پروگراممىسىنىڭ مۇھىملىقىنى **1950**-يىللاردا پرېزىدېنت دۋايت ئېيزىنخاۋېر **(Dwight Eisenhower)** دەۋرىدە ياسالغان دۆلەت تاشيولى سىستېمىسىغا ئوخشاش يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشى كېرەك. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن خۇسۇسىي تارماقلار ئۈچ يىلدا **5G** تورى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشى كېرەك.

سپالدىڭ مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالدى. بىز بۈگۈن كەلگۈسىدىكى ئۈچۈر دەۋرىگە ئاتلىنىشىمىز كېرەك، بولمىسا داۋاملىق تور ھۇجۇمىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىۋېرىمىز».

خۇاۋېي يەر شارى تېلېگراف بازىرىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئۈچۈن، بازارنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان باھا ۋە مەبلەغدە ئېتىبار بېرىش تاكتىكىلىرىنى قوللاندى. خىتاينىڭ كۈچمە ئۇل ئەسلىھە بازىرىنىڭ يەتمىش پىرسەنتى خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭ ئۈچۈن ئايرىلغان بولۇپ، غەربنىڭ شىركەتلىرى ئېشىپ قالغان (ئوتتۇز پىرسەنتكە يەتمەيدىغان) بازارنى تالىشىدۇ. بېيجىڭ يەنە خۇاۋېيغا **100** مىليارد دوللارلىق ئىناۋەتلىك قەرز تارقىتىپ، ئۇنىڭ كېڭىيىشىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى باشقا تېلېگراف شىركەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك غايىب (ۋەيران) بولۇپ، پەقەت كۇۋالكوم **(Qualcomm)**، سىسكو **(Cisco)**، جۇنىپېر **(Juniper)**، نوكىيا **(Nokia)** ۋە ئېرىكسون **(Ericsson)** دىن ئىبارەت ساناقلىق شىركەتلەرلا قالدى.

سپالدىڭنىڭ كۆرسىتىشىچە، **5G** تورى نوقۇل ھالدا **4G** تورىدىن ھالقىش بولماستىن، بەلكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تورغا چىقىش ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تېخنىكىدۇر. بۇ سىستېما يان تېلېفون مۇنارى ۋە يان تېلېفون تەكرارلىغۇچنىڭ جۇغراپىيىلىك رايونلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئومۇملىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ – بۇ ئەسلىھەلەرنىڭ سانى ھازىرقى ئارىلىقى تېخىمۇ ئۇزۇن بولغان تېلېفون مۇنارى سىستېمىسىنىڭكىدىن بەكلا كۆپ. كەلگۈسىدىكى **5G** تورى تورنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كوچا چىرىغى، سىم تاناب تۈۋرۈكى (ستولبا) قاتارلىق قۇرۇلمىلاردىكى تور ئانتېنناسىغا تايىنىدۇ.

سپالدىڭ مۇنداق دېدى: «كەلگۈسى **5G** ئىنقىلابى ئۈچۈر دەۋرىدىكى تۈنجى چوڭ ھالقىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ **3G** دىن **4G** غا يۆتكىلىشكە قارىغاندا، گۇتېنبېرگ **(Gutenberg)** كەشىپ قىلغان تۈنجى

باسما ماشىنىغا بەكرەك ئوخشايدىغان (دەۋر بۆلگۈچ) ئۆزگىرىشتۇر». شۇنداقلا ئۇ كەڭ كۆلەملىك ئەشيا تورىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

سىپالدىڭ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەيىبلەش ياكى ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ئارقىلىقلا باشقا دۆلەتلەرنى ئامېرىكانىڭ دېموكراتىيىسىگە ھۇجۇم قىلالماس قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، تور ھۇجۇملىرىغا ھېچبولمىغاندا شۇنىڭغا لايىق قايتۇرما ھۇجۇم بېرىش كېرەك. پۇقرالىرىمىز ۋە شىركەتلىرىمىزگە قىلىنغان ھۇجۇملارغا كەسكىن ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئالاقىدار دۆلەتلەرنى ئۇچۇر ساھەسىدىكى قانۇنسىز ھەرىكەتنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇرلاش كېرەك». شۇڭا 5G تورىنى بەرپا قىلغاندا چوقۇم مۇشۇنداق ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىشنى ئويلىشىش لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاينىڭ «خىتاي ياسىمىچى-لىقى 2025» پروگراممىسى بېيجىڭنىڭ سۇنئىي ئىدراك قورال رىقابىتىدە غەلىبە قىلىشىغا كېرەكلىك ئامىللارنى ئۆزىگە جۇغلىغان. سىپالدىڭ 5G تورىنى ئېزىنخاۋېر دەۋرىدىكى دۆلەت تاشيولى سىستېمىسىغا ئوخشىتىشتىن سىرت، خىتاي بىلەن بولغان 5G ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا 1960-يىللاردىكى ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنى ئاي شارىغا قوندۇرۇشنى پىلانلىغان «ئاي شارىغا سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش» ئۇرۇنۇشىغا ئوخشاش (غايەت زور دەۋر بۆلگۈچ) تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. سىپالدىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىلاندا 5G پروگراممىسىغا خۇسۇسىي شىركەتلەر ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. بۇ پىكىر ھۆكۈمەتنىڭ ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىشىدىن قورقىدىغانلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى.

سىپالدىڭ ھۆكۈمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەسلەتمىسىدە خىتاي كونتروللۇقىدىكى 5G تورىنىڭ تەھدىتىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ مۇنداق شەرھلىدى: «5G نى خىتاينىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە قوماندانلىق، كونترول، خەۋەرلىشىش ۋە ئىستىخبارات ساھەلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش، ئەركىن دۇنيانى نازارەت قىلىش ۋە رازۋېدكا قىلىش جەھەتتىكى ئۆزۈن مۇددەتلىك ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش كېرەك». ئارىمىزدىكى ئۇلىنىش (باغلىنىش) قانچە كۆپ بولغانسېرى — 5G ئېلېكترونلۇق ئالاقە كەشىپ قىلىنغاندىن بۇيانقى ئەڭ كۆپ ئۇلىنىشنى ھاسىل قىلىدۇ — بىز شۇنچە ئاجىزلايمىز. ھەربىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، 4G نى چەۋەندازلارنىڭ تۇزلەڭلىكتە ھىندىئانلارغا دۈچ كەلگىنىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ، ئۇلار جەسۇر جەڭچىلەر بولسىمۇ، ئەمما مۇداپىئەلىنىش ئاسان. «ئەمما دۈشمىنىمىز 5G تورىغا ئىگە بولغان تەقدىردە، بىز سادامنى 21 كۈندە خانىۋەيران قىلىۋەتكەن <دىۋە>گە دۈچ كېلىمىز» دېدى سىپالدىڭ.

خىتاينىڭ خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭ شىركەتلىرى خىتاي كۆچمە تېخنىكىسى ئۈچۈن بارلىق ئۇرۇنباسار لايىھەلەر بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىدۇ، چۈنكى قالغان ئۇسكۈنە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بۇ ئىككى شىركەت نۆۋەتتە بازاردا تەمىنلەۋاتقان، بازارنى ئاساس قىلمىغان (زىيادە تۆۋەن) باھادا كەلگۈسىدىكى 6G تورى ئۈچۈن رىقابەتلىشەلمەيدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك تورلار خىتاينى دۇنيا مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ. شۇنداقلا، خىتاي يەر شارىدىكى ئۇل مۇئەسسەسە جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن تەقدىردە، بېيجىڭ كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزى قوللايدىغان شىركەتلەرگە پايدىلىق سودا مۇھىتى يارىتىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ پايدا ئېلىشىنى توسالايدۇ. شۇنداق قىلىپ خىتاي ئەقىللىق شەھەرلەردىن رەقىبلىرىگە قارشى قورال سۈپىتىدە پايدىلىنالايدۇ، نەزەرىيەچىلەرنىڭ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» چۈشلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. سىپالدىڭ مۇنداق دېدى: «ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، خىتاينىڭ ئىنتېرنېت ۋە تورنى كونترول قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ <قاتىل خەنجىرى>گە ئايلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىگە (يەنى ئەنئەنىۋى قورال – ياراغقا) بولغان ئېھتىياجى تۆۋەنلەيدۇ».

بازار رىقابىتىگە كەلسەك، خىتاي بارلىق سودىلار-نى كونترول قىلىدۇ ۋە ئۇچۇر ساھەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزى ئىزدىگەن ھەر

قانداق سودا ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئېرىشىدۇ، خېرىدار چاقىرغۇچىلار ۋە سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ۋەزىيىتىنى بىلەلەيدۇ. خىتايدىكى بارلىق شىركەتلەر بازاردا ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ئىنتېرنېت ئارقىلىق بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلىدۇ. خىتاي ئىنتېرنېت ۋە ئەشيا تورىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا ئۇچۇر ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى كونترول قىلىشقا تىرىشىدۇ. «تەييارلىقسىزلا تۇرغان پىيادىلەرنى تۇيۇقسىز سوقۇۋېتىدىغان، ئاپتوماتىك ھەيدىلىدىغان (شوپۇرسىز) ماشىنىلارنى ئويلاڭ. (ئادەمىبومبىغا ئوخشاش) يولۇچىلار ئايروپىلانىغا سوقۇلىدىغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانىنى ئويلاڭ. باتارېيەسى تۇيۇقسىز پارتلايدىغان يانفونلارنى ئويلاڭ. (5G تورىدا) تورغا ئۇلانغان ھەر قانداق نەرسە گېئوپولىتىك ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يوشۇرۇن قورال بولالايدۇ» دېدى سپالدىڭ.

تەسىر كۈچى ھەرىكەتلىرىمۇ خىتاي تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. ئېلېكترونلۇق سودا، ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات (چوڭ بېرىگ) تەھلىلى مىكرو تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ شەخسلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىگە شارائىت ھازىرلايدۇ. خىتاي كۆپچىلىكنىڭ ئامانەتدارىغا ئايلىنىدۇ، نېمىنى سېتىۋېلىش ۋە قانداق بېلەت تاشلاش قاتارلىق ئىنتايىن خۇسۇسىي قارارلارغا تەسىر كۆرستەلەيدىغان بولىدۇ.

ئىلغار سۈنئىي ئىدراك ۋە ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۇسكۈنىلەر قوللىنىلغانلىقتىن، ئۆلچەملىك ئورۇشمۇ 5G تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالەمشۇمۇل دەرىجىدە ئۆزگىرىدۇ. «بۇ كەلگۈسىدە ئاندىن قولغا كېلىدىغان ئىقتىدار ئەمەس. ئۇ ھازىرمۇ مەۋجۇت. 5G پەقەت ئۇنى كېڭەيتىدۇ ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. بۇ ئۇقۇمنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن، يەرشارى مىقياسىدا تەڭ قوللىنىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرىنى ئويلاڭ».

سپالدىڭ پرېزدېنت ترامپنىڭ 2017-يىللىق دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسى ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا مۇنداق دېيىلدى: «بىز پۈتۈن مەملىكەتتە بىخەتەر 5G تور ئىقتىدارىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ رەقەملىك ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلايمىز». بۇ بايان خىتاينىڭ 5G تەرەققىياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش پىلانىنى بىۋاسىتە نىشان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاچقۇچلۇق ئىقتىدار ئىنتېرنېتنى رەقىبلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىيالايدىغان مۇداپىئە بىخەتەرلىك قەۋىتى ھاسىل قىلىدىغان تېخنىكىدۇر. مەزكۇر مۇداپىئە قەۋىتى پرېزدېنت رونالد رېگاننىڭ ئىنتېرنېتنى ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئە قىلىش تەشەببۇسىغا ئوخشايدۇ. مەزكۇر تېخنىكا سانلىق مەلۇماتلارنى شىفىرلەپ، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى قوغدايدۇ.

5G تور رىقابىتىدە غەلىبە قازىنىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭ قاتارلىق شىركەتلەرنى دېموكراتىك دۆلەتلەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ خىتاينىڭ تېلېگراف تەھدىتىدىن قوغدىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. (ئامېرىكا ئۈچۈن) خىتايغا قارشى يەنە بىر كوزېر ئامېرىكانىڭ ئەشيا تورىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر.

ئەڭ ئاخىرىدا، بۈگۈنكى ئۇچۇر مۇھىتىدا غەربتىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە بولغان ئىشەنچنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە جىددىي ئېھتىياج بار، چۈنكى لايىھەنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبىدىن بۇ خىل ئۇچۇر مۇھىتىدا بىخەتەرلىك كەمچىل. سپالدىڭ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «نەتىجىدە، دېموكراتىيە مۇستەقىللىق خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلدى. بىخەتەر 5G تورىدا، ئۇچۇر ساھەسىگە بولغان ئىشەنچنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئۇسۇلدا سانلىق مەلۇماتلارنى دەلىللىگىلى بولىدۇ. (بۇ خىل مۇھىتتا) ئىشەنچلىك دوستلىرىڭىزدەك قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان ئاپتوماتىك پروگراممىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنىڭ ئورنىغا، قارار چىقىرىشتا تايىنىدىغان ئۇچۇرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى دەلىللىيەلەيسىز».

پرېزدېنت ترامپ ئابىدە خاراكتېرلىك بىر

ھەربكەتتە، 2019-يىلى 5 - ئايدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قەدەم ئېلىپ، ئامېرىكانىڭ تېلېگراف ئۇل ئەسلىھەلىرىنى خىتاينىڭ تېلېگراف تاجاۋۇزچىلىقىدىن قوغداشنى مەقسەت قىلغان مەمۇرىي بۇيرۇق چىقاردى. «بۈگۈن، پرېزىدېنت ئامېرىكادا چەتئەل دۈشمەنلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە كۆرسەتمىسى ئاستىدىكى ئۇچۇر ۋە خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى ياكى مۇلازىمەتلىرىنى چەكلىمىسىز سېتىۋېلىش ياكى ئىشلىتىش قىلمىشلىرىنىڭ ئاشۇ چەتئەللىك رەقىبلەرنىڭ ئۇچۇر ۋە ئالاقە سىستېمىسىدا يوچۇق پەيدا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بۇ يوشۇرۇن ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى، تاشقى سىياستى ۋە ئىقتىسادىنى ئادەتتىن تاشقىرى ۋە پەۋقۇلئاددە تەھدىتكە دۇچار قىلىشى مۇمكىن» دېدى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ مەلۇم بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزاسى مەزكۇر يېڭى بۇيرۇقنى ئېلان قىلغاندا. مەزكۇر بۇيرۇقتا خۇاۋېي ياكى جوڭشىڭنىڭ ئىسمى ئاشكارا تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقىنىڭ خىتايغا ئوخشاش رەقىب دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىششى تەلەپ قىلىنغان شىركەتلەر بىلەن تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سودىلارنى تەكشۈرۈشكە رۇخسەت قىلىندى.

پرېزىدېنتنىڭ بۇيرۇقىدا خۇاۋېينىڭ ئىسمى بىۋاستە تىلغا ئېلىنماي تۇرۇپ، «رەقىب» دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكانىڭ تېلېگراف تورىغا سىڭىپ كىرىشى توسۇلدى. لېكىن، ئەڭ قاتتىق جازالاش تەدبىرى ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن خۇاۋېيغا بىۋاستە ئىجرا قىلىندى. بۇ شىركەت ئامېرىكا سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ھەر قانداق تاۋارنى سېتىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى ئېلىشى كېرەك بولغان چەتئەل شىركەتلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. مەزكۇر تېلېگراف ماگناتى (خۇاۋېي)نى پالەچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ تەدبىر خۇاۋېي ھەققىدىكى ئىككى پارچە فېدېراتسىيە ئەيىبنامىسىنى ئاساس قىلغان. ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى بۇ ھەقتىكى قارارىنى ئېلان قىلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، گۇگۇل خۇاۋېينىڭ كۆپ قىسىم ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفونلىرىدىكى ئاندىرويىد ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەشغۇلات سىستېمىسىغا چەكلىمە قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئىقتىسادىي زەربىدىن كېيىن ئامېرىكادىكى كومپيۇتېر ئۆزىكى ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلەردىن ئىنتېل (Intel)، كۇۋالكوم (Qualcomm)، بىروۋدكوم (Broadcom) ۋە سايلىنكس (Xilinx) نىڭ خۇاۋېيغا ئۆزەك ئېكسپورتىنى توختاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. گېرمانىيەنىڭ Infineon شىركىتى يەنە خۇاۋېيغا بىر قىسىم يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سېتىشنى توختاتتى.

سودا مىنىستىرى ۋىلبۇر روس شۇ كۈنى مۇنداق دېدى: «بىز خۇاۋېينىڭ مەۋجۇت ھالىتى دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزگە ۋە تاشقى سىياستىمىزگە غايەت زور تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ دەپ ئويلايمىز» (10).

خىتاي بىلەن بولغان تىركىششنى رىقابەت دېگەندىن كۆرە، جەڭ، يەنى ئىقتىسادىي جەڭ دېگەن تۈزۈك. مەزكۇر جەڭنىڭ نەتىجىسى كەلگۈسى يىگىرمە يىلدا بەلگىلىنىدۇ.

(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېرىلىدۇ)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار:

**ھېكمەتيار ئىبراھىم ، ئەنۋەر قاراقۇرۇم**

**Chapter 10: Financial and Economic Warfare**

1 Interview with the author.
2 Interview with the author.
3 Gabriel Collins, "Foreign Investors and China's Naval Buildup," *Diplomat*, September 9, 2015, https://thediplomat.com/2015/09/foreign-investors-and-chinas-naval-buildup/.
4 Qiao Liang and Wang Xiangsui, *Unrestricted Warfare: China's Master Plan to Destroy America* (Beijing: PLA Literature and Arts Publishing House, February 1999), US government translation.
5 Ibid.
6 US Department of Justice, Office of Public Affairs, "US Charges Three Chinese Hackers Who Work at Internet Security Firm for Hacking Three Corporations for Commercial Advantage" [press release], November 27, 2017, https://www.justice.gov/opa/pr/us-charges-three-chinese-hackers-who-work-internet-security-firm-hacking-three-corporations.
7 Qiao Liang and Wang Xiangsui, *Unrestricted Warfare: China's Master Plan to Destroy America* (Beijing: PLA Literature and Arts Publishing House, February 1999), US government translation.
8 Ibid.
9 Ibid.
10 Bill Gertz, "Financial Terrorism Suspected in 2008 Economic Crash," *Washington Times*, February 28, 2011, https://www.washingtontimes.com/news/2011/feb/28/financial-terrorism-suspected-in-08-economic-crash/.
11 Michael Brown and Pavneet Singh, *China's Technology Transfer Strategy: How Chinese Investments in Emerging Technology Enable a Strategic Competitor to Access the Crown Jewels of US Innovation*, Defense Innovation Unit Experimental, January 2018, 3, https://admin.govexec.com/media/diux_chinatechnologytransferstudy_jan_2018_(1).pdf.
12 Ibid.
13 Michael Brown and Pavneet Singh, *China's Technology Transfer Strategy: How Chinese Investments in Emerging Technology Enable a Strategic Competitor to Access the Crown Jewels of US Innovation*, Defense Innovation Unit Experimental, February 2017, 23, https://new.reorg-research.com/data/documents/20170928/59ccf7de70c2f.pdf.

**Chapter 11: Corporate Communism**

1 Steven W. Mosher, "How Arrest of Chinese 'Princess' Exposes Regime's World Domination Plot," *New York Post*, December 22, 2018, https://nypost.com/2018/12/22/how-arrest-of-chinese-princess-exposes-regimes-world-domination-plot/.
2 Ibid.
3 US Department of Justice, Office of Public Affairs, "Chinese Telecommunications Conglomerate Huawei and Huawei CFO Wanzhou Meng Charged with Financial Fraud" [press release], January 28, 2019, https://www.justice.gov/opa/pr/chinese-telecommunications-conglomerate-huawei-and-huawei-cfo-wanzhou-meng-charged-financial.
4 Bill Gertz, "Huawei Technologies Linked to Chinese Communist Party, Intelligence Services," *Washington Free Beacon*, January 16, 2019, https://freebeacon.com/national-security/huawei-technologies-linked-to-chinese-communist-party-intelligence-services/.
5 John Chen et al., *China's Internet of Things*, US-China Economic and Security Review Commission, October 2018, 152, https://www.uscc.gov/Research/chinas-internet-things.
6 Ibid.
7 Ibid.
8 John Chen et al., *China's Internet of Things*, US-China Economic and Security Review Commission, October 2018, 122–23, https://www.uscc.gov/Research/chinas-internet-things.
9 Ibid, 153.
10 Ross interview on Bloomberg Television, May 17, 2019.



# شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بايانلىرى

رۇس ئىنگرام

قەلبىنۇر سىدىق شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلاردىكى ئۆزى شاھىت بولغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى ئاشكارىلىدى، ئۇ 2017 - يىلى لاگېردا خىتاي تىلى دەرسى ئۆتۈشكە مەجبۇرلانغانىدى.

قەلبىنۇر سىدىق ئۆز خەلقىگە قىلىنغان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى رەھىمسىزلىك، چەكتىن ئاشقان زوراۋانلىق، خورلاش، قىيىن - قىستاق ۋە ئۆلتۈرۈشلەرگە شاھىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ ئاچچىق مەخپىيەتلىكلەرنى بۈگۈنگىچە يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ ياۋروپاغا يېتىپ كەلگەندە، روھىي جەھەتتىن بەكلا تۈگىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزى شاھىت بولغان بۇ قىسمەتلارنى سۆزلەشكە ماجالى يوق ئىدى. كېيىن ئۇ گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى (DUHRO) نى تاپتى. ئۇ يەردە كىشىلەر ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆز ياشلار ئىلىكىدە سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى. گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئۇنىڭ كەچمىشىنى يېزىپ چىقىپ، يازمىنىڭ نامىنى «قەلبىنۇر سىدىق: بۇرمىلانغان ھايات» دەپ ئاتىدى. قەلبىنۇر بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا كۆرگەنلىرىنى دۇنياغا سۆزلەشكە تەييارلانغانىدى.

مەزكۇر ماقالە ئاشۇ ئەسلىمىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر ۋە مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمنى ئاساس قىلغان.

ئۇنىڭ ھېكايىسى 51 يىل ئىلگىرى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە باشلانغان. ئالتە بالىلىق ئائىلىدىكى ئوتتۇرانچى پەرزەنت بولغان قەلبىنۇر بالىلىقنى سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئەسلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئائىلىدە سەمىمىيلىك ۋە مەرىپەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ تۇرغاچقا، بۇ ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى چوڭ بولغاندا جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق ئەزالىرىغا ئايلانغان، بەزىلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى ئۈرۈمچى شەھەر مەركىزىدىكى سايباغ رايونلۇق 24-باشلانغۇچ مەكتەپتە خىتاي تىلىدىن دەرس بېرىش بىلەن باشلىغان. ئۇ 2018-يىلى 4-ئايغىچە مەزكۇر مەكتەپتە 28 يىل ئىشلىگەن. ھالبۇكى، ئۇ 1990-يىلى يېڭى خىزمەتكە چىققان ۋاقىتلىرىدا، كەلگۈسىدە ئۆز خەلقى ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتىلىدىغان مىسلىسىز ۋەيران قىلىش ھەرىكىتىنى زىنھار تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

2004-يىلى مەكتەپلەرنى خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە قوش تىللىق قىلىپ ئۆزگەرتىش بۇيرۇقى چۈشكەندىلا، ئۆزگەرتىشنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغانىدى. ئەمما قەلبىنۇر مەكتەپلىرىدە ئەسلىدىنلا قوش تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مەركىزىي شەھەردىكى خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ يېڭى «سىياسەت»كە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەنىدى. 2016-يىلى (شەرقىي تۈركىستاندا) كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى دوستلار ئارا مىش-مىش پاراڭلارمۇ ئۇنىڭغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا (شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەزى جايلىرىدا) تۈركۈملىگەن ئاياللارغا تۇغماس قىلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئۇنىڭ بۇ گەپكىمۇ تازا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

«بىز ئۇنداق ئىشلار بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلمەيدۇ دەپ ئويلايتتۇق» دەيدۇ ئۇ.

ئەمما بارا-بارا بۇ جەھەتتىكى ئالامەتلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. چىن چۈەنگونىڭ تىبەتنى «تىنجىتقان»دىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىنىشى بىلەن، كۆزىتىش – نازارەت قىلىش، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي سالامەتلىك تەكشۈرۈش، بالىلارنى دۆلەت ئىلكىدىكى يېتىمخانىلارغا ئېلىپ كېتىش، مەدەنىيەت ۋە دىننى ۋەيران قىلىش ھەرىكەتلىرى توختاتقۇسىز ھالغا كەلدى.

2016-يىلى 9-ئايدىن 11-ئايغىچە، قەلبىنۇر ئىشلەۋاتقان مەكتەپ ئوقۇتۇش قابىلىيىتى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي ئىدىيىسى ۋە ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتىمۇ ئەڭ «ئىلغار» ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاشقا باشلىدى. قەلبىنۇر ئالدىنقى قاتاردا تاللاندى.

2017-يىلى 2-ئاينىڭ 28-كۈنى، قەلبىنۇر ئەسلىمىسىدە بايان قىلغىنىدەك، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە

چاقىرتىلدى. ئۇنىڭغا «ساۋاتسىزلار»غا خىتاي تىلى ئۆگىتىدىغانلىقى ئېيتىلدى. ئەمما، غەلىتە يېرى، بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەخپىيەتلىك ساقلاش كېلىشىمى ئىمزالاش تەلەپ قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭغا 3-ئاينىڭ 1-كۈنى (يەنى ئەتىسى) ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئاپتوبۇس بېكىتىدە هازىر بولۇپ، ساقچىغا ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تېلېفون قىلىشى كېرەكلىكى جېكىلەندى.

ئۇ (خاتىرىسىنىڭ قات – قېتىغا ئورناپ كەتكەن) بۇ جەريانىنى تۇنۇگۈنكىدەكلا ئەسلىيەلەيتتى. ئاندىن ئۇ شۇ سەپەردىن كېيىن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئەھۋاللارنى بايان قىلدى.

«بىز ئۇرۇمچىنىڭ چېتىدىكى بىر تاغنىڭ ئارقىسىدىكى، ئەتراپى تام ۋە سىم تور بىلەن قورشالغان تۆت قەۋەتلىك بىناغا يېتىپ باردۇق. بىز مېتال ئېلېكترونلۇق ئىشىكتىن كىردۇق. بۇ يەردە قوراللىق ساقچى، ئون نەچچە خىزمەتچى، باشقۇرغۇچى، سېستىرا، ئوقۇتقۇچى، مۇدىرلار بار ئىدى. مېنى كونترول ئۆيىگە ئەكىردى» دېدى ئۇ گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىغا.

لاگېردىكى بىر خىزمەتچى «دەرس هازىرلا باشلىنىدۇ» دەپ ۋاقىرىغان.

قەلبىنۇرنىڭ ئالدىدىكى تامدا بىر ئېكران بار بولۇپ، ئېكراندا هەر بىرىدە تەخمىنەن ئون ئادەم بار ئون كامېر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قەلبىنۇرنىڭ بايانىچە «كامېردىكىلەر قاراڭغۇلۇققا مەهكۇم قىلىنغان، كامېرنىڭ دېرىزىسى مېتال تاختايلار بىلەن توسۇۋېتىلگەن. كامېردا كارىۋات يوق، پەقەت داق يەرگە سېلىنغان ئەدىياللا بار ئىدى.» شۇنىڭ بىلەن، 14-فېۋرالدىن باشلاپ قامالغان جەمئىي 97 نەپەر مەهبۇس ئېلىپ چىقىلغان. قەلبىنۇر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېخىچە چېچى ۋە ساقاللىرى بارلىقىغا (چۈشۈرۈۋېتىلمىگەنلىكىگە) دىققەت قىلغان. ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتە ئايال بارلىقىنى ساناپ چىققان، ئۇلارنىڭ ئۈچى بەكلا قېرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئاندىن نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇرغان.

«قۇرامىغا يەتكەن <ئوقۇغۇچىلار> سىنىپقا ئوندىن ئوندىن، قول - پۇتلىرىدا زەنجىر – كىشەن بار هالدا ئەكىرىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىدا ئۈستىلى يوق كىچىك پىلاستىك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغۇزۇپ بولۇنغاندا، مېنى سىنىپقا كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈن ساقال قويغان يەتمىش ياشتىن ئاشقان بىر نەچچە مويسىپىتمۇ بار ئىدى. ئادەتتە مەن ئۇلارغا هۆرمەت بىلدۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى يىغلاۋاتاتتى. مەن: <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم> دېدىم. ئەمما، هېچكىم سالىمىمغا جاۋاب قايتۇرمىدى. مەن بۇ يەردە قاتتىق چەكلەنگەن بىر گەپنى دېگەنلىكىمنى دەرهال چۈشەندىم». ئاندىن قەلبىنۇر (سىنىپتىكى) سەككىز دانە كۆزىتىش كامېراسىغا قاراپ قويۇپ دەرسنى داۋاملاشتۇرغان.

«مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ: <مەن سىلەرگە پىنيىندا خىتايچە ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدىم> دېدىم. ئاندىن دوسكىغا <A، B، C، D...> دەپ يازدىم ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالLAهنىڭ مېنى بۇ پانىي دوزاختىن هايات قۇتۇلدۇرۇشىنى توختىماي تىلىدىم. ئۇلار ماڭا ئەگىشىپ A، B، C، D... نى تەكرارلىدى».

ئىككى سائەتتىن كېيىن، قەلبىنۇر ئازراق سۇ ئىچىپ دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇ سىنىپتا سۇ ئىچكەندە ئىشلىتىدىغان سۇ قۇتىسى هازىرمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى سۆزلىگەچ يېنىدىكى سۇ قۇتىسىغا قورقۇنچ ئىلكىدە تىكىلدى. يېرىم سۈزۈك، قېنىق يېشىل رەڭلىك «Hello Kitty» ماركىلىق سۇ قۇتىسى ساهىبىنىڭ مۆلايىم، ئۈمىدۋار خاراكتېرىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. شۇنداقلا، بۇ قۇتا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مىسلىسىز ۋەھشىيلىكلەرنىڭ تىلسىز شاهىتى ئىدى.

چۈشلۈك تاماق نەق چۈشتە يېتىپ كەلگەن. قەلبىنۇر مەهبۇسلارغا سۇيۇق شوۋىگۈرۈچ ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن نورما بويىچە بىر تال مومىنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن. ئۇ ئىككى ياشانغان مەهبۇسقا يەنە بىردىن موما قوشۇپ بەرگەنىدى، ئەمما ساقچى ئىككى مومىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىغاندا قەلبىنۇر بايقىلىپ قالغىلى تاسلا قالغان. هېلىمۇ ياخشى، بىر خىزمەتدىشىنىڭ مومىنى سانىنى خاتا هېسابلاپ قويۇپتىمىز (يەنى موما يۈتۈپ كەتمەپتۇ، ئەسلىدىنلا بارى شۇنچىلىك ئىكەنىدۇق) دېيىشى بىلەن، قاتتىق قورقۇپ كەتكەن قەلبىنۇر ئامان قالغان. ئۇ ئۆزىگە چاي دەملەپ ئىچمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭغا مەهبۇسلارنىڭ سۈيىنىڭ ئىنسانلار ئىستېمال قىلسا بولغۇدەك دەرىجىدە يېتەرلىك قاينىتىلمىغانلىقى ئېيتىلغان.

«ئۇ هاياتىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن كۈن ئىدى» دەيدۇ قەلبىنۇر.

ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئالدىنقى ئالتە ئايلىق توختام مۇددىتىنى مىڭبىر جاپادا تاماملىغان. ئالدىنقى ئۈچ ھەپتە ئۇ ئۆزىنىڭ 97 ئوقۇغۇچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپپىلسىنرەڭ مەھبۇس كىيىمىگە بېسىلغان نومۇرلار بىلەن تونۇشۇپ چىققان.

بۇ جەرياندا، ئوسمان ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولغان. كېلىشكەن ۋە ئەقىللىق بۇ ئادەم مال - مۈلكى خىتاي تەرىپىدىن توڭلىتىلىشتىن بۇرۇن، ئۇرۇمچىدىكى ئەڭ باي كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. قەلبىنۇر ئوسماننىڭ دېرىزىدىكى 20 سانتىمېتىرلىق يوچۇقتىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىدىن بەھرىلىنىۋېلىش ئۈچۈن دەرستىن كېيىن يەنە بىر نەچچە مىنۇت ئارتۇق تۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنگەنلىكىنى ئەسلىدى. بىر كۈنى، ئوسمان تۇيۇقسىزلا غايىب بولغان. كېيىن ئۇ ئوسماننىڭ «مېڭىگە قان چۈشۈش» سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان.

سېلىم ئىسىملىك يەنە بىر ياش بالدۇر قويۇپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، دەرسنى تولىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇمۇ مەلۇم بىر كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىلمىغانلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. يۇقىرىقى ئىككىلى ياش قەلبىنۇر بۇ يەرگە بارغان دەسلەپكى ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان.

ئۇنىڭ سىنىپىدىكىلەرنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئازايغان. ئۇ: «دەسلەپتە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ بارغانسېرى زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىگە شاھىت بولدۇم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ماڭالماس بولۇپ قالدى» دەيدۇ.

3-ئاينىڭ 20-كۈنى، لاگېرنىڭ بىرىنچى قەۋىتى يېڭى كەلگەنلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىسى دىندار، كۆپىنچىسى ياشانغان كىشىلەر بولسا، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر زىيالىيلار، سودىگەرلەر ياكى خىتاي تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ جىنايىتى خىتايدا چەكلەنگەن Facebook نى ئىشلەتكەنلىكىدەك قىلاتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ گۇرۇپپىدىكى ۋەزىپىسى ئۇلارغا كوممۇنىزم ناخشىلىرى ۋە دۆلەت شېئىرىنى ئۆگىتىش ئىدى.

ئۇ سىنىپقا كىرىش ئۈچۈن، ئىشىك ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇق ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇرلانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق خارلانغانلىقىنى بايان قىلدى. «كۆزۈم ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب چېكىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى» دەيدۇ ئۇ. ھەر سائەتتە ئۇنىڭغا يەنە 100 كىشىلىك يېڭى گۇرۇپپا ئەۋەتىلگەن.

بۇلارنى ئادەتتە باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ رەھىمسىزلىكى دەرسخانىكىدىن قېلىشمايتتى. مەھبۇسلار ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا ھاجەتخانىغا بارالايتتى، ھەر ئايدا 15 مىنۇت يۇيۇنالايتتى.

قەلبىنۇر گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ لاگېردا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇپ يۈرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتتى. لاگېردا ئىشلىگىلى بىر نەچچە ھەپتە بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئېرىدىن باشقا ھېچكىمگە بۇ ھەقتە تىنمىغانىدى. چۈنكى، لاگېرلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خالىغانچە قولغا ئېلىشنىڭ تېزلىششىگە ئەگىشىپ، سىرتتا ئاتالمىش «ئەركىن» ياشاۋاتقانلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكەت، ھەر بىر چىراي ۋە ھەربىر ئاۋازىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان كۆزىتىش تورلىرىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغانىدى. ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە چارلىشى ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ھەركىم ئۆز ئىشىكىنىڭ چېكىلىشىنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ «مېنىڭ مەھەللەممۇ ئوچۇق-ئاشكارە تۈرمىگە ئايلانغانىدى» دەيدۇ. ئۇ بىر كۈنى ساقچىلارنىڭ پىيادىلەر يولىدا پاراڭلىشىۋاتقان بەش ياشنىڭ يېنىغا يوپۇرۇلۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىككىيلەننى قولغا ئالغانلىقىنى كۆرگەن.

چەتئەلگە تېلېفون قىلىش جىنايەتكە ئايلانغان. 2017-يىلى 3 - ئايدا، ئۇنىڭ قوشنىسى بىر كۈنى كەچتە بىر خىتاي خىزمەتدىشىدىن قىرغىزىستاندىكى ئوغلىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلمەسلىكىنى جېكىلەپ قويۇشنى ئۆتۈنگەنلىكى ئۈچۈن، بەش ساقچى تەرىپىدىن كىشەنلەنگەن ھالدا ئېلىپ كېتىلگەن. ھېلىقى خىتاي خىزمەتدىشى ئۈچ ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما (قىرغىزىستاندا ئوغلى بار) قوشنىسىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئىز – دېرىكى بولمىغان.

ئىككى يىلدا قەلبىنۇرنىڭ مەھەللىسىدىكى 600 ئۇيغۇر ئاھالىنىڭ 190 ى غايىب بولغان ۋە خىتاي كۆچمەنلەر قۇرۇق ئۆيلەرنى تولدۇرۇشقا باشلىغان.

لاگېرغا يېڭى مەھبۇسلار توختىماي كېلىپ تۇرغان. قەلبىنۇرنىڭ مۆلچەرىچە تەخمىنەن ئالتە ئايدا، (ئۇ ئىشلەۋاتقان لاگېرغا) 3000 دىن ئارتۇق مەھبۇس ئەكېلىنگەن. ئۇلار ھەر بىر كامېرغا ئەللىك ياكى ئاتمىشتىن سولانغان بولۇپ، كۈندۈزلىرى ئىككى ياكى ئۈچ گۇرۇپپىدىن، بەزىدە يەتتە گۇرۇپپىدىن سوراققا ئېلىپ چىقىلغان.

قىيناش ئۆيى يەر ئاستىدا ئىدى.

لاگېردىكى بىر ساقچى خىزمەتدىشى قەلبىنۇرغا سوراقتا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنى سۆزلەپ بەرگەن. «ئۇ ماڭا توك سوقتۇرۇشنىڭ توكلۇق ئورۇندۇققا باغلاپ توك سوقتۇرۇش، توكلۇق پەلەي كىيگۈزۈپ توق سوقتۇرۇش، توكلۇق قالپاق كىيگۈزۈپ توق سوقتۇرۇش ۋە توك كالتەكنى مەقئىتىگە تىقىپ توك سوقتۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت خىل ئۇسۇلى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى» دەيدۇ قەلبىنۇر.

«چىرقىرىغان ئاۋازنىڭ ئەكس ساداسى پۈتۈن بىنانى بىر ئالاتتى، مەن بەزىدە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، بەزىدە دەرس ۋاقتىدا بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلايتتىم».

شۇ مالىمانچىلىقلار ئىچىدە تۇرغان قەلبىنۇرغا 2017-يىلى 7-ئايدا تۇيۇقسىز پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ كۆپ داۋراڭ سېلىنغان، «ھەقسىز» يىللىق ئايالللار كېسەللىكلىرى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىش ئۇقتۇرۇشى كەلگەن. ئۇنىڭ يانفونىدا شۇ ھەقتىكى ئۇچۇر ھازىرمۇ بار. گەرچە ئۇ 51 ياشقا كىرىپ، تۇغۇت يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، ئەمما 18 ~ 59 ياش ئارىلىقىدىكى بارلىق ئاياللارنىڭ بۇ تەكشۈرۈشكە قاتنىشىشى مەجبۇري ئىدى. «ھەمكارلاشمىسىڭىز جازالىنىسىز» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش ھەممىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەتتى.

«مەن لاگېردا ئىشلەۋاتقان بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ تەكشۈرۈشكە قاتنىششىنى رەت قىلسام نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم» دەيدۇ قەلبىنۇر.

7-ئاينىڭ 18-كۈنى، ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، دوختۇرخانىنىڭ سىرتىدا كىشىلەر ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇپ كەتكەنىدى. تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى. «ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ خىتاي يوق ئىدى» دەيدۇ قەلبىنۇر.

نۆۋەت قەلبىنۇرغا كەلگەندە، ئۇقتۇرۇشتا بايان قىلىنغىنىدەك ئاياللار كېسەللىكلىرى تەكشۈرۈشى قىلىنماستىن، ئۇنىڭغا مەجبۇري ھالدا تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىنغان. ئۇ ئەينى چاغدىكى زورلاۋان ۋە ھاقارەتلىك جەريانىنى گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى تەشكىلاتىغا تەپسىلىي بايان قىلىپ، بىر قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ بەردى. «مەن يېتىپ تۇرۇپ پۈتۈمنى كېرىشكە بۇيرۇلدۇم، ئاندىن ماڭا ئۈزۈك سېلىندى. بۇ دەھشەتلىك زوراۋانلىق ئىدى. مەن خورلانغانلىقىمنى، جىنسىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يىغلاپ كەتتىم».

مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، بىرلا قىزى بار قەلبىنۇر (خىتاينىڭ ئاتالمىش قانۇنىغا كۆرە) ئىككىنچى باللىق بولسا بولاتتى. گەرچە بۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن، ئۆزى ئىشلەۋاتقان مەكتەپتىن ۋە ھۆكۈمەتتىن ئۈچ تەرەپلىك ئىجازەت ئېلىش كېرەك بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇمكىن بولاتتى.

ئۇنىڭ لاگېردىكى مۇشكۈلاتلىرى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. 2017-يىلى 9-ئايدا، تۇنجى توختامى ئاخىرلاشقاندا، قەلبىنۇر ئۈرۈمچىدىكى يەنە بىر ئاياللار لاگېرىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان ئالتە قەۋەتلىك بىناغا يېقىنلاشقاندا، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە چوڭ قىلىپ يېزىلغان «پېنسىيە مەركىزى» دېگەن خەتلەرنى كۆرگەن.

ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ناھايىتى چوڭ لاگېر بولۇپ، بۇ يەردە چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن تەخمىنەن ئون مىڭ ئايال بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتمىش ياشتىن ئاشقانلار ئارانلا 60 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش، چىرايلىق، ئوبدان تەربىيەلەنگەن قىزلار ئىدى».

بۇ كورىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، مىسىر، ياۋروپا ياكى ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغانلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان لاگېر ئىدى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى مەلۇماتلىق ۋە بىر نەچچە تىلدا سۆزلىشەلەيدىغانلار بولۇپ، ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەندە تۇتۇپ كېتىلگەن. قەلبىنۇر تۇيۇقسىز چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان قىزىدىن ئەنسىرەپ قالغان. «ئەگەر خىتاي قىزىمنى قايتىپ كېلىشكە زورلىسا، ئۆلۈۋېلىشنى قارار قىلغان ئىدىم» دەيدۇ ئۇ.

قەلبىنۇرنىڭ دېيىشىچە، بۇ لاگېردىكى تازىلىق شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ھەر بىر كامېردىكى كۈندە بىر قېتىملا تۆكۈلىدىغان تەرەت تۆڭىدىن چىقىدىغان پۇراق ھاۋانى سېسىتىۋەتكەنىدى. ئەتىگەندە يۈز يۇيۇشقا بىر مىنۇت ۋاقىت بېرىلىدىغان بولۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم يۇيۇنۇشقا بولاتتى. «ھاۋا يۇقۇملۇق مىكروبلار بىلەن تولغان، نۇرغۇن كىشىلەر مەينەتچىلىك دەستىدىن كېسەل بولۇپ كەتكەن» دەيدۇ ئۇ.

دۈشەنبە ئەتىگەندە لاگېرنىڭ «شىپاخانا»سى ئالدىدا **10** مىڭ كىشى ئۆچرەت تۇرغان ۋە ھەر بىر مەھبۇسقا سىرلىق بىر خىل ئوكۇل ئۇرۇلغان. ئۇلاردىن يەنە قان ئېلىنغان ۋە ئاق رەڭلىك دورا ئىچكۈزۈلگەن.

«ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل» بىر سېستىرا بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ، تۇتقۇنلارنىڭ قاراڭغۇ كامېرلاردا ياشىغانلىقى ئۈچۈن كالتسىي (ئوكۇللانغان سۇيۇقلۇق)غا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، قان تەكشۈرۈشتىكى مەقسەتنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى بايقاش ئىكەنلىكىنى، ئاخىرىدا ئىچكۈزۈلگەن دورىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇخلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمما قەلبىنۇر بۇ گەپكە ئىشەنمەيتتى «مەن <شۇنچە كۆپ كالتسىيگە ئېھتىياج بارمۇ؟> دەپ ئۆز ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم» دەيدۇ ئۇ.

قەلبىنۇر ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز يەنە بىر كۈن شۇكى، شۇ كۈنى ئۇ سىنىپقا ماڭغاندا بىر ئوقۇغۇچىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ماڭغان ئايال ساقچى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان ۋە ئۇلار ھويلىدىكى كامېراسىز جايدا ئۆزئارا پاراڭلاشقان. «لاگېردا ئىككىمىزدىن باشقا ئۇيغۇر خىزمەتچى يوق ئىدى» دەيدۇ قەلبىنۇر. ھېلىقى ئايال ساقچى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇغۇت چەكلەش بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ مەھبۇسلارغا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرى بەرگەنلىكىنى، ھەتتا قىزلارنىڭ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن دورىنى مومىنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ جەسىتىنى ئېلىپ ماڭغان ھېلىقى قىز (شۇ دورا يېگۈزۈلۈۋەرگەچكە) ئادىتى توختىماي، قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ قەلبىنۇرنى بۇ ئىشنى ھېچكىم تىنماسلىق ھەققىدە قەسەم قىلدۇرغان.

قەلبىنۇر ياۋروپاغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى كۆرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئېيتماقچى بولغاندا، دەسلەپتە بىر جۈملە گەپنى تولۇق قىلىشتىنمۇ ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ شۇ گەپلەرنىڭ ئۈچىنى چىقارغان ھامان بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى. گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئەزالىرى ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىغان ۋە ئۇنىڭغا قۇربىتى يەتكەندە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىكى كىشىنى ئازابلايدىغان يەنە بىر ۋەقە تۆۋەندىكىچە: بىر كۈنى، **20** ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر قىز سىنىپتىن «سۆھبەت» ئۈچۈن چاقىرىلغان. قەلبىنۇر قىزنىڭ ئىككى سائەتتىن كېيىن قانداق قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلەشتە قاتتىق ئىزتىراپ چەككەن. «ئۇ قىز بەكلا ئازابلاندى، بىئارام بولغىنىدىن ئولتۇرالمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ساقچى ئۇنىڭغا ۋاقىراپ، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى قايتا كۆرۈپ باقمىدىم». لاگېردا ئىشلەۋاتقان بىر ساقچىنىڭ قەلبىنۇرغا ئېيتىشىچە، ھەر كۈنى تۆت - بەش قىز ئېلىپ چىقىلىپ، لاگېرنىڭ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن باسقۇنچىلىق قىلىنىدىكەن، «بەزىدە ئۇلارنىڭ ئەۋرىتى ۋە مەقئىتىگە توك كالتىكى تىقىلىدىكەن».

قەلبىنۇرنىڭ ئېيتىشىچە، خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ياكى باشقا يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان دەسلەپكى لاگېرغا ئوخشىمايدىغىنى، ئاياللار لاگېردىكى بارلىق باشقۇرغۇچىلار ئەر خىتايلار ئىكەن.

**2017**-يىلى **11**-ئايغا كەلگەندە، قەلبىنۇر تۇغۇت چەكلەش ئۇزۇكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلاپ، ئۇنىڭدىن كۆپلەپ قان كېلىشكە باشلىغان. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەمدى لاگېرلاردىكى خىزمەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. «مېنىڭ بۇ دەھشەتنى ھەرقانداق بىرىگە ئېيتىشىم چەكلەندى» دەيدۇ

قەلبىنۇر. يولدىشى ئۇنىڭغا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇ لاگېردا ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئىشلەشكە خىزمەتداشلىرىدىن بىرنى تەۋسىيە قىلىشقا مەجبۇرلانغان. ئاندىن ئۇ دوختۇرخانىدا بىر ئاي ياتقان.

قەلبىنۇر شۇنىڭدىن كېيىن لاگېرغا قايتمىغان، ئەمما يەنىلا ئىلگىرىكى «ئوقۇغۇچىلىرى» توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى بىلىشكە تىرىشىپ تۇرغان. ئۇ 2017-يىلى 12-ئايدا ئۇرۇمچىدە قويۇپ بېرىلگەن بىر تۇركۇم ياش مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولغان: «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاتتىق قىيناشقا ئۇچرىغانلىقتىن، قولى ياكى پۇتى كېسىۋېتىلىشكە مەجبۇر بولغان، يەنە بەزىلىرى ساراڭ بولۇپ قالغان».

قەلبىنۇر سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندا، يەنى 2018-يىلى 2-ئايدا ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتقان. ئەمما بۇ قايتىش ئۇ ئۈمىد قىلغاندەك خۇشاللىنارلىق جەم بولۇش بولمىغان. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئىشتىن بوشىتىۋېتىلگەن، تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىنغان.

قەلبىنۇرنىڭ گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىغا ئېيتقىنىدەك، ئۇ ئۆزىنىڭ 28 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىدا، ۋەزىپىسىدىن هالقىغان هالدا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىگەنلىكىنىڭ هېچقانداق يۈز – خاتىرىسى بولمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلدى. «بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىز خىتاي هۆكۈمىتىنى ئۆز هۆكۈمىتىمىز، بىز قانۇنغا بويسۇنساقلا يېتەرلىك دەپ ئويلىغاندۇق. ئەمما سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز ئەمەس، كىملىكىڭىز مۇھىمكەن» دېدى ئۇ ئېچىنىش ئىلكىدە.

(قەلبىنۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) 11 ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىغا قاراشقا قويۇلغان ۋە مەكتەپ 100 خىتاي ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىغا قالغان. 2018-يىلى 4-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۇلار «بالدۇر پېنسىيەگە چىقىشقا قوشۇلىمەن» دېگەن مەزمۇندىكى هۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. قەلبىنۇر مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە مەن پېنسىيەگە چىقىدىغان ياشتا بولمىساممۇ، ئەمما بۇنى رەت قىلغىلى بولمايتتى».

ئىشسىز قالغان، سالامەتلىكى ناچارلاشقان قەلبىنۇر ياۋروپادىكى قىزىنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن پاسپورت ئىلتىماس قىلغان. ئەمما، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە، ئۇنىڭ چېگرادىن چىقىشى چەكلەنگەن.
قىزىنىڭ تويىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ساقچىلار تەرىپىدىن بەش كۈن سوراق قىلىنغان. ئۇنىڭ قىزى قانۇنسىز نامايىشقا قاتناشقان دەپ ئەيىبلەنگەن، قەلبىنۇرغا يەنە قىزىنىڭ فېيسبۇك بېتىدىكى چەكلەنگەن ۋىدىيو كۆرسىتىلگەن. ئۇلار قەلبىنۇرنىڭ قىزىنىڭ ياۋروپادىكى هاياتى، ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان چەتئەللەردە ياشايدىغان باشقا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش، قىزىمۇ بۇ تەلەپكە بويسۇنغان.

2019-يىلى، يەنە بىر قېتىملىق قانسىراشتىن كېيىن، قەلبىنۇر دوختۇرخانا ئاچقان بىر نەۋرە تۇغقىنىنىڭ ياردىمىدە تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىنى ئۆز ئالدىغا ئالغۇزۇۋەتكەن. 2019-يىلى 9-ئايدا، ئۇ ئاخىرى داۋالىنىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشقا ئىجازەت ئالغان، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشىمىغان 23 تارماقنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپ قاترىغان.

«مەن هەر قېتىم بىر ئايدىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىشقا ۋەدە بېرىشىم كېرەك ئىدى، بولمىسا پېنسىيە مائاشىم توختىتىلاتتى» دەيدۇ قەلبىنۇر. قەلبىنۇر ۋە يولدىشى ئىككىلىسى ئۈچ ئايلىق شەنگەن ۋىزىسى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئېرىنى چەتئەلگە چىققىلى قويمىغان.

قەلبىنۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 2019-يىلى ئۆكتەبىردە ياۋروپاغا كەلگەندە، ئۆتكەن ئۈچ يىلدىكى ۋەقەلەرگە ئالاقىدار خاتىرىلەرمۇ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا كەلگەن. ئۇ چارچىغان، روھى زەخىملەنگەن، تېڭىرقىغان، چۈشكۈنلەشكەندى. ئۇ هەر قېتىم ئائىلىسىنى ئويلىغاندا يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ شۇ هالەتتە تۆت ئاي سۈكۈت قىلدى. بۇ جەرياندا ئائىلىسىدىكى هەممەيلەن ئۇنى (ئۇندىدار دېگەندەك) ئىجتىمائىي ئالاقە دېتاللىرىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى، ئېرىمۇ ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋېتىلگەندەك هېس قىلدى.

گەرچە ئۇ ئىچىدىكىنى ئېيتالمىسىمۇ، ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى، كەچمىشلىرى ئۇنىڭغا كىچە-كۈندۈز ئارام بەرمىدى. «قەلبىمدىكى تۈگۈن يوقىمىغاندى» دەيدۇ ئۇ. قەلبىنۇر بىر تەرەپتىن گەپ قىلىشتىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز كەچمىشلىرىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ يۈردى. بىر تۇغقىنى ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئۇنى مۇشۇ كەچمىشلەرنى سۆزلىشى ئۈچۈن قۇتقۇزغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما ئۇ نېمە دېيىشنى، نەدىن باشلاشنى بىلمەيتتى.

ئاخىرىدا، ئۇ گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلاشتى. بۇ تەشكىلات ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغان ھالدا ۋەقەلەرنى بىر پۈتۈن بايان قىلىشىغا ياردەم بەردى. «ئاخىرىدا، مەن قەددىمنى تىكلەپ، خەلقىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى قارار قىلدىم» دەيدۇ ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

قەلبىنۇر سىدىق باشقا ئىنسانلار كۆرمەسلىكى كېرەك بولغان ئىشلارنى كۆردى. ئەمما ئۇ بۇ ۋەھشىيلىكلەرنىڭ يالغۇز شاھىتى ئەمەس. ئۇنىڭغا ئوخشاش مىڭلىغان كىشىلەر يەنىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا ئىشلەپ، قەلبىنۇر شاھىت بولغان ۋەھشىيلىكلەرگە شاھىت بولۇۋاتىدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدىكى، خىتاينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلەر تولىمۇ ئاز.

2019-يىلى ياۋروپاغا كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ مەنىۋى جاراھەتلىرى ساقايغىنى يوق. ئۇ بەلكىم جىسمانىي قورقۇنچتىن قۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قەۋمى – قېرىنداشلىرى ھېلىھەم مىسلىسىز ئازابنىڭ، زۇلۇمنىڭ، خورلۇقنىڭ ئىچىدە ئىڭرىماقتا.

**ئاپتور ھەققىدە: رۇس ئىنگرام (Ruth Ingram) ئوتتۇرا ئاسىيا-كاۋكاز نەشرىياتى، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق دوكلاتى تەتقىقات يۈرتى، «قوغدىغۇچىلار ھەپتىلىكى» گېزىتى ۋە باشقا نەشر ئەپكارلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسەر يازغان تەتقىقاتچىدۇر. ئۇ يەنە زىمىستان تورىنىڭ ئاساسلىق يازغۇچىلىرىدىن بىرىدۇر.**

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

**https://thediplomat.com/2020/08/confessions-of-a-xinjiang-camp-teacher/**



# گېرمانىيە دۆلەت شېئىرى

گېرمانىيە، گېرمانىيە ئۈستۈن ھەممىدىن،
دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن.
قوغدىنىش ۋە مۇداپىئەدىن سۆز ئاچساق،
بىرلىكىمىز جەم قىلار بىزنى ئەسلىدىن.
ماستىن مەمەلگىچە ۋە ئېشچتىن بېلتقىچە،
گېرمانىيە، گېرمانىيە ئۈستۈن ھەممىدىن،
دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن.
گېرمانىيە، گېرمانىيە ئۈستۈن ھەممىدىن،
دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن.

گېرمان ئاياللىرى ۋە ساداقىتى،
گېرمان ھارىقى ۋە مېلودىيىسى
ياشنايدۇ دۇنيادا ئەبەدىلئەبەد.
ئۆز ۋە قەدىم گېرمان كۈيى،
بۈيۈك غايىمىزنى ئۇرغۇتار قەۋەت.
گېرمان ئاياللىرى، گېرمان چىنلىقى
گېرمان پىۋىسى ۋە گېرمان كۈيى!
گېرمان ئاياللىرى، گېرمان چىنلىقى
گېرمان پىۋىسى ۋە گېرمان كۈيى!

يار بولسۇن ۋەتەنگە ئەركىنلىك
شۇنداقلا بىرلىك ۋە ئادالەت ھەم.
تىرىشايلى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز،
قېرىنداشلىق ئىلىكىدە جان ۋە تەن بىلەن.
بىرلىك، ئادالەت ۋە ئەركىنلىك
ئۇل-ئاساسىدۇر بەختىنىڭ ھەردەم.
گۈللەنگىن، ئى ئانا ۋەتەن!
پورەكلەپ ئېچىلغىن بەخت نۇرىدا،
گۈللەنگىن، ئى ئانا ۋەتەن!

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# كوممۇنىست خىتاي ۋە ئەركىن دۇنيانىڭ كېلەچىكى

## ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپىيونىڭ خىتاي تەھدىتى ھەققىدىكى نۇتقى

دۆلەت سېكرېتارى پومپىيو:

رەھمەت سىلەرگە، ھەممىڭلارغا رەھمەت. شىتات باشلىقى، تونۇشتۇرۇشىڭىز ئۈچۈن سىزگىمۇ رەھمەت. مېنىڭ بۈگۈنكى سۆزلىرىم (ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر سۆزلىگەن) خىتايغا ئالاقىدار بىر يۈرۈش نۇتۇقلارنىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ، مەن دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىئېن (Robert O’Brien)، فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كرىس راي (Chris Wray) ۋە باش تەپتىشى بارر (Barr) نى بىر يۈرۈش نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغانىدىم. بىزنىڭ ناھايىتى ئېنىق مەقسىتىمىز، ئىنتايىن رېئال ۋەزىپىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بەرپا قىلىنغان بۇ مۇناسىۋەتتىكى غايەت زور تەڭپۇڭسىزلىقنى ۋە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ دۇنياغا ئاتامان بولۇش پىلانىنى چۈشەندۈرۈشتۇر. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئامېرىكالىقلار دۇچ كەلگەن، پرېزدېنت ترامپنىڭ خىتاي سىياسىتى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان (خىتايدىن كېلىۋاتقان) تەھدىتنىڭ تولىمۇ روشەن ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇ ئەركىنلىكلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەھەتتىكى ئىستراتېگىيىمىزنى بايان قىلىشتۇر.

باش ئەلچى ئوبرىئېن ئىدىئولوگىيە ھەققىدە سۆز قىلدى. فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى راي جاسۇسلۇق توغرىسىدا سۆز قىلدى. باش تەپتىش بارر ئىقتىساد توغرىسىدا سۆز قىلدى. مېنىڭ ھازىرقى مەقسىتىم ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلاپ، خىتاي تەھدىتىنىڭ ئىقتىسادىمىز، ئەركىنلىكىمىز ۋە دۇنيادىكى ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشتۇر.

كېلەر يىلى دوكتور كىسسىنجېر (Kissinger) نىڭ مەخپىي ۋەزىپە بىلەن خىتايغا بارغىنىغا يېرىم ئەسىر بولىدۇ. پرېزىدېنت نىكسوننىڭ خىتاي زىيارىتىنىڭ ئەللىك يىللىقى بولغان 2022 - يىلىغىمۇ ئازلا قالدى. ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا باشقىچە ئىدى. بىز خىتاي بىلەن ئارىلىشىشنىڭ ئىناق ھەمكارلىق ئىستىقبالىغا ئىگە كەلگۈسىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدۇق. ئەمما بۈگۈن ھەممىمىز يەنىلا ماسكا تاقاپ، (تاجىسىمان ۋىرۇستىن) يۇقۇملانغۇچىلار سانىنىڭ ھەدەپ ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. چۈنكى خىتاي كومپارتىيەسى دۇنياغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمىدى. بىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشقا ئالاقىدار يېڭى – يېڭى خەۋەرلەرنى ئوقۇۋاتىمىز. بىز خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ خىزمەت پۇرسەتلىرىنى تالان – تاراج قىلغان ۋە ئامېرىكا ئىقتىسادىغا غايەت زور زەربە بەرگەن سودا سۈيىئىستېماللىرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ستاتىستىكىلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇنداقلا بىز يەنە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان، ئىنتايىن خەتەرلىك خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. مەن بۇ يەردىن، يەنى كالىفورنىيەدىن مېنىڭ يۇرتۇم كانزاس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى ئامېرىكالىقلارنىڭ قەلبى ۋە كاللىسىدىكى شۇ سوئالنى تەكرارلىماقچىمەن: ئامېرىكا خىتاي بىلەن ئارىلاشقىلى ئەللىك يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكا خەلقى قانداق مەيداننى ئىپادىلىشى كېرەك؟ رەھبەرلىرىمىزنىڭ «خىتاي ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ» دېگەن نەزەرىيىسى توغرىمۇ؟ خىتاينىڭ (ھەر ئىككى تەرەپ) تەڭ پايدا ئالىدىغان ۋەزىيەتكە بولغان ئېنىقلىمىسى مۇشۇمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، دۆلەت سېكرېتارىنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا ھازىر (ئىلگىرىكىدىن) تېخىمۇ بىخەتەرمۇ؟ ھازىر بىزنىڭ ئۆزىمىز ئۈچۈن ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن تىنچلىق بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىمىز تېخىمۇ كۈچەيدىمۇ؟

بىز شۇنداق بىر رېئاللىقنى، يەنى كەلگۈسى بىر نەچچە يىل ۋە نەچچە ئون يىلدا بىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز شى جىنپىڭ چۈشەۋاتقان «خىتاي ئەسىرى»گە ئەمەس، ئەركىن 21-ئەسىرگە ئېرىشمەكچى بولساق، خىتاي بىلەن قارىغۇلارچە يېقىن ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كونا ئەندىزە ئارقىلىق بۇنى روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز بۇ كونا ئەندىزىنى داۋاملاشتۇرماسلىقىمىز ۋە ئۇنىڭغا قايتماسلىقىمىز كېرەك. پرېزىدېنت ترامپنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بىز ئامېرىكا ئىقتىسادىنى، شۇنداقلا تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى قوغدايدىغان ئىستراتېگىيىگە موھتاج. ئەركىن دۇنيا چوقۇم بۇ يېڭى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشى كېرەك.

ھازىر، مەن پرېزىدېنت نىكسوننىڭ (خىتاي بىلەن يېقىن ئارىلىشىشتىن ئىبارەت) مىراسىنى يېقىنقى بەك ھېرىسمەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويۇشتىن بۇرۇن، شۇنى ئايدىڭلاشتۇرماقچىمەنكى، ئۇ ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق دەپ قارىغان ئىشنى قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭ قارارى شۇ چاغدا توغرا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ جەسۇر جەڭچىسى ئىدى. ئۇ خىتاينى يېقىندىن تەتقىق قىلغان، شۇنداقلا مۇشۇ يەردىكى ھەممىمىزگە ئوخشاش خىتاي خەلقىگە تولىمۇ مەپتۇن ئىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە زىيان سالغان كوممۇنىست رېجىم سەۋەبىدىن ئاجىزلاشقان خىتاينىڭ يەنىلا سەل قاراشقا بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن غايەت زور ئالقىشقا لايىقتۇر. 1967-يىلى، نىكسون «تاشقى ئىشلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان مەشھۇر ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستراتېگىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇنداق دېگەن: «يىراققا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىز خىتاينى خەلقئارا دۆلەتلەر ئائىلىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرالمايمىز... خىتاي ئۆزگەرمىگۈچە دۇنيا بىخەتەر بولمايدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ مەقسىتىمىز - كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ۋەقەلەرگە تەسىر كۆرسىتىش، ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش بولۇشى كېرەك». مېنىڭچە «ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش» بۇ ماقالىدىكى ئاچقۇچلۇق جۈملىدۇر. ئەنە شۇ خىل ئەھۋالدا، پرېزىدېنت نىكسون بېيجىڭغا قىلغان بۇ تارىخىي سەپىرى ئارقىلىق خىتاي بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش ئىستراتېگىيىمىزنى باشلىدى. ئۇ تېخىمۇ ئەركىن ۋە تېخىمۇ بىخەتەر بىر دۇنيانى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولدى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكانىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ «خىتاي ئۆزىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بارغانسېرى ئېچىۋېتىلىدۇ، دۆلەت ئىچىدە تېخىمۇ ئەركىنلىشىدۇ، چەتئەللەردىكى تەھدىتى ئازىيىپ، دوستانىلىشىدۇ» دېگەن پەرىزى بارغانسېرى كۆچىيىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قارىماققا مۇقەررەر يۈز بېرىدىغاندەك كۆرۈنىدىغانلىقىغا مەنمۇ ئىشىنىمەن. ئەمما ئۇ مۇقەررەرلىك دەۋرى ئاخىرلاشتى. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ خىل «ئارىلىشىش» خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پرىزدېنت نىكسون ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلغان ئۆزگىرىشنى ئېلىپ كېلەلمىدى.

ھەقىقەت شۇكى، بىزنىڭ سىياسىتىمىز ۋە باشقا ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ سىياستى خىتاينىڭ مەغلۇب بولغان ئىقتىسادىنى تىرىلدۈردى، ئەمما نەتىجىدە بېيجىڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغان قوللارنى چىشلىدى. بىز خىتاي پۇقرالىرىغا قۇچاق ئاچتۇق، ئەمما (بۇنىڭغا جاۋابەن) خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئەركىن ۋە ئوچۇق جەمئىيىتىمىزدىن پايدىلانغانلىقىنىلا كۆردۇق. خىتاي ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرىمىزغا، تەتقىقات مەركەزلىرىمىزگە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىمىزگە، ئالىي مەكتەپلىرىمىزگە، ھەتتا ئاتا - ئانىلار يىغىنلىرىمىزغىمۇ تەشۋىقاتچىلىرىنى كىرگۈزدى. بىز كېيىن كۈچلۈك دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلانغان تەيۋەندىكى دوستلىرىمىزنى چەتكە قاقتۇق. بىز خىتاي كومپارتىيەسىگە ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىگە ئالاھىدە ئىقتىسادىي ئىمتىياز بەردۇق. پەقەت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ غەرب شىركەتلىرىنىڭ خىتايغا كىرىشىنىڭ «بەدىلى» سۈپىتىدە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە سۈكۈت قىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆردۇق.

باش ئەلچى ئوبرىئېن تېخى ئالدىنقى كۈنىلا بۇ ھەقتە بىر قانچە مىسالنى ئوتتۇرىغا قويدى: مارىيوت (Marriott)، ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، دېلتا، بىرلەشمە ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بېيجىڭنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ توربېكەتلىرىدىن تەيۋەنگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋەتكەن. بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان، ئامېرىكانىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئۆزىنى ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ كېسىمچىسى دەپ قارايدىغان ھولليۋود ئۆزىنىڭ كىنو - فىلىملىرىدە خىتايغا شۇنچىكى ياقماي قېلىشى مۇمكىن بولغان مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ. شىركەتلەرنىڭ بۇ تەرزدە خىتاي كومپارتىيەسىگە تىز پۈكۈشى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال.

ئەمما، بۇ شىركەتلەرنىڭ «ساداقەتمەن»لىكى كارغا كەلدىمۇ؟ خۇشامەتچىلىكى مۇكاپاتلاندىمۇ؟ مەن سىلەرگە باش تەپتىش، گېنېرال باررنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرەي. ئۇ ئالدىنقى ھەپتە قىلغان سۆزىدە «خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاداققى ئارزۇسى ئامېرىكا بىلەن سودا قىلىش ئەمەس، بەلكى ئامېرىكاغا ھۇجۇم قىلىشتۇر» دېدى. خىتاي بىزنىڭ قىممەتلىك ئەقلىي مۈلۈكلىرىمىزنى ۋە سودا مەخپىيەتلىكلىرىمىزنى تالان – تاراج قىلىپ، پۈتۈن ئامېرىكادا مىليونلىغان خىزمەت پۇرسىتىگە ئېرىشتى، تەمىنلەش زەنجىرلىرىنى ئامېرىكادىن تارتىۋالدى، ئاندىن ئۇنىڭدا (شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر قاتارلىق) كىشىلەرنى قۇلدەك مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا باشلىدى. خىتاي يەنە دۇنيادىكى مۇھىم سۇ يولى (جەنۇبىي دېڭىز)نى خەلقئارا سودا ئۈچۈن خەتەرلىكلەشتۈرۈۋەتتى.

پرىزدېنت نىكسون بىر قېتىم ئۆزىنىڭ دۇنيانى خىتاي كومپارتىيەسىگە ئېچىۋېتىش ئارقىلىق بىر «غەلىتە مەخلۇق»نى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولۇشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ھازىر دەل شۇ ئىش يۈز بەردى. ھازىر سەمىمىي كىشىلەر «ئەركىن دۆلەتلەر نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىللاردىن بېرى، بۇنداق ناچار ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويىدى؟» دەپ سوئال قويۇشقا ھەقلىق. بەلكىم بىز خىتاي كوممۇنىزمىنىڭ خەتىرىنى گۆدەكلەرچە سەل چاغلاپ قالغان، ياكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى غەلىبىمىزدىن خۇدىمىزنى يوقاتقان، ياكى كاپىتالىستلارچە توخۇ يۈرەكلىك قىلغان، ياكى بېيجىڭنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە ئالدىنىپ قالغان بولۇشىمىز مۇمكىن. نېمە سەۋەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ئۆز ئىچىدە بارغانسېرى مۇستەبىتلىشىپ، خەلقئارادا ئەركىنلىككە بولغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ

كۆچىيىپ كەتتى. پرېزدېنت ترامپ بۇنىڭغا «بولدى بەس!» دېدى. مېنىڭچە، دالاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇگۈن مەن ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلار ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرمەيدۇ. ئەمما، بەزىلەر ھېلىھەم (خىتاي بىلەن، مەسىلە ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس) «سۆھبەت ئۈچۈنلا سۆھبەتلىشىش» ئەندىزىسىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرماقتا. ھازىر، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىز (خىتاي بىلەن) داۋاملىق سۆھبەتلىشىمىز. ئەمما ھازىرقى سۆھبەت ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ.

مەن بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى (خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي تاشقى ئىشلار كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ت) ياڭ جيېچى (Yang Jiechi) بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھونولۇلۇغا باردىم. بۇمۇ ئوخشاشلا كونا ھېكايە ــــ قۇرۇق گەپ جىق، ئەمما خىتاينىڭ قىلمىشىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق تەكلىپ يوق. ياڭنىڭ بەرگىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدىكى نۇرغۇن ۋەدىلىرىگە ئوخشاشلا قۇرۇق ۋەدىلەر ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇنىدىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن قارارلىق ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى شۇنداق قىلغانىدى. مەن ئۇنداق قىلمىدىم، پرېزىدېنت ترامپمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. باش ئەلچى ئوبرىئېن ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرگەندەك، بىز خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيىتىنىڭ ماركسىزمچى-لېنىنىزمچى ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەك. باش سېكرېتار شى جىنپىڭ ئاللىقاچان شاللىنىپ كەتكەن ھاكىممۇتلەقلىق ئىدىئولوگىيىسىگە ھەقىقىي ئىشىنىدۇ. دەل شۇ ئىدىئولوگىيە ئۇنىڭ نەچچە ئون يىلغا سوزۇلىدىغان، خىتاي كومپارتىيەسىنى يەرشارىنىڭ ئاتامىنىغا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. خۇددى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزەلدىن سەل قارىمىغىنىدەك، ئامېرىكامۇ ئۆزى بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى پەرقكە سەل قاراۋەرسە بولمايدۇ.

مېنىڭ ئاۋام پالاتاسى ئىستىخبارات كومىتېتىدىكى، ئاندىن مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى بولغاندىكى، شۇنداقلا ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى بولغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىم مېنى تۆۋەندىكىدەك يادرولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى: بۇ جەھەتتىكى بىردىنبىر يول، يەنى كوممۇنىست خىتاينى ھەقىقىي ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر يولى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ دېگەنلىرىگە ئەمەس، بەلكى قىلغان – ئەتكەنلىرىگە قارىتا ئىش كۆرۈشتۇر. ھەمدە سىز ھازىر ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ بۇ يەكۈنگە كۆرە بەلگىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

پرېزدېنت رېگان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «ئىشىنىش، ئەمما دەلىللەش» ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. خىتاي كومپارتىيەسى مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن چوقۇم «ھەم ئىشەنمەسلىك، ھەم دەلىللەش» كېرەك دەيمەن. بىز، يەنى دۇنيادىكى ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان دۆلەتلەر، پرېزدېنت نىكسون ئارزۇ قىلغاندەك، خىتاينى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم خىتاينى تېخىمۇ ئىجادچانلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئۆزگىرىشكە ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك، چۈنكى بېيجىڭنىڭ نۆۋەتتىكى قىلمىشلىرى خەلقىمىزگە ۋە گۈللىنىشىمىزگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. بىز چوقۇم ئىشنى خەلقىمىز ۋە شېرىكلىرىمىزنىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنى قانداق تونۇشىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىشىمىز، ھەقىقەتنى سۆزلىشىمىز كېرەك.

بىز نورمال دۆلەت سىياقىغا كىرىۋالغان خىتايغا باشقا نورمال دۆلەتلەرگە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلالمايمىز. بىز خىتاي بىلەن سودا قىلىشنىڭ نورمال، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىشقا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بېيجىڭ خەلقئارالىق تەكلىپلەرنى ياكى كېلىشىملەرنى ئۆزىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىگە يېتىشتىكى ۋاستە دەپ قارايدۇ. ئەمما، سودا ۋەكىلىمىز بىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق سودا كېلىشىمىمىزنى قولغا كەلتۈرگەندە قىلغانغا ئوخشاش، بىز باراۋەرلىك شەرتىدە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق، خىتاينى ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش قىلمىشىنىڭ ۋە ئامېرىكالىق ئىشچىلارغا زىيان سالىدىغان سىياسەتلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىشكە مەجبۇرلىيالايمىز.

بىز يەنە شۇنىمۇ بىلىمىزكى، خىتاي كومپارتىيەسى يۆلەيدىغان شىركەتلەر بىلەن سودا قىلىش كانادا شىركەتلىرى بىلەن سودا قىلىشقا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار (خىتاي شىركەتلىرى) مۇستەقىل ھەيئەتلەرگە جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى دۆلەت (مەبلەغ ۋە باشقا جەھەتلەردىن) قوللايدىغان بولغاچقا، پايدا ئېلىشنى ئويلىشىپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ. خۇاۋېي بۇنىڭ ياخشى مىسالى. بىز خۇاۋېينى دوستلار ئارا ئالاقىلىشىشنى قولايلاشتۇرىدىغان، مەسۇم تېلېگراف شىركىتى دەپ قاراشتىن ۋاز كەچتۇق. بىز ئۇنى ئۆز ماھىيىتى بويىچە، «دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ھەقىقىي تەھدىت» دەپ ئاتىدۇق ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن تەدبىر قوللاندۇق.

بىز يەنە شۇنىمۇ بىلىمىزكى، ئەگەر شىركەتلىرىمىز خىتايغا مەبلەغ سالسا، ئۇلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە يانتاياق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىزنىڭ مالىيە ۋە سودا مىنىستىرلىقلىرىمىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي ھەق - ھوقۇقىغا زىيان سالىدىغان ۋە ئۇنى دەپسەندە قىلىۋاتقان خىتاي رەھبەرلىرى ۋە ئورۇنلىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزدى ۋە قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى. بىر قانچە ئورگان سودا مەسلىھەتچىلىكى جەھەتتە ھەمكارلىشىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرىغا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ خىتايدا قانداق ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

بىز يەنە شۇنىمۇ بىلىمىزكى، خىتاي ئوقۇغۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل تېپىش ۋە ئانچە – مۇنچە بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن كېلىدىغان نورمال ئوقۇغۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەر ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكاغا بىزنىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىمىزنى ئوغرىلاش ۋە بۇنى دۆلىتىگە ئەكېتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ۋە باشقا ئورگانلار بۇ جىنايەتلەر ئۈچۈن قاتتىق جازا يۈرگۈزدى.

بىز يەنە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭمۇ نورمال ئارمىيە ئەمەسلىكىنى بىلىمىز. ئۇنىڭ مەقسىتى خىتاي خەلقىنى قوغداش ئەمەس، بەلكى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە خىتاي ئېمپېرىيەسىنى كېڭەيتىشتۇر. شۇ ۋەجىدىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىمىزمۇ خىزمەت سالمىقىنى كۈچەيتىپ، شەرقىي، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزلىرى ۋە تەيۋەن بوغۇزىدىكى يول يۈرۈش ئەركىنلىكى ھەرىكەتلىرىنى كۆپەيتتى. بىز يەنە خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقىدىن ئىبارەت بۇ ئاخىرقى چېگراغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالەم بوشلۇقى ئارمىيەسى قۇردۇق. شۇنداقلا، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، يەنە شۇ ۋەجىدىن، بىز (ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى) نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بارغانسېرى ئەدەپ كەتكەن تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدە خىتاي بىلەن مۇئامىلە قىلىشىشتىكى بىر يۈرۈش يېڭى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، پرېزدېنت ترامپنىڭ باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىلگىرى سۈردۇق. بىز يەنە دەل مۇشۇ ھەپتە، جاسۇسلۇق ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئوغرىلاش قىلمىشلىرىنىڭ مەركىزى بولغان، خىتاينىڭ خيۇستوندىكى كونسۇلخانىسىنىڭ تاقىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدۇق.

بىز ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا سەككىز يىل داۋاملاشقان تۇگۇلۇپ تۇرۇۋېلىش ھالىتىگە خاتىمە بەردۇق. بىز خىتاينى يادرو ئىقتىدارىنى دەۋرىمىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك رېئاللىقىغا ماسلاشتۇرۇشقا چاقىردۇق. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى – ھەرقايسى قاتلامدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، خىتايدىكى ھەمكەسپلەر بىلەن پىكىرلىشىپ، پەقەت باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز قاتتىق قول بولۇشلا ئەمەس، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بىز يەنە خىتاي خەلقىنى - خىتاي كومپارتىيىسىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان، ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىغان بۇ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا ھوقۇق بېرىشىمىز كېرەك. بۇ شەخسىي دىپلوماتىيىدىن باشلىنىدۇ. مەن قەيەرگىلا باراي، تالانتلىق ۋە تىرىشچان، خىتايلار بىلەن كۆرۈشتۈم.

مەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جازا لاگېرلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن كاردىنال زېن (Cardinal Zen)دىن جىممى لەي (Jimmy Lai)گىچە خوڭكوڭنىڭ دېموكراتىيە رەھبەرلىرى بىلەن پاراڭلاشتىم. مەن يەنە ئىككى كۈن ئىلگىرى لوندوندا، خوڭكوڭ ئەركىنلىك جەڭچىسى ناسان لاۋ (Nathan Law) بىلەن كۆرۈشتۇم. ئالدىنقى ئايدا ئىشخانامدا تيەنئەنمېن مەيدانىدا هايات قالغانلارنىڭ هېكايىلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ بىرى بۈگۈن مۇشۇ يەردە بار. ۋاڭ دەن (王丹) خىتاي خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئەزەلدىن توختاتمىغان مۇھىم ئوقۇغۇچى ئىدى. ۋاڭ ئەپەندى، سىزنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا رۇخسەت قىلسىڭىز؟ ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ بېرەمسىز؟ بۈگۈن بۇ يەردە يەنە خىتاي دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ ئاتىسى ۋېي جىڭشېڭ (魏京生)مۇ بار. ئۇ (دېموكراتىيە ھەققىدىكى) ئۆز تەشەببۇسى سەۋەبلىك خىتاينىڭ «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرى»دا نەچچە ئون يىل تۇرغان. ۋېي ئەپەندى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ بېرەمسىز؟

مەن چوڭ بولۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئارمىيەدە ۋەزىپە ئۆتىدىم. ئەگەر مەن بۇ جەرياندا بىرەر نەرسە ئۆگەنگەن بولسام، بۇ «كوممۇنىستلارنىڭ ھەمىشە يالغان سۆزلەيدىغانلىقى» بولدى. ئۇلار ئېيتقان ئەڭ چوڭ يالغان، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى دائىم كۆزىتىلىدىغان، ئېزىلىدىغان ۋە سۆزلەشتىن قورقىدىغان **1** مىليارد **400** مىليون خىتاي خەلقىنىڭ «غەمگۈزارى» دەپ ئاتىۋېلىشىدۇر. رېئاللىق دەل مۇشۇنىڭ ئەكسىچە. خىتاي كومپارتىيىسى ھەر قانداق دۈشمەندىنمۇ بەكرەك خىتاي خەلقىنىڭ سەمىمىي پىكرىدىن قورقىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتا قولىدىكى ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن باشقا سەۋەبى يوق.

ئەگەر بىز ۋۇخەندىكى دوختۇرلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولساق، ئۇلارنىڭ يېڭى ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشىگە يول قويۇلغان بولسا، خىتاينى دېمەيلا قويايلى، پۈتۈن دۇنيانىڭ هازىرقىدىن قانچىلىك ياخشى بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، رەھبەرلىرىمىز بىز دۇچ كېلىۋاتقان هاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە بىزنى ئاگاھلاندۇرغان جەسۇر خىتاي ئۆكتىچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە سەل قاراپ، تۆۋەن مۆلچەرلەپ كەلدى. بىز ئەمدى بۇنىڭغا سەل قارىساق بولمايدۇ. ئۇلار باشقىلارغا ئوخشاشلا بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇت هالەتكە قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلىدۇ. ئەمما خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش نوقۇل خىتاي خەلقىنىڭ بۇرچى بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئەركىن دۆلەتلەر ئەركىنلىكنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. بۇ ئەڭ مۇشكۇل ئىش. ئەمما، مەن بۇنى قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

مېنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچىم باركى، بىز ئىلگىرى شۇنداق قىلالىغان. بىز بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. مېنىڭ يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچىم باركى، خىتاي كومپارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى سادىر قىلغان، بولغۇسى ئىتتىپاقداشلىرىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشەنچتىن مەھرۇم قېلىش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى رەت قىلىش دېگەندەك بەزى خاتالىقلارنى تەكرارلاۋاتىدۇ. مېنىڭ يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچىم باركى، مەن باشقا دۆلەتلەردىكى ئويغىنىشنى كۆردۈم. ئۇلار ئامېرىكادىكىگە ئوخشاشلا ئۆتمۈشكە قايتالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. مەن بېرىيۇسسېلدا، سىدنىدا، خانويدا بۇنى ئاڭلىدىم. ھەممىدىن مۇھىمى، مەن ئەركىنلىكنىڭ ئۆزىدىكى جەلب قىلىش كۈچى سەۋەبىدىن ئەركىنلىكنى قوغدىيالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خوڭكوڭغا بولغان كونترولنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئەركىن شەھەردىكى پۇقرالارنىڭ چەتئەلگە كۆچۈپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىغا قاراڭلار. ئۇلار ئامېرىكانىڭ بايرىقىنى لەپىلدىتىۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە ئارىدا ئوخشىماسلىقلار بار. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدىغىنى، خىتاي دۇنيا ئىقتىسادىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىردى. ئەمما بېيجىڭ بىز ئۇلارغا تايانغاندىن بەكرەك بىزگە تايىنىدۇ. مەن «بىز مۇقەررەرلىك دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز، بەزى قىلتاقلار ئالدىن بېكىتىلگەن، كەلگۈسىدىكى ئۈستۈنلۈك خىتاي كومپارتىيەسىگە تەئەللۇق. بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز مەغلۇب بولمايدۇ، چۈنكى ئامېرىكا زاۋاللىققا يۈز تۇتتى» دېگەن قاراشنى رەت قىلىمەن. بۇ يىلنىڭ بېشىدا ميۇنخېندا ئېيتقىنىمدەك، ئەركىن دۇنيا يەنىلا غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز، بۇنى بىلىشىمىز ۋە بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى

كىشىلەر يەنىلا ئوچۇق جەمئىيەتلەرگە كېلىشنى خالايدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە ئوقۇشقا كېلىدۇ، بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن باشقىچە هايات بەرپا قىلىدۇ. ئۇلار خىتايدا ئولتۇراقلىشىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ.

هازىر ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ هەرىكەت قىلىدىغان پەيتى كەلدى. بۇ مۇكەممەل پەيتتۇر. هەر بىر دۆلەت خىتايغا ئوخشاش ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلمايدۇ، هەم ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك. هەر بىر دۆلەتنىڭ چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانداق قوغداش ۋە غايىلىرىنى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاش هەققىدە ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بولۇشى كېرەك.

ئەمما مەن هەر بىر دۆلەتنىڭ هەر بىر رەهبىرىنى ئامېرىكانىڭ قىلغانلىرىنى قىلىشقا، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىدىن ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش ۋە قىلغانلىرىغا مەسئۇل بولۇش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىشقا چاقىرىمەن. بۇ ئارىسىدا زور پەرقلەر بار رەهبەرلىك قوشۇنىدۇر. (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) ئاددىي، ئەمما كۈچلۈك ئۆلچەملەر بىزگە كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى، بىز ئۆزئارا ئارىلىشىش شەرتلىرىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بېكىتىشىگە تاشلاپ بەردۇق، ئەمما ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ. قائىدىنى چوقۇم ئەركىن دۆلەتلەر بەلگىلىشى كېرەك. بىز ئوخشاش پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سودىسى ياكى يالغان - ياۋىداقلىرى بىلەن بىكار قىلىۋەتكىلى بولمايدىغان ئورتاق بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىشىمىز كېرەك.

دەرۋەقە، ئامېرىكا يېقىندا شۇنداق قىلدى، يەنى بىز خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى قانۇنسىز (تېررىتورىيە) دەۋاسىنى تەلتۆكۈس رەت قىلدۇق. شۇنداقلا بىز يەنە هەرقايسى دۆلەتلەرنى پاك دۆلەت بولۇشقا، پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويماسلىققا چاقىردۇق. بىز بۇلارنى ئۆلچەم تۇرغۇزۇش ئارقىلىق قىلدۇق.

دەۋەقە، بەزى كىچىك دۆلەتلەر ئۈچۈن بۇنداق قىلىش قىيىن. ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ هازىرچە بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا قۇربىتى، جاسارىتى يوق. دەرۋەقە، بىزنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەهدى تەشكىلاتىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىمىز بار، ئەمما ئۇلار بېيجىڭنىڭ ئۆزلىرىنى خىتاي بازىرىغا كىرگۈزمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، خوڭكوڭ مەسىلىسىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلمىدى. بۇ خىل قورقۇنچاقلىق تارىخىي مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا بىز بۇنى، يەنى ئۆتكەن يىللاردىكى خاتالىقلارنى تەكرارلىساق بولمايدۇ.

خىتاينىڭ غەربىي ياۋروپا، ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكا، بولۇپمۇ هىندى-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دېموكراتىك دۆلەتلەردىن كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بىز هازىر هەرىكەت قىلمىساق، ئاخىرىدا خىتاي كومپارتىيەسى ئەركىنلىكىمىزنى ۋە بىز بەرپا قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ كۈچ چىقارغان قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان تەرتىپنى ۋەيران قىلىدۇ. ئەگەر بىز هازىر (خىتايغا) تىز پۈكسەك، باللىرىمىزنىڭ باللىرى خىتاي كومپارتىيىسىدىن رەهىم – شەپقەت تىلەپ ياشايدىغان كۈنگە قېلىشى مۇمكىن. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرى بۈگۈنكى ئەركىن دۇنيا دۇچ كەلگەن ئاساسلىق رىقابەتتۇر.

بىز رۇخسەت قىلمىساقلا، خىتاينىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ خىتاينىڭ ئىچى - سىرتىدا مۇستەبىتلىك قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. هازىر، بۇ (خىتاينى) چەكلەش مەسىلىسى ئەمەس. بۇنداق گەپلەرگە (يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ <ئامېرىكا بىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىمىزنى خالىمايدۇ، ئۇلار بىزنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ، چەكلەشكە ئۇرۇنىۋاتىدۇ> دېگەن گەپلىرىگە) ئىشەنمەڭلار. بۇ بىز ئەزەلدىن دۇچ كېلىپ باقمىغان مۇرەككەپ يېڭى رىقابەتتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەركىن دۇنيادىن ئايرىم هالەتتە ئىدى.

ئەمما كوممۇنىست خىتاي ئاللىقاچان بىزنىڭ چېگرامىزدىن كىرىپ بولدى. شۇڭا بىز بۇ رىقابەتكە يالغۇز تاقابىل تۇرالمايمىز. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەهدى تەشكىلاتى، G7 دۆلەتلىرى، 20 دۆلەت گۇرۇهى، بىز ئېنىق يۈنىلىشكە زور جاسارەت بىلەن يېتەكلىسەكلا، بىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي، دېپلوماتىك ۋە هەربىي كۈچىمىز بۇ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ. بەلكىم ئوخشاش پىكىردىكى دۆلەتلەرنىڭ يېڭىدىن گۇرۇپپىلىشىش، يەنى يېڭى «دېموكراتىك دۆلەتلەر ئىتتىپاقى» قۇرۇشنىڭ

ۋاقتى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ بۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قوراللىرىمىز بار. مەن بۇنى روياپقا چىقىرالايدىغانلىقىمىزنى بىلىمەن. ھازىر بىز ئىرادىگە موھتاج. ئەگەر ئەركىن دۇنيا ئۆزگەرمىسە، كوممۇنىست خىتاي چوقۇم بىزنى ئۆزگەرتىدۇ. راھەت ياكى قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىكى ئۇسۇللارنى قوللانغىلى بولمايدۇ. ئەركىنلىكىمىزنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن قوغداش دەۋرىمىزنىڭ بۇرچى، ئامېرىكا بۇ ئىشقا رەھبەرلىك قىلىشقا تامامەن ماس كېلىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇش پرىنسىپىمىز بىزگە ئاشۇنداق پۇرسەت ئاتا قىلغان. ئالدىنقى ھەپتە فىلادىلفىيەدە، مۇستەقىللىق سارىيىغا قاراپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگىنىمدەك، دۆلىتىمىز «بارلىق ئىنسانلار تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان بەزى ھوقۇقلارغا ئىگە» دېگەن پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ ھوقۇقلارنى كاپالەتلەندۈرۈش ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بۇرچىدۇر. بۇ ئاددىي، ئەمما كۈچلۈك ھەقىقەت. ئۇ بىزنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر، جۈملىدىن خىتايدىكىلەر ئۈچۈن ئەركىنلىكنىڭ ماياكىغا ئايلاندۇردى. دەرۋەقە، رىچارد نىكسون **1967**-يىلى «خىتاي ئۆزگەرمىگۈچە دۇنيا بىخەتەر بولالمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىساق بولمايدۇ. بۈگۈن خەتەر تولىمۇ روشەن. (شۇنىڭغا ماس ھالدا) بۈگۈن ئويغىنىشمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۈگۈن ئەركىن دۇنيا چوقۇم (خىتاينىڭ قىلمىشلىرىغا) ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك. بىز ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشكە قايتالمايمىز. تەڭرى ھەممىڭلارغا بەخت ئاتا قىلسۇن.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

https://www.youtube.com/watch?v=7azj-t0gtPM&fbclid=IwAR3-TsH
CVkoS7tNrEFWHq7RaPzIq3KjzlGqvQ3ELUJn6HR-MVapRhk9BdM




# مۇداپىئە مېخانىزمى

ساۋل ماكلېئود

سىگموند فرۇئىد (Sigmund Freud) ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە بىر قاتار «ئۆزىنى قوغداش مېخانىزملىرى»نى تىلغا ئالدى. ئۇنىڭ قىزى ئاننا فرۇئىد (Anna Freud) بۇ ئىدىيەلەرنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە ئۇلارغا تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى بايقىغان ئون تۈرنى قوشتى. نۇرغۇنلىغان پىسخىكا تەھلىلچىلىرى يەنە «ئۆزىنى قوغداش مېخانىزمى»نىڭ باشقا تۈرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇداپىئە مېخانىزمى ــ ئادەمنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان پىكىر ياكى ھېسسىياتتىن كېلىپ چىققان تەشۋىشتىن ئاڭسىز ھالدا قوغدايدىغان پىسخىكا ئىستراتېگىيىسىدۇر.

بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قوغداش مېخانىزمىغا موھتاج؟

بىز تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىمىزنى ھېس قىلغانلىقىمىز سەۋەبلىك، ياكى بىزنىڭ كىملىكىمىز ياكى «ئۆزىدىن ھالقىغان كىملىكىمىز» (superego) نىڭ زىيادە تەلەپچانلىقى سەۋەبلىك شەكىللەنگەن ئەندىشە ياكى گۇناھ تۇيغۇسىدىن ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن مۇداپىئە مېخانىزمىنى ئىشلىتىمىز.

مۇداپىئە مېخانىزمى ئاڭسىز ھالەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە (تەشۋىش دېگەندەك) كۆڭۈلسىز ھېسسىياتلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى شەخسنىڭ ياخشى ئىشلارغا بولغان كۆڭۈل خۇشلۇقىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئۆزىنى قوغداش مېخانىزمىنى ئىشلىتىش تەبىئىي ۋە نورمال ئەھۋال. ئەمما، ئۇلاردىن پايدىلىنىش چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە (يەنى دائىم ئىشلىتىلگەندە)، تەشۋىشلىنىش، قورقۇش، قالايمىقان خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىش ياكى زىيادە ھاياجانلىنىش دېگەندەك نېرۋا كېسەللىكلىرى ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ.

## مۇداپىئە مېخانىزمىنىڭ ئۆرنەكلىرى:

مۇداپىئە مېخانىزمىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

| مېخانىزم | ئېنىقلىمىسى | مىساللار |
|---|---|---|
| ئۆزىگە ھاي بېرىش | ئۆزىگە ھاي بېرىش ــ كىشى قالايمىقانلاشتۇرغۇچى ياكى تەھدىتلىك ئويلارنىڭ ئاڭغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئاڭسىز مۇداپىئە مېخانىزمىدۇر. | مەسىلەن، ئىنتايىن رەزىل، پەسكەش، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شەكىلدە ئانىسىغا مەپتۇن بولغان ئوغۇل بالا ئۆز دادىسىغا نىسبەتەن ناچار كۆز قاراشتا بولغاندا، بۇ ھېسسىياتىنى مەجبۇرىي باستۇرۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئورناپ قېلىشىدىن ساقلىنىدۇ. |
| ئىنكار قىلىش | ئىنكار قىلىش تاشقى ئىشلارنىڭ ئاڭغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەگەر بىر ئەھۋال بىر تەرەپ قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە مۇشكۇل بولسا، كىشى ئۇنىڭغا يۈزلىنىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. | مەسىلەن، بەڭگىلەر تاماكا چېكىشنىڭ ئۆز سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماسلىقى مۇمكىن. |
| ئارتىپ قويۇش | بۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىكى قوبۇل قىلغۇسىز خىيال، ھېسسىيات ۋە غەرەزلىرىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇشىنى كۆرسىتىدۇ. | سىز بىرەيلەنگە ئۆچ بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئۆزىڭىزدىن ھالقىغان كىملىكىڭىز سىزگە بۇنداق ئۆچمەنلىكنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز «ئەسلىدە قارشى تەرەپ ماڭا ئۆچ» دېيىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى «ھەل» قىلالايسىز. |

| | | |
|---|---|---|
| ئورنىغا دەسسىتىش | مەلۇم بىر ھاياجان (مەسىلەن نەپرەت)نى ئورۇنباسار نىشان ئارقىلىق قاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. | خوجايىنىدىن دەشنام يېگەن خىزمەتچى ئۆيىگە بېرىپ، ئاچچىقىنى ئىتىدىن چىقىرىشى مۇمكىن. |
| قايتىش | بۇ بىراۋ بېسىمغا ئۇچرىغاندا، پىسخىكا جەھەتتىن ئۆتمۈشكە قايتىپ قالىدىغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. | مەسىلەن، دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان بىر بالا قايتىدىن باش بارمىقىنى شورايدىغان بولۇپ قېلىشى ياكى كارىۋىتىغا سىيىپ قويۇشى مۇمكىن. |
| يۆتكىلىش | مەلۇم بىر ھاياجاننى جەمئىيەتتە قوبۇل قىلىنىدىغان (مۇۋاپىق) ئۇسۇلدا، ئورۇنباسار نىشان ئارقىلىق قاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. | مەسىلەن، غەزەپلەنگەندە ھەرىكەت قىلىش، چېنىقىش دېگەندەك. |

## ھۇجۇم قىلغۇچىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش (Identification with the Aggressor):

ھۇجۇم قىلغۇچىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ـــ ساندور فەرەنزى (Sandor Ferenczi) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە كېيىنچە ئاننا فرۇئىد تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئۇقۇمدۇر.

ئۇ زىيانكەشلىكتە ئۇچرىغۇچىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان بىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى قوبۇل قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەزكۇر *مېخانىزمدا*، «زىيانكەشلىكتە ئۇچرىغۇچى» تاجاۋۇزچىنىڭ قىلمىشىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىش ئارقىلىق خورلىنىشتىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، چۈنكى (ئۇنىڭغا كۆرە، بۇنداق *قىلغاندا*) تاجاۋۇزچى ئۆزى بىلەن زىيانكەشلىكتە ئۇچرىغۇچى ئارىسىدا ھېسسىي باغلىنىش باردەك ھېس قىلىشقا باشلاپ، نەتىجىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشى مۇمكىن.

### ھۇجۇم قىلغۇچىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ قانداق مىساللىرى بار؟

ستوكھولم سىندرومى (Stockholm Syndrome) بۇنىڭ ئەڭ رادىكال مىسالىدۇر، ئەينى چاغدا تۇتقۇنلار تۇتقۇن قىلغۇچىلار بىلەن ھېسسىيات رىشتىسى ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى.

پاتتىي خېرست (Patty Hearst) تۇتقۇن قىلغۇچىلار تەرىپىدىن خورلانغان ۋە باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇلارنىڭ «تەڭ مەۋجۇتلۇق ئازادلىق ئارمىيىسى» (Symbionese Liberation Army)گە ئەزا بولغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ بانكا بۇلاڭچىلىقىغا قاتناشقان. سوتتا ئۇ ستوكھولم سىندرومىغا گىرىپتار بولغانلىقتىن گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن.

## ئۆزگە هاي بېرىش:

ئۆزگە هاي بېرىش ـــ كىشى قالايمىقانلاشتۇرغۇچى ياكى تەھدىتلىك ئويلارنىڭ ئاڭغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئاڭسىز مۇداپىئە مېخانىزمىدۇر.

هاي بېرىلىدىغان ئوي – خىياللار ئۆزىدىن هالقىغان كىملىك تەرىپىدىن گۇناهتەك هېس قىلىنىدىغان تۇيغۇلاردۇر.

ئۇزۇن مۇددەتنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇداپىئە مېخانىزمى ئەمەس، چۈنكى ئۇ قالايمىقان ئارزۇ، ئىدىيە ياكى ئەسلىمىلەرنى مەجبۇري هالدا يوشۇرۇن ئاڭغا سىڭدۈرۈۋېتىپ قالىدۇ، گەرچە بۇ يوشۇرۇن بولسىمۇ، يەنىلا تەشۋىش پەيدا قىلىدۇ.

مەجبۇري هاي بېرىلگەن ئەسلىمىلەر يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق ۋە ئۆزگەرتىلگەن شەكىللەردە كۆرۈلۈشى مۇمكىن، مەسىلەن چۈش ياكى ئېغىزدىن چىقىپ كېتىش، دېگەندەك («فرويدنىڭ ئېغىزدىن چىقىپ كېتىش نەزەرىيەسى»).

## ئۆزگە هاي بېرىشنىڭ قانداق مىساللىرى بار؟

مەسىلەن، ئىنتايىن رەزىل، پەسكەش، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شەكىلدە ئانىسىغا مەپتۇن بولغان ئوغۇل بالا ئۆز دادىسىغا نىسبەتەن ناچار كۆز قاراشتا بولغاندا، بۇ هېسسىياتنى مەجبۇري باستۇرۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئورناپ قېلىشىدىن ساقلىنىدۇ.

## ئارتىپ قويۇش:

ئارتىپ قويۇش ــ ئاننا فرۇئىد تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىسخىكىلىق مۇداپىئە مېخانىزمى بولۇپ، بۇنىڭدا كىشى ئۆزى خالىمايدىغان ئوي – خىيال، تۇيغۇ ۋە غەرەزلەرنى باشقىلارغا ئارتىپ قويىدۇ.

ئارتىپ قويۇشنىڭ قانداق مىساللىرى بار؟

باشقىلارغا ئارتىپ قويۇلىدىغان خىياللار كۆپىنچە باشقىلارغا هۇجۇم قىلىش ياكى جىنسىي فانتازىيەگە ئوخشاش ئىنساندا گۇناهكارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان خىياللاردۇر.

مەسىلەن، سىز بىرەيلەنگە ئۆچ بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئۆزىڭىزدىن هالقىغان كىملىكىڭىز سىزگە بۇنداق ئۆچمەنلىكنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز «ئەسلىدە قارشى تەرەپ ماڭا ئۆچ» دېيىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى «هەل» قىلالايسىز.

## ئورنىغا دەسسىتىش:

ئورنىغا دەسسىتىش ـــ مەلۇم بىر هاياجان (كۆپىنچە نەپرەت)نى (ئەسلى نىشانغا قارىغاندا) ئاجىز ئورۇنباسار نىشان ئارقىلىق قاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ئورۇنباسار نىشان ئادەم بولۇشىمۇ ياكى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە جىسىم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كىملىك «ئۆزىدىن هالقىلىق كىملىك» يول قويمايدىغان بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا «ئورنىغا دەسسىتىش» ئەهۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇ ئەهۋالدا، «مەن» كىملىكنىڭ فىزىكىلىق ئېنېرگىيەسىنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن باشقا چارە ئىزدەيدۇ – دە، نەتىجىدە ئېنېرگىيە ئۆزگە هاي بېرىلگەن ئوبيېكت (خوجايىن)تىن قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان باشقا نىشان (ئىت)غا يۆتكىلىدۇ.

## ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ قانداق مىساللىرى بار؟

خوجايىنىدىن دەشنام يېگەن خىزمەتچى ئۆيىگە بېرىپ، ئاچچىقىنى ئىتىدىن ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن چىقىرىدۇ.

## يۈكسىلىش:

يۈكسىلىش ئورنىغا دەسسىتىشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ ئەهۋالدا كىشى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان هېسسىياتىنى بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئىجابىي ۋە جەمئىيەت قوبۇل قىلالايدىغان

ھەرىكەتلەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

«يۈكسىلىش» ئانىنا فرۇئىدنىڭ دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان مۇداپىئە مېخانىزملىرىدىن بىرىدۇر.

### يۈكسىلىشنىڭ قانداق مەسىلىلىرى بار؟

نۇرغۇنلىغان داڭدار ئەدىبلەر بەختسىز تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئىپادىلىگەن. تەنھەرىكەت (ھۇجۇم ئىستىكى دېگەندەك) ھېسسىياتلىرىمىزنى ئىجابىي نەرسىلەرگە سىڭدۈرۈشنىڭ يەنە بىر مەسىلىدۇر.

### ئىنكار قىلىش:

ئىنكار قىلىش ئانىنا فرۇئىد ئوتتۇرىغا قويغان، رېئاللىقنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماسلىق سەۋەبلىك، تاشقى ۋەقەلەرنىڭ ئاڭغا تەسىر كۆرسىتىشىنى توسىدىغان مۇداپىئە مېخانىزمىدۇر.

ئەگەر مەلۇم بىر ئەھۋال بىر تەرەپ قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە مۈشكۈل بولسا، كىشى ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ ياكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز مۇمكىن بولغىنىدەك، بۇ ئىپتىدائىي ۋە خەتەرلىك مۇداپىئە مېخانىزمىدۇر. ھېچكىم ئۇزاق مۇددەت رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. مەزكۇر مېخانىزم ئۆزى يالغۇز ئايلىنالايدۇ، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنى قوللايدىغان باشقا نازۇك مېخانىزملار بىلەن بىرلىكتە مەشغۇلات قىلىدۇ.

### ئىنكار قىلىشنىڭ قانداق مەسىلىلىرى بار؟

نۇرغۇن كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىدا «ئىنكار قىلىش» مېخانىزمىنى ئىشلىتىپ، ئازابلىق ھېسسىيات ياكى ھاياتىدىكى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ساھەگە يۈزلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

مەسىلەن، ئەر ئايالىنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى؛ بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئىمتىھانغا يېتەرلىك تەييارلىق قىلمىغانلىقىدىن ئىبارەت روشەن رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماسلىقى مۇمكىن.

### قايتىش:

قايتىش ئانىنا فرۇئىد ئوتتۇرىغا قويغان مۇداپىئە مېخانىزمى بولۇپ، بۇ مېخانىزمدا «مەن» جىددىي ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى يېتىلىش باسقۇچىغا قايتىپ قالىدۇ.

قايتىش چېكىنىش شەكلىدە فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرىدىغان بولۇپ، ئادەمنى پىسخىكا جەھەتتىن ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلىدىغان دەۋرگە قايتۇرىدۇ.

### قايتىشنىڭ قانداق مەسىلىلىرى بار؟

بىز ئاۋارىچىلىقتا ئۇچرىساق ياكى قورقۇپ كەتسەك، قىلمىشلىرىمىز كۆپىنچە بالىلارچە ياكى ئىپتىدائىي بولۇپ قالىدۇ.

دوختۇرخانىدا داۋالىنىشقا مەجبۇر بولغان بالا يەنە باش بارمىقىنى شوراشقا ياكى كارىۋاتقا سىيىپ قويۇشقا باشلىشى مۇمكىن.

### مۇۋاپىقلاشتۇرۇش:

مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئانىنا فرۇئىد ئوتتۇرىغا قويغان مۇداپىئە مېخانىزمى بولۇپ، مەلۇم بىر ھادىسە ياكى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچنىڭ تەھدىتىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن «پاكىت»قا بولغان تونۇشنى بۇرمىلاشنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە باھانە ئىزدىگەندە، بۇ ئىشنى خېلى ئاڭلىق سەۋىيىدە قىلىمىز.

ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نازۇك ئۆزلۈكى سەۋەبلىك، ئۆزىگە باھانە تېپىشى ناھايىتى ئاسان بولۇپ، ئۇلار ھەتتا بۇنى (ئۆزىنىڭ باھانە تېپىۋاتقانلىقىنى) ھەقىقىي ھېس قىلالمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، نۇرغۇنلىرىمىز ئۆزىمىز توقۇغان يالغان - ياۋىداقلارغا ئىشىنىشكە تەييارمىز.

### مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنىڭ قانداق مەسىلىلىرى بار؟

بىر ئادەمگە مەلۇم بىر ئەھۋالنى قوبۇل قىلىش تەس كەلگەندە، ئۇنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە قارىتا مەنتىقىلىق سەۋەبتىن بىرنى تېپىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ماشىنا ھەيدىگەندە يانفونغا قاراپ، يولدىن ئۆتۈۋاتقان بىرەيلەننى سوقۇۋېتىپ، بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆزىدىن كۆرمەستىن، «تەقدىر شۇنداق ئىكەن» دەپ تۇرىۋالىدۇ.

## ئىنكاس شەكىللەندۈرۈش:

ئىنكاس شەكىللەندۈرۈش بىر خىل پىسخىكىلىق مۇداپىئە مېخانىزمى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنسان «رەت قىلىش»تىن ھالقىپ، ئۆزىنىڭ ئوي – خىيال ۋە ھېسسىياتىغا زىت ئىش قىلىدۇ.

ئاڭلىق ھەرىكەتلەر كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت نۇقتىسىدىن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئاڭسىز خىيالى ياكى تۈيغۇسىغا بولغان ئەندىشىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە، ئىنكاسنىڭ شەكىللەندۈرۈلۈشى (ئۆزىدە يوق، كەمچىل خىسلەتلەرنى) كۆز – كۆز قىلىش ياكى شۇنىڭغا زورلاش قاتارلىق مۇبالىغىلىق ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىنكاس شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، ھەقىقىي غەرەزنى «مەن»دىن يوشۇرۇن تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىملىكنى رازى قىلغىلى بولىدۇ.

داۋالىغۇچىلار ھەمىشە مەلۇم بىر ئىشقا قەتئىي ئىشىنىمىز دەيدىغان ۋە شۇ پىكىرگە قوشۇلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ھۇرپىيىدىغان بىمارلاردا «ئىنكاس شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى» بار – يوقلۇقىنى كۆزىتىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى


مەنبە:

https://www.simplypsychology.org/defense-mechanisms.html

# تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قىلغان سەپىرى



ۋ. مىنورسكىي

بۇ ماقالە ۋ.مىنورىسكىينىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قىلغان سەپىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدىن ئىخچاملاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىندى

تونۇشتۇرۇش
ساياھەت خاتىرىسىنىڭ تەرجىمىسى
ئىزاھات
§ 1. توققۇز ئوغۇزلار
§ 2. ئۈچ شەھەر
§ 3. مۇساپە
§ 4. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى
§ 5. دىنلار
§ 6. قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى
§ 7. خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
خۇلاسە: تەمىمنىڭ ئورخۇن ۋادىسىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتى ۋە ئورنى

## تونۇشتۇرۇش

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندا ۋە ئەرەبلەر بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇستۇنلۇك تالىشىش كۈرەشلىرى جەريانىدا، بىر قاتار ئەرەب سەيياھلىرى ۋە ئەلچىلىرى يىراق شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولۇشى چوقۇم، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندىكى سەرگۈزەشتىلىرىگە ئالاقىدار تەپسىلاتلارنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. توققۇزىنچى ئەسىردە، سامانىيلار خاندانلىقى مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. بۇ جەرياندا بىر يۈرۈش بىرىنچى قول ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالدى ۋە بەزى سەيياھ ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

بۇ ساھەدىكى دەسلەپكى باسقۇچلۇق مۇشكۈل خىزمەتلەرنى دې گوج (**de Goeje**)، توماسچېك (**Tomaschek**)، ۋ.بارتولد (**V.Bartold**) ۋە ماركۇئارت (**Marquart**) قاتارلىقلار قىلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭدىن كېيىنراق دەۋردىكى تەلەيلىك بايقاش نەتىجىسىدە، بىز يەنە بىر مۇسۇلمان سەيياھ ــ تەمىم ئىبنى بەھر ئەلمۇتەۋۋىنىڭ ئەسىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق.

تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ئاساسلىقى (ئىسلام تارىخچىسى، جۇغراپىيەشۇناس) ياقۇت ئەلھەمەۋىي (ياقوت الحموي)نىڭ «يەر ـ جاي ناملىرى لۇغىتى» ئارقىلىق بىلىنگەن. گەرچە ياقۇت ئەلھەمەۋىي تەرىپىدىن قىسقارتىۋېتىلگەن بۇ نۇسخا ئىبنى خۇردازبېھى، ئىبنى ئەلفەقىھ، قۇدامە قاتارلىق ئىلگىرىكى دەۋر جۇغراپىيەشۇناسلىرى تەمىم ئىبنى بەھردىن بىۋاسىتە نەقىل قىلغان بىر قانچىلىغان مەزمۇننى دەلىللەشتە ئوبدان كارغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈرك قەبىلىلەرنىڭ توختاۋسىز كۆچۈپ يۈرۈشى سەۋەبلىك، تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياھىتىنىڭ نىشانى ۋە ئېنىق ۋاقتىنى جەزملەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇشكۈل بولۇپ كەلدى. **1923** – يىلى، تۈرك تارىخشۇناس ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان (ئىراننىڭ) مەشھەد شەھىرىدە ئىبن ئەلفەقىھنىڭ «كىتاب ئەلبۇلدۇن» دېگەن ئەسىرىنىڭ قوليازمىسىنى بايقىدى. بۇ تېكىستىنىڭ **1885** – يىلى دې گوج تەرىپىدىن تەھرىرلەنگەن نۇسخىسى پەقەت ئەسلى ئورىگىنالىنىڭ قىسقارتىلمىسى (مۇختەسەر) بولۇپ، تۈركلەرگە ئالاقىدار باب (**329 ~ 330** ـ بەتلەر)تا ھەتتا تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئىسمىمۇ تىلغا ئېلىنمىغانىدى. گەرچە زەكى ۋەلىدى توغان تەرىپىدىن بايقالغان نۇسخىمۇ مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بەزى قوشۇمچە ئۇچۇرلارنى، شۇنداقلا ياقۇت ئەلھەمەۋىي تەرىپىدىن قىسقارتىلغان نۇسخىغا قارىغاندا، تەمىمدىن بىۋاسىتە نەقىل قىلىنغان تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما، بۇ نۇسخىدىكى مەزمۇنلارنى ئايرىشتا ئىشلىتىلگەن، بىز بۈگۈن

ئىشلىتىۋاتقان قوش پەشكە باراۋەر كېلىدىغان نۇرغۇن «قالە» (ئەرەبچە، «ئۇ ئېيتتى» دېگەن مەنىدە) بۇ نۇسخىنىڭمۇ ئوخشاشلا قىسقارتىۋېتىلگەن (مۇختەسەر) ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

شۇنداقتىمۇ تەمىم ئىبنى بەھىرنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ مەزكۇر يېڭى نۇسخىسى بىزنى شۇ چاغدا تېخى شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمي تۈرك خاندانلىقلىرىنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلىگە قايتىدىن قاراپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

## تەرجىمىسى

**1.** تەمىم ئىبنى بەھىر ئەلمۇتەۋۋىنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ (تۈركلەرنىڭ) مەملىكىتى ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، بىراۋ بۇيەرلەردە پەقەت بىر يىلنىڭ ئالتە ئېيىدىلا سەپەر قىلالايدىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ «توققۇز ئوغۇز» خاقانى ئەۋەتكەن ئۆتەڭ ئاتلىرىغا مىنىپ ئۇنىڭ مەملىكىتىگە بارغان ۋە چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ مۇشەققەتلىك، ئەڭ تېز شەكىلدە مېڭىپ، بىر كۈندە ئۈچ سىكاك يول يۈرگەن. ئۇ بۇلاق ۋە ئوت – چۆپلەر بار، ئەمما شەھەر – بازارلار يوق يايلاقتا يىگىرمە كۈن سەپەر قىلغان. بۇ يايلاقلاردا پەقەت ئۆتەڭ خىزمەتچىلىرىلا چېدىر تىكىپ ياشايدىكەن. ئۇ بۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى، يەنى قۇدۇق ۋە ئوت – چۆپتىن باشقا نەرسىلەر يوق يايلاقتىن ئۆتۈشكە يىگىرمە كۈن كېتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يېنىغا يىگىرمە كۈنلۈك ئوزۇقنى ئېلىۋالغان. ئاندى ئۇ بىر – بىرىگە يېقىن كەنتلەر ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بار رايوندا يەنە يىگىرمە كۈن يول يۈرگەن. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى، ياكى كۆپ قىسمى تۈرك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتقا چوقۇنىدىغان ئاتەشپەرەسلەر ۋە زىندىقلار بار ئىدى. يۇقىرىقى سەپەرلەرنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى پادىشاھ تۇرۇشلۇق شەھەرگە كەلگەن.

**2.** ئۇنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، بۇ دېھقانچىلىقى تەرەققىي قىلغان ناھايىتى چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي تېرىلغان «رۇستەق»لەر ۋە بىر – بىرىگە يېقىن جايلاشقان كەنتلەر قورشاپ تۇرىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ناھايىتى يوغان **12** تۆمۈر قوۋۇقى بار ئىكەن. بۇ شەھەردە ئادەم تولىمۇ زىچ بولۇپ، بازارلىرىدا خىلمۇخىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىلىدىكەن. شەھەر خەلقى ئارىسىدا مانى دىنى كەڭ تارقالغان ئىكەن.

**3.** تەمىم ئىبنى بەھرى بۇ يەرنىڭ خىتاي مەملىكىتىدىن قانچىلىك ئۇزاقتا ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ باققانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ بۇ ئارىلىقنى **300** پەرسەق ئەتراپىدا دەپ مۆلچەرلىگەن ۋە «مەنچە بۇنىڭدىنمۇ يىراق بولۇشى مۇمكىن» دەپ قوشۇمچە قىلغان.

**4.** ئۇ مۇنداق دېگەن: «توققۇز ئوغۇز خاقانىنىڭ شەھىرىنىڭ ئوڭ (جەنۇب) تەرىپى باشقىلار بىلەن ئارىلاشماي ياشايدىغان تۈركلەرنىڭ ماكانىدۇر؛ سول تەرىپى كىماكلارنىڭ زېمىنى بولۇپ، ئۇدۇلىدا خىتاي مەملىكىتى بار».

**5.** ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ خاقانىنىڭ شەھىرىگە بەش پەرسەق ئارىلىق قالغاندا، خاقانغا تەۋە ئالتۇن چېدىرنى كۆرگەن. ئۇشبۇ چېدىر خاقان قەلئەسىدىكى تۈز تۆپىگە جايلاشقان بولۇپ، چېدىرغا يۈز ئادەم سىغاتتى.

**6.** ئۇ يەنە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانىنىڭ خىتاي خانى بىلەن قۇدا – باجا بولۇشقانلىقىنى، خىتاي خانىنىڭ ھەر يىلى ئۇنىڭغا **500** مىڭ توپ شايى - دۇردۇن ئەۋەتىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن.

**7.** يەنە ئۇنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئۇستۇنكى نۇشاجان (*بارسخان)دىن يولغا چىقىپ، تارازدىن ئۆتۈپ شاش (تاشكەنت)قا بارىدىغان يول كارىۋانلار ئۈچۈن قىرىق مەرھەلە (بۆلەك) ئىكەن. لېكىن، بۇ يولدا ئاتلىق ياكى ئۆزى (ياياق) يۈرگەنلەر بۇ ئارىلىقنى بىر ئايدا ئاران بېسىپ بولىدىكەن.

**8.** ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇستۇنكى نۇشاجاندا تۆت چوڭ شەھەر ۋە تۆت كىچىك شەھەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ مۆلچەرىچە، مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر شەھەردىكى كۆل قىرغىقىغا يىگىرمە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بارگاھ قۇرغان بولۇپ، بارلىق تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا بۇلاردىن كۈچلۈك قوشۇن يوق ئىكەن. ئۇلار قارلۇقلار بىلەن بولىدىغان جەڭ ئۈچۈن تويلانغاندا، ئۇلارنىڭ سانى يۈز، قارلۇقلارنىڭ سانى مىڭ ئىكەن. شۇنداقلا، بۇلار بارلىق جەڭلەردە غەلىبە قىلىدىكەن.

**9.** ئۇنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) كۆل تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئەتراپىدا تۈرلۈك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغلار بار ئىكەن. ئۇ بۇ ھەقتە: «شۇنداقلا ئۇ يەردە قەدىمي شەھەرنىڭ

ئىزنالىرى بار ئىدى، مەن تۈركلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ (قەدىمىي شەھەرنىڭ) ھېكايىسىنى، <بۇ شەھەرنى كىم بىنا قىلغان؟ ئۇنىڭدا كىملەر ياشايتتى؟ ئۇ قاچان ۋەيران بولغان؟> دېگەن سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەمنى تاپالمىدىم» دەيدۇ. تەمىم ئىبنى بەھىر يەنە شۇ خارابىنىڭ ئورنىدىن ئۆتىدىغان بىر دەريانى ئىنچىكە تەكشۈرگەن بولۇپ، دەريانىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە «مەن ئۇنىڭدا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان تۈرلۈك دېڭىز ھايۋانلىرىنى كۆردۈم؛ بۇ يەردە يەنە باشقا ھېچبىر مەملىكەتتە كۆرۈپ باقمىغان قۇشلارنى كۆردۈم. نۇشاجان خەلقى ۋە قوشنا شەھەر – كەنتلەردىكىلەر ھەر يىلى باھاردا دىنىي ئىبادەت سۇپىتىدە (بۇ يەرنى) تاۋاپ قىلىدىكەن. سۇ (كۆلگە) تىبەت تەرەپتىكى، شۇنداقلا توققۇز ئوغۇز ۋە كىماك تەرەپتىكى چوڭ – كىچىك 150 دەريا - ئۆستەڭدىن كىرىدىكەن».

**10.** تەمىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ (؟) ئۇزۇنلۇقى تۆگە بىلەن ماڭغاندا قىرىق كۈنلۈك مۇساپە بولۇپ، ئاتلىق كىشى جاپالىق يول يۈرسە (بۇ مۇساپىنى) بىر ئايدا تاماملىيالايدىكەن.

**11.** ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ توققۇز ئوغۇز خاقانىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، خاقان شەھەر ئەتراپىغا بارىگاھ قۇرغانىكەن. تەمىمنىڭ مۆلچەرىچە، باشقىلىرىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، خاقانىنىڭ چېدىرىنىڭ ئەتراپىدىلا 12 مىڭ ئەسكەر بار ئىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭدىن كېيىن (سىرت؟)، يەنە 17 قەبىلە باشلىقى (سەركەردە) بار بولۇپ، ھەربىرىنىڭ 13 مىڭدىن ئەسكىرى بار ئىكەن، ھەر ئىككى قەبىلە باشلىقىنىڭ ئارىلىقىدا چېدىرلاردىن تەشكىل تاپقان ھەربىي قاراۋۇلخانا بار ئىكەن. قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن قاراۋۇلخانىدىكىلەر ئەسكەرلەرنىڭ ئەتراپىدا ھالقىسىمان بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇ ھالقىلارنىڭ ئارىسىدا قوشۇن تەرەپكە ئېچىپ قويۇلغان، تۆت قوۋۇق كەڭلىكىدىكى ئارىلىق بار ئىكەن. خاقانىنىڭ ۋە قوشۇنىنىڭ بارلىق ھايۋان (ئات)لىرى خاقانىنىڭ چېدىرى بىلەن قەبىلە باشلىقلىرى ئىگىلىۋالغان يەرلەر ئارىسىدا ئوتلايدىكەن. بىرمۇ ھايۋان بارىگاھنىڭ سىرتىغا قېچىپ كەتمەيدىكەن».

**12.** بىز ئۇنىڭدىن كىماكقا بارىدىغان يولنى سورىدۇق (ئۇ مۇنداق دېدى): «تارازدىن يولغا چىققاندا كۆۋەكات دەپ ئاتىلىدىغان، گۈللەنگەن ۋە ئادىمى كۆپ ئىككى شەھەر بار. ئۇلارنىڭ تاراز بىلەن بولغان ئارىلىقى يەتتە پەرسەق كېلىدۇ. شۇ يەردىن كىماك پادىشاھى تۇرىدىغان جايغىچە، ئوزۇقنى ئېلىۋالغان چەۋەنداز سەكسەن كۈن يول يۈرىدۇ. بۇ چۆللەر، يايلاقلار ۋە تۈزلەڭلىكلەر بىپايان، شۇنداقلا ئوت – چۆپ ۋە قۇدۇقلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كىماكلارنىڭ ئوتلاقلىرىمۇ بار». ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئاشۇ يول بىلەن مېڭىپ، خاقان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چېدىرىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا كەنتلەر ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بارلىقىنى كۆرگەن. خاقان ئوت – سۇ قوغلىشىپ بىر جايدىن بىر جايغا كۆچۈپ يۈرۈيدىكەن. ئۇنىڭ ھايۋانلىرى ھەددى – ھېسابسىز كۆپ ۋە كىچىك تۇياقلىق ئىكەن. ئۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ سانىنى ھېسابلاپ، تەخمىنەن 20 مىڭ ئات بارلىقىنى مۆلچەرلىگەن [تەمىم ئىبنى بەھىرنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەر مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدى]

## ئىزاھاتلار

### § 1. توققۇز ئوغۇزلار

تەمىمنىڭ توققۇز ئوغۇز دىيارىغا قىلغان سەپىرى ھەققىدىكى خاتىرىسىنى توغرا چۈشىنەلەش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنىڭدا تەكرار تىلغا ئېلىنغان «توققۇز ئوغۇز» ئۇقۇمى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**1.** «توققۇز ئوغۇز» (= توققۇز ئوغۇز) دېگەن بۇ ئىبارە دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ، ئەمما بۇ قاغانىنىڭ ئۆزى تەۋە قەبىلە ئىتتىپاقى ئەمەس ئىدى. شەرقىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئىككى مۇھىم مەڭگۈ تېشىدا ۋە شۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىقتا ئىگە ۋەزىر تونيۇقۇقنىڭ مەڭگۈ تېشىدا ھۆكۈمدارلار بىلەن خەلقكە بىردەك تۈرك (تۈرۈك) ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن. ئومۇمىي ئەھۋال تۆۋەندىكى نەقىلدە ئۇچرايدۇ. قاغان «(غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى) تۈرگىش قاغان مېنىڭ تۈركلىرىمگە تەۋەدۇر» (E 16) دەيدۇ. ئۇ يەنە توققۇز

ئوغۇزلارنى «ئۆز خەلقىمدۇر» (N 4) دەيدۇ. لېكىن، تۈرك قاغان تۈرگىش قاغانىنىڭ خەلقى، شۇنداقلا توققۇز ئوغۇزلارغا قارشى بولغان ئون ئوق (ئون قەبىلە)قا قارشى قوشۇن تارتىدۇ. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا، تۈرگىش قاغان «بىز ئوغۇزلار» (T 10) دەيدۇ ۋە تۈركلەرگە قارشى مىكىر ئىشلىتىدۇ، «چۈنكى ئوغۇزلار، ئۇلارنىڭ خەلقى توپىلاڭ كۆتۈرگەنىدى» (T 22). تونيۇقۇق ئۆز مەڭگۈ تېشىنى بىلگە قاغانىنىڭ «تۈرك (ۋە) ئوغۇزلار» ئۈستىدىكى هۆكۈمرانلىقىنى مەدھىيەلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەنبەلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تۈركلەرنىڭ، ئون ئوقنىڭ، توققۇز ئوغۇزنىڭ ۋە تۈركلەرنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ئوغۇزلارنىڭ ئېتنىك بىرلىكى هېس قىلىنىغان ۋە جاكارلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار سىياسىي جەھەتتە تارقاق ياكى بۆلۈنمە هالەتتە ئىدى. بۇ يەنە شۇنىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىدۇكى، «توققۇز ئوغۇز» دېگەن بۇ ئىبارە شەرقىي تۈرك ئىتتىپاقىنىڭ يادروسىنىمۇ، ياكى غەربىي تۈرك ئىتتىپاقىدىكى ئون ئوقنىمۇ كۆرسەتمەيتتى.

2. 840 – يىلى ئورخۇن ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇرلار ئالغان. بۇ يېڭى رەھبىرىي گۇرۇھ ئەسلىدە سېلېنگا ۋادىسىدا ياشايدىغان، ئىلتەبىرنىڭ رەھبەرلىكىدىكى تۆلىس ئىتتىپاقىغا تەۋە ئىدى.

ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىنىڭكىدىن بەكلا ناچار. تۇنجى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئاخىرقى تۈرك قاغانى ئۆزمىش ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى خاتىرىلەنگەن ئىنتايىن مۇھىم مەڭگۈتاش (يەنى شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى)نىڭ نۇرغۇن قۇرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن.

شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى («سېلېنگا مەڭگۈ تېشى» ياكى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دا، قاغان «ئون ئۇيغۇر (ۋە) توققۇز ئوغۇز»نى تىلغا ئالىدۇ (N 3) ۋە «توققۇز ئوغۇز»نى «ئۆز خەلقىم» دەيدۇ (N 5). ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «تۈرك بۇدۇنى» (خەلقى)نى هالاك قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ (N 10).

بۇلاردىن «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىسى بىلەن «توققۇز ئوغۇز» ئارىسىدا پەرق بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. يەنە هەيران قالارلىقى شۇكى، (ئەينى چاغدىكى ؟) ئۇيغۇرلار ئون ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سانالغان ماتېرىياللىرىدا پەقەت توققۇز ئۇرۇقلا تىلغا ئېلىنغان. بىز يەنە ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تۈرك قاغانىغا ئوخشاشلا توققۇز ئوغۇزلارنى «ئۆز خەلقىم» دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ خىل ئەھۋال كىشىگە «توققۇز ئوغۇزلار تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان قەبىلىلەر بولسا كېرەك» دېگەن تۇيغۇنى بېرىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلار ئورخۇن ۋادىسىدىكى قەبىلىۋى تەشكىللىنىش ئەھۋالىنىڭ ئېنىقسىز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇرۇق ۋە ئىتتىپاقلارنىڭ كۆچمەن قەۋملەرنىڭ ئومۇمىي ئادىتىدىكىدەك، تەرەپدارلىق هالىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز «ئۇيغۇرلارنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغان توققۇز ئۇرۇق كېيىنچە پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ نامىغا ۋەكىللىك قىلغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، بۇ پەرەز توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، «نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر قاغانى باشتا <ئون ئۇيغۇر>نى تىلغا ئېلىپ، <ئون ئۇيغۇر> بىلەن <توققۇز ئوغۇز>نى پەرقلەندۈرىدۇ؟» دېگەن سوئال يەنىلا جاۋابسىز قالىدۇ.

3. ئىسلامىي تارىخ مەنبەلىرىدە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۇقۇنۇشلارغا خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلغان. هەم شەرقىي تۈركلەر، هەم غەربىي تۈركلەرنىڭ ۋارىسلىرى (تۈرگىش ۋە قارلۇق) بۇ تۇقۇنۇشلارنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرى ئىدى. هالبۇكى، بۇ دەسلەپكى مەنبەلەردە بىردەك «تۈرك» ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن. بۇ ئىسىم تەبەرىنىڭ كاتتا تارىخىي ئەسىرىنىڭ بىرىنچى جىلدىدا 74 قېتىم، ئىككىنچى جىلدىدا 121، ئۈچىنچى جىلدىدا 111 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. تەبەرى ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە پەقەت بىرلا قېتىم (ئۈچىنچى جىلد 1044 – بەت) توققۇز ئوغۇز دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەن. خوراسان ۋە ماۋارا ئۇننەھرنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان يەنە بىر ئىشەنچىلىك تارىخچى ياقۇبى ئۆز ئەسىرىدە «توققۇز ئوغۇز» ئىبارىسىنى ئىككى يەردە تىلغا ئالغان. بىز بۇ هەقتە ئەسىرىمىزنىڭ خۇلاسىسىدە ئايرىم توختىلىمىز. بۇ يەردە پەقەت «توققۇز ئوغۇز دېگەن ئىبارىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىبارە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى سەلتەنىتى يۇكسەك پەللىگە چىققان مەزگىللەردىكى مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ

ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالغان» دېگەن پاكىتنى يورۇتۇش يېتەرلىكتۇر.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئىسلامىي مەنبەلەردىكى «توققۇز ئوغۇز» ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى (مىلادى **840** – يىلى) قىرغىزلار تەرىپىدىن هالاك قىلىنغاندىن كېيىن، گەنجۇ ۋە تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىقلارنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

**4.** بۇ مەسىلىگە چېتىشلىق يەنە بىر مۇهىم مەزمۇن (ئەرەب تارىخچىسى) مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇج» (مُرُوج ٱلذَّهَب وَمَعَادِن ٱلْجَوْهَر) دېگەن ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسئۇدى ئۆز ئەسىرىدە يافەسنىڭ ئوغۇللىرىنى ساناپ كېلىپ شۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر، قارلۇقلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار. بۇ (توققۇز ئوغۇز) لار خوراسان بىلەن خىتاينىڭ ئارىسىغا جايلاشقان كۇشان (قوچۇ، تۇرپانغا يېقىن) دۆلىتىنىڭ هۆكۈمرانلىرىدۇر. دەۋرىمىزدە (هىجرىيە **332** -، مىلادى **943** ~ **944** – يىللىرىنى دېمەكچى) تۈركلەرنىڭ قەبىلە ۋە تەبىقىلىرى ئارىسىدا، توققۇز ئوغۇزلاردىن جەسۇر، ئۇلاردىن كۈچلۈك، ئۇلارنىڭكىدەك قۇدرەتلىك دۆلىتى بارلىرى يوق. ئۇلارنىڭ پادىشاهى <ئۇيغۇرخان>دۇر. ئۇلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تۈركلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلاردىن باشقىسى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى غوزلار بولۇپ، تەقى – تۇرقى ئەڭ قاملاشقان، بويى ئېگىزى قارلۇقلاردۇر...».

مەسئۇدى بۇ گۇڭگا مەسىلىدە يېڭىلىشىپ، سابىق تۈرك خانلىقى (غەربىي ئون ئوق)نى ۋە ئۆز دەۋرىدىكىلەردىن توققۇز ئوغۇز (بۇلارنى تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان)، قارلۇق ۋە «تۈركلەر»نى تىلغا ئالغان. شۇنداقلا «توققۇز ئوغۇزنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى غوزلار ئىدى» دېگەن. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، توققۇز ئوغۇز بىلەن غوزلار ئايرىم – ئايرىمدۇر. بارتولد دەل مەسئۇدىنىڭ مۇشۇ خىل ئاتالغۇسىنىڭ زېيىنىغا ئۇچرىغان تارىخشۇناسلاردىن بىرىدۇر.

**5.** «توققۇز ئوغۇز» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى هەققىدە يېقىن زاماندىكى داڭدار تارىخچىلاردىن ماركۋئارت (**Marquart**) بىلەن بارتولد (**Barthold**) ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا بولغان. ماركۋئارت رېيناۋىد (**Reinaud**)، دې گوج (**de Goeje**)، تومسېن (**Thomsen**) ۋە شلىگېل (**Schlegel**) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئەگىشىپ، «توققۇز ئوغۇز (توققۇز ئوغۇز) خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە توققۇز ئۇرۇقتىن ئىتتىپاق بولۇپ تەشكىللەنگەن ئۇيغۇرلار شۇ» دەپ قارىغان. بارتولد بولسا «ئەرەب تارىخچىلار ئەسلىدە ئۇيغۇرلاردىن ئىلگىرى بەشبالىقتا ياشىغان شاتو (سارت) تۈركلىرىنىڭ نامى بولغان <توققۇز ئوغۇز> ئىسمىنى خاتا هالدا ئۇيغۇرلارغا قوللانغان. شاتو (سارت) تۈركلىرى <خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە> ئورخۇن تۈركلىرىنىڭ بىر تارمىقىدۇر» دېگەن كۆز قارىشىنى تەكرار تەكىتلىگەن. بارتولدنىڭ بۇ قارىشى توغرا ئەمەس، شۇنداقلا مەزكۇر ماقالىدە بىز بارتولدنىڭ بۇ نەزەرىيەسىدىكى قۇۋۋەتلىگىلى بولمايدىغان بىر قانچە ئاجىز نۇقتىنى كۆرىمىز.

ماركۋئارت ۋە بارتولد هەر ئىككىسى ياقۇتنىڭ قىسقارتقان نۇسخىسىدىن تەمىمنىڭ ساياهەت مەنزىلى هەققىدە ئېنىق بىر يەكۈن چىقىرالمىغان.

ماركۋئارت دەسلەپتە ئىبنى خۇردازبېھ تىلغا ئالغان توققۇز ئوغۇزلار ئورخۇن ۋادىسىدا دېگەن؛ ئەمما كېيىن، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، تەمىم ئىبنى بەهىر بارغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى كۇشان (تۇرپان) ئىدى، دەپ قارىغان.

بارتولدمۇ دەسلەپتە (**1897** – يىلى) «هۇدۇدۇلئالەم» ۋە ئىدرىسىنىڭ ئەسەرلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، تەمىمنىڭ سەپىرى توققۇزىنچى ئەسىردىن كېيىن ئەمەس دەپ قارىغان ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىنى شەرقىي تەڭرىتاغ ۋادىلىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان. كېيىن (**1926** – يىلى) ئۇ بۇ سەپەرنىڭ **760** – يىلى (بۇ قارلۇقلار يەتتە سۇ ۋادىسىدا ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسىملىرىدا ئۆز هاكىمىيىتىنى ئورناتقان مەزگىللەر ئىدى)دىن بۇرۇن ياكى توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن كېيىن (بۇ چاغدا شاتو تۈركلىرى بېشبالىقنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولغان) يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى (يەنى بۇ سەپەرنىڭ مۇشۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەنلىكىنى) ئوتتۇرىغا قويغان. بارتولد يەنە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»دە تەمىم ئىبنى بەهىر بۇ سەپىرىنى قىلغان ۋاقىتنىڭ ئېنىقسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختالغان.

## § 2. ئۈچ شەھەر

تەمىمنىڭ خاتىرىسىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن بىز ئاستىن ۋە ئۈستۈن نۇشاجان، شۇنداقلا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىدىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدە شەھەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ھازىر بىز «نۇشاجان» دېگەن ئىسىمنىڭ «بارسخان» دېگەن يەر نامىنىڭ خاتا يېزىلىپ قالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىشەنچ بىلەن ئىپتالايمىز. بۇ جايىنىڭ مۇشۇ خىل توغرا ئوقۇلۇشى (ئەرەب جۇغراپىيەشۇناس مەقدىسى (شَمْس ٱلدِّيْن أَبُو عَبْد ٱلله مُحَمَّد ابْن أَحْمَد ابْن أَبِي بَكْر ٱلْمَقْدِسِي)نىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا، بۇ نام يەنە مەھمۇد قەشقەرىينىڭ مەشھۇر «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) دېگەن ئەسىرىدىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. مەزكۇر ئەسەردە تۈركىي سۆزلەر ۋە ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان ۋە ئوقۇلۇشى (تەلەپپۇزى) بىللە بېرىلگەن. مەھمۇد قەشقەرىينىڭ دادىسى ئۈستۈنكى بارسخانلىق بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىي بۇ يۇرتىنىڭ ئىسمىنى «Bars(a)ghan» دەپ يازغان.

**1.** تۆۋەنكى (يېقىن) بارسخان تارازنىڭ شەرقىگە ئۈچ پەرسەقلا كېلىدىغان يەرگە ياكى سەمەرقەندنىڭ 60 ~ 65 پەرسەق شەرقىگە جايلاشقان (قۇدامە، 262 – بەت، 2 – ۋە 15 – قۇرلار). ئاپتور بۇ يەرنى كىماك تەرەپكە بېرىشتىكى تۇنجى ئۆتەڭ دېگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، تۆۋەنكى بارسخان غەرب تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر كۆچمەن (تۈركىي) قەۋملەرنىڭ دىيارىغا بېرىشتا ئۆتىدىغان قوۋۇق بولغان.

**2.** ئۈستۈنكى (يىراق) بارسخان تۆۋەنكى بارسخاننىڭ كەم دېگەندە 500 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان. بۇ ئىككى يۇرتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتەلەن تەقدىردە تېكىستنى توغرا چۈشىنىش مۇمكىن بولمايدۇ. مەھمۇد قەشقەرىينىڭ قەتئىي جەزملەشتۈرگىنىدەك، ئۈستۈنكى بارسخان ئىسسىق كۆلنىڭ يېنىغا جايلاشقان.

تەمىمنىڭ بۇ كۆلنىڭ شەكلى ھەققىدىكى سۆپەتلىرى خاتا. تەمىمنىڭ (10 – بۆلەكتە، كۆلنىڭ) ئۇزۇنلۇقىنى قىرىق كۇنلۇك (ياكى ئوتتۇز كۇنلۇك) مۇساپە ئىدى، دېيىش ئارقىلىق نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقى نامەلۇم. كۆلنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسىنى نەزەردە تۇتقاندىمۇ، بۇ مۇساپە يەنىلا مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن. رۇسىيەنىڭ ئۆلچەش نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ كۆلنىڭ (ئايلانما) ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىردىن 210 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى تەكشى ئەمەس بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا تەخمىنەن 80 مېتىردىن 400 مېتىرغىچە كېلىدۇ. يىلبويى مۇز تۇتمايدۇ. ئۇنىڭ قىرىق تارماق ئېقىنى بار بولۇپ، كۆلدە بېلىق ئىنتايىن كۆپ.

**3.** توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانىنىڭ پايتەختى (يۇقىرىقى ئىككى شەھەرگە قارىغاندا) تېخىمۇ بەك شەرقتە. 744 ~ 840 – يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئورخۇن ۋادىسىدىكى قارا بالغاسۇن (ئوردا بالىق)دا ئىدى. 840 – يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلۈكى تەڭرىتاغ ۋادىسىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىقتا (تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا)، قىشلىق پايتەختى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قوچۇ (تۇرپان)دا بولغان. بىز كېيىنكى مەزمۇنلاردا (تۆتىنچى پاراگرافتا) مۇساپىلەرنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، تەمىم زىيارەت قىلغان پايتەخت توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىمىز، ئەمما ھازىرچە ئۈستۈنكى بارسخان بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىنىڭ بىر جاي ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ پايدىسى بار.

## § 3. مۇساپە

ئەمدى بىز تەمىم بەھىر بېسىپ ئۆتكەن لىنىيە ۋە مۇساپە توغرىسىدا توختىلىمىز.

مەيلى مەشھەدتىن تېپىلغان قوليازمىدا، ياكى ياقۇت تەرىپىدىن قىسقارتىلغان نۇسخىدا بولسۇن، تەمىمنىڭ سەپىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. لېكىن ئۇلار تەمىمنىڭ بىر كېچە كۈندۈزدە ئۈچ سىككا يول يۈرۈپ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىگە بارغۇچە يايلاقتا يىگىرمە كۈن، گۈللەنگەن بازارلاردا يىگىرمە كۈن يول يۈرگەنلىكىنى بايان قىلغان.

بىر سىككا (ياكى بارىد) ئىككى ئۆتەڭ ئارىسىدىكى ئارىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى مۇتەخەسسىسلەر بىر سىككا ئىككى پەرسەققە باراۋەر دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن، بىر شەرھلىگۈچى بۇنى تۆت پەرسەق دەپ

ئۆزگەرتكەن. ئەگەر بىر سىككانى ئىككى پەرسەق دېگەندە، بىر سوتكىدا ئۈچ سىككا، يەنى ئالتە پەرسەق (30 ~ 35 كىلومېتىر) يول يۈرۈشنى «جاپالىق يول يۈرۈش» دېگىلى بولمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن بىر سىككانى تۆت پەرسەققە باراۋەر دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ. بۇ بويىچە بولغاندا، تەمىم ئىبنى بەھىر قىرىق كۈندە جەمئىي 480 پەرسەق (2400 ~ 2880 كىلومېتىر) ياكى 45 كۈندە 540 پەرسەق (2700 ~ 3240 كىلومېتىر) يول يۈرگەن بولىدۇ.

قۇدامەنىڭ قولىدىكى نۇسخىدىكىدەك، تەمىمنى كۈنىگە ئالتە پەرسەختىن، 45 (20+25) كۈن سەپەر قىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ باسقان مۇساپىسى 270 پەرسەخ، يەنى 1620 ~ 1800 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ ئارىلىق ئۇستۇنكى بارسخان بىلەن تۇرپاننىڭ ياكى بېشبالىقنىڭ ئارىلىقىدىكى 1000 كىلومېتىرلىق مۇساپىدىن خېلىلا ئېشىپ كېتىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز تەمىمنىڭ ئەسلى ئورىگىنالىدىكى تەخمىنەن 3000 كىلومېتىر يول يۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمىز. بۇ ئارىلىق تۆۋەنكى بارسخان بىلەن تۇرپان ياكى ئۇستۇنكى بارسخان بىلەن قارا بالغاسۇن ئارىسىدىكى ئارىلىقتىن كۆرە، تۆۋەندىكى بارسخان بىلەن (ئورخۇن ۋادىسىدىكى) قارا بالغاسۇن ئارىسىدىكى ئارىلىققا يېقىن كېلىدۇ.

بىز تەمىمنىڭ سەپەر لىنىيەسى ۋە مۇساپىسىنى بۇنىڭدىنمۇ توغرا ئېنىقلىيالمايمىز. بىز ئۇنىڭ سەپەر خاتىرىسىدىن پەقەت تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرالايمىز: (a) ئۇ تۆۋەنكى بارسخاندىن يولغا چىقىپ، (b) (ئورخۇن ۋادىسىدىكى) قارا بالغاسۇنغا بارغان ۋە (c) ھېچبولمىسا قايتىش سەپىرىدە ئۇستۇنكى بارسخاندىن ئۆتكەن. گاردىزى ئۇستۇنكى يەنسەيدىكى چىنانجكەس (Chinanjkath)تىن قىرغىز دىيارىغا بىۋاسىتە بارىدىغان يولنى بىلەتتى (ھۇدۇدۇلئالەم، 282 – بەت)، ئەمما تەمىم ئىبنى بەھىر چوقۇم ئورخۇنغا بارىدىغان تېخىمۇ تۈز يولدىن ماڭغان، چۈنكى ئۇ ئۆز خاتىرىسىدە قىرغىز دىيارىنى تىلغا ئالمىغان.

## § 4. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى

روشەنكى، «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىنىڭ ئەتراپىدا كۆل بار» دېگەن گەپ قۇدامەنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانىنىڭ قەلئەسىگە ئالاقىدار ئالاھىدىلىكى بار نەرسىلەردىن پەقەت «ئالتۇن» چېدىرلا قالىدۇ. مەن «ھۇدۇدۇلئالەم»گە يازغان شەرھىنىڭ 269 - بېتىدە، بېشبالىققا بېرىپ باققان خىتاي يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسەن، بۇ ئالاھىدە بەلگىنى بۇددا مۇنارى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن يەكۈننى پەرەز تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بىز قاغان مۇنارىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلىسەك، بۇ پەرەز ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن، «تاڭنامە» (قىرغىزلار ئالاقىدار باب)دە، ئاخىرقى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى پايتەختىدىكى «ئالتۇن چېدىر» ھەققىدە بىۋاسىتە مەلۇماتلار بار (يەنى «تاڭنامە»دىكى بۇ بايانمۇ تەمىم ئىبنى بەھىر بارغان پايتەختنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدا ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ، ت).

(«تاڭنامە»گە كۆرە) «(ئورخۇن ۋادىسىدا) قىرغىز ھۆكۈمدارلار بىلەن ئۇيغۇر قاغان ئارىسىدىكى تىركىشىش يىگىرمە يىل داۋاملاشقان. ئۆزىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا كۆزى يەتكەن (قىرغىز ھۆكۈمدارى) ئاجې <ئاقىۋىتىڭ مۇقىملاشتى! مەن سېنىڭ ئالتۇن چېدىرىڭغا ئېرىشىمەن، چېدىرىڭنىڭ ئالدىدا ئات ئۇينىتىمەن ۋە ئۇچبۇرجەك تۇغۇمنى تىكىمەن> دېگەن. ئاخىرىدا، مىلادى 840 – يىلى، ئۇيغۇر قاغان ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ شاھزادە (تېگىن)لىرى تەرەپ – تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئاجې ئۇيغۇرلارنىڭ بارىگاھىنى ۋە ئۇيغۇر خاقانى ئولتۇرىدىغان ئالتۇن چېدىرنى ئۆز قولى بىلەن كۆيدۈرۈۋەتكەن...»

(يۇقىرىقى «ئالتۇن چېدىر»نىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خاقانىنىڭ پايتەختىدە ئىكەنلىكىگە دائىر روشەن بايانلارنىڭ بارلىقىغا قارىماستىن) بۇ جەھەتتە كىشىنى ھەممىدىن بەك گاڭگىرىتىدىغىنى، تەمىم ئۆز خاتىرىسىدە «بىر – بىرىگە يېقىن گۈللەنگەن شەھەر ۋە تېرىلغۇ يەرلەر»دىن ئۆتكەنلىكىنى يازىدۇ. تۇرپاندا نۇرغۇن شەھەر ۋە تېرىلغۇ مەركەزلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئورخۇن ۋادىسىدىكى تېرىلغۇ يەر ۋە تېرىمچىلىق ئەھۋالى توغرىسىدا ئانچە كۆپ مەلۇمات يوق. قارىغاندا، ئۇيغۇر قاغانىنىڭ خەلقى ئارىسىدىكى سوغدىلار ۋە

ختايلار مۇئەييەن كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلغان بولسا كېرەك. ياكى تەمىم ئۆتەڭلەرنىڭ يېنىدىكى بەزى جايلارنى نەزەردە تۇتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## § 5. دىنلار

تەمىمنىڭ خاتىرىسىدىكى دىنلارغا ئالاقىدار بايانلار مۇجمەل. ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى يىگىرمە كۈنلۈك سەپىرى جەريانىدا كۆرگەن خەلقلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتەشپەرەس، يەنى بەزىلىرىنىڭ زىندىق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ زىندىق ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. توققۇز ئوغۇز خەلقلىرى ئارىسىدا زورو ئاستېر دىنىغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ بولۇشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس. تەمىم ئەسلى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى ياكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. تەمىمنىڭ «زىندىق» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ مۇسۇلمانلار ئادەتتە مانى دىنىدىكىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىبارىدۇر. قارىغاندا، بۇ دىن (مانى دىنى) ئۇيغۇر خانى (مىلادى **763** – يىلى لوياڭدا تۇرغاندىن كېيىن) ئۇنىڭغا كىرىشتىن خېلى ئىلگىرىلا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا تارقالغان بولسا كېرەك.
ئۇيغۇر خانىنىڭ **763** – يىلى مانى دىنىغا كىرىشى، شۇنداقلا ختاي ئىمپېراتورىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە بېقىنىشى سەۋەبلىك، مانى دىنى ختايدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تارالغان. ئورخۇندىكى ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، مانى دىنى ئاندىن (**843** – يىلى) ختايدا چەكلەنگەن.

## § 6. قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى

تەمىمنىڭ ئۈستۈنكى بارسخان خەلقىنىڭ قارلۇقلار بىلەن بولغان تىركىششتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكى ھەققىدىكى بايانى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. تاغ ۋە كۆل بىلەن قورشالغان ئۈستۈنكى بارسخاننىڭ ئورنى تولىمۇ ئەۋزەل ئىدى. كېيىنچە، (ئۈستۈنكى بارسخاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئىسسىق كۆل ئويمانلىقى غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان، ئەمما بىز بۇ رايوندىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قەبىلىنىڭ زادى قايسىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمىز. مەسئۇدى ئۆز ئەسىرىدە، بارسخانلىقلارنىڭ ئالاھىدە بىر گۇرۇپپا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. مىلادى **766** – يىلىدىن كېيىن، قارلۇقلار غەربىي تۈرك (تۈرگىش)لەرنىڭ ئورنىنى ئالغان، شۇنداقلا ئىسسىق كۆلنىڭ تاغلىق ۋادىلىرىنى تالىشىپ قاتتىق جەڭگى – جېدەللەر بولغانلىقى چوقۇم. «ھۇدۇدۇلئالەم» (**15** – پاراگراف **11** – بەت)دە ئۈستۈنكى بارسخاننىڭ مىلادى توققۇزىنچى ياكى ئونىنچى ئەسىردىكى ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنغان «بارسخان بىر كۆلنىڭ بويىغا جايلاشقان، گۈللەنگەن، كۆڭۈللۈك شەھەردۇر. ئۇنىڭ دېھقان (يەردار)لىرى قارلۇقلار بولسىمۇ، خەلقلىرى توققۇز ئوغۇزلارغا قارايدۇ» دېيىلگەن. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە «توققۇز ئوغۇز» دېگەن بۇ ئىبارە ئاساسلىقى تۇرپاندىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلگەن.
ھالبۇكى، تەمىم ئىبنى بەھىر ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە بارسخاننىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى، قارلۇقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىۋاتقان ۋاقتىنى تىلغا ئالغان. جاھىز (ھىجرىيە **253** – يىلى / مىلادى **868** – يىلى ئۆلگەن)مۇ « گەرچە قارلۇقلار سان جەھەتتە بىر ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، توققۇز ئوغۇزلار قارلۇقلار ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى» دەپ يازىدۇ. بۇمۇ تەمىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولۇشى مۇمكىن.
تەمىمنىڭ خاتىرىسىدىكى تولىمۇ قىزىقارلىق يەنە بىر نۇقتا شۇكى، تەمىم خاقاننىڭ ئۆزىنىڭ **20 + 20 (25)** كۈنلۈك سەپىرى ئۈچۈن ئات (بارىد) ئەۋەتكەنلىكىنى يازىدۇ. ئەگەر بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «خاقان»نى بېشبالىقتىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى دەپ چۈشەنسەك، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ تۆۋەنكى بارسخانغىچە ئۆتەڭ ئاتلىرى تەسىس قىلالىشى مۇمكىن بولمايدۇ، ئەگەر تەمىمنىڭ ئۈستۈنكى بارسخانغا بېرىۋېلىشى ئۈچۈن ئات بېرىلگەن دېيىلسە، بۇ ئارىلىق بەكلا يېقىن بولغاچقا، ئاتقا ھاجەت چۈشمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق

قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، تۆۋەنكى بارسخان (مىلادى 766 – يىلىدىن باشلاپ) قارلۇقلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ كەلگەنىدى. لېكىن، تەمىم ئۆز خاتىرىسىدە، قارلۇقلارنىڭ بارسخانلىقلار بىلەن بولغان توقۇنۇشىدىن سىرت، ئۇلار توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. بۇ بەلكىم مەشھەدتىن تېپىلغان قوليازمىدىكى خاتالىق بولۇشى ياكى تەمىمنىڭ سەپەر قىلغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچ بولۇشى (يەنى تەمىمنىڭ سەپەر قىلغان ۋاقتى قارلۇقلار بارسخاننى ئىگىلەشتىن بۇرۇنقى مەزگىل بولۇشى، ت) مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە خۇلاسىدە يەنە توختىلىمىز.

ماركۇئارت خەلىپە ھىشامنىڭ دەۋرىدە (مىلادى 724 – يىلىدىن 743 – يىلىغىچە) تۈركلەر ئارىسىغا بارغان ئەلچىنىڭ مەلۇماتىدىكى «خاقاننىڭ لەشكەرلىرىنى توپلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئون تۇغى بار ئىدى» دېگەن تەپسىلاتنى تەكىتلەيدۇ ۋە بۇنى خاقانغا بېقىنىدىغان ئۇرۇقلار (غەربىي تۈركلەردىكى ئون ئوق)غا باغلايدۇ. تەمىمنىڭ خاتىرىسىدە بولسا، خاقاننىڭ شەھەر سىرتىدىكى بارىگاھىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ 17 سانغۇنىنىڭ بارىگاھى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. (تولىمۇ ئەپسۇسكى!) بۇ سان ئاجايىپ غەلىتە بولۇپ، بىز ھېچبىر تۈرك ئىتتىپاقىنىڭ «ئون يەتتە» دەپ ئاتىلىپ باققانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەگەر بىز خاقاننىڭ ئۆزىنىڭ بارىگاھىنىمۇ (تەمىمنىڭ خاتىرىسىدىكى 11 – بۆلەكتە تىلغا ئېلىنغىنىدەك) «ئون سەككىزىنچى» بىرلىك دەپ قارىساق، بۇ جەھەتتە مېنىڭ ئەقلىم يەتكەن بىردىنبىر چۈشەندۈرۈش تۆۋەندىكىچە: «تاڭنامە»دە توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسى سانالغاندىن كېيىن، «ئۇلار ئىرق جەھەتتە ئالتە ئۇرۇققا، يەنى بۇگۇ، ھون، بايىرقۇ، توڭرا، سۇگى ۋە كىبىلارغا باغلىنىدۇ، لېكىن ياۋايىلار ئۇلارغا (يەنى ئۇيغۇرلارغا) تەۋە ئەمەس» دېيىلگەن. بەلكىم ئۇيغۇرلار ئەڭ دەۋر سۈرگەن مەزگىللىرىدە، مۇشۇ مەنبەداش قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن قارلۇق ۋە باسمىللارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولۇشى، نەتىجىدە بۆلارنىڭ سانى ئون يەتتىگە يەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

## § 7. خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مەشھەدتىن تېپىلغان قولىيازمىدىكى ئەڭ مۇھىم يېڭى مەزمۇن — (ئۇيغۇر) خاقاننىڭ خىتاي خانى بىلەن قۇدا – باجا بولۇشقانلىقى، شۇنداقلا خىتاي خانىنىڭ ئۇيغۇر خاقانغا يىپەك سوۋغا – سالام ئەۋەتكەنلىكىدۇر. دېمەك، بۇ (تەمىم بەھىرنىڭ سەپەر قىلغان ۋاقتى) ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا زور تەسىر كۆچكە ئىگە بولغان مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار مىلادى 744 – يىلى ئورخۇن ۋادىسىنى ئىگىلىگەن ۋە مىلادى 757 – يىلى بايانچۇر خاقان خىتايدىكى ئۆكتۈك – سۇيگۇن (ئەن لۇشەن) ئىسيانىغا قارشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىغا چوڭ ياردەم قىلغان. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي خانى ئۆز قىزى نىڭخونى بايانچۇرغا ياتلىق قىلغان ۋە بۇ خوتۇن بايانچۇر ئۆلگەن (759 – يىلى)دىن كېيىن، خىتايغا قايتىپ كەتكەن. خىتاي مەلىكىسى نىڭخو بىلەن بارغانلار ئارىسىدا ئوخشاشلا نىڭخو ئىسىملىك يەنە بىر خىتاي مەلىكىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇ كۆچمەن قەۋم ئارىسىدا قېپقالغان ۋە كېيىن ئىدىغان قاغان (ئۈچىنچى قاغان) نىڭ خوتۇنى بولغان ۋە مىلادى 790 – يىلى (ئالتىنچى قاغاننىڭ دەۋرىدە) ئۆلگەن. يەنە بىر خىتاي مەلىكىسى شيەنئەن تۆتىنچى قاغانغا تەگكەن ۋە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئايرىم – ئايرىم ھالدا شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ قاغان (بەشىنچى، ئالتىنچى، يەتتىنچى قاغانلار)غا ياتلىق بولغان. ئۇ كۆچمەن قەۋملەر ئارىسىدا 21 يىل تۇرۇپ، 808 – يىلى ئۆلگەن. 821 – يىلى، 10 – قاغان (خىتاي خانى شيەنزاڭنىڭ قىزى) مەلىكە تەيخوغا ئۆيلەنگەن. بۇ مەلىكە ئۇيغۇرلار 840 - يىلى دۈچ كەلگەن يىغىلىق ۋە مالىمانچىلىقتىن ئامان قېلىپ، 843 – يىلى خىتايغا قايتىپ كەتكەن.

دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى قۇدا – باجىلىق (قىز بېرىش، قىز ئېلىش) مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئۈزۈلۈپ باقمىغان.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يىپەك ئەۋەتىشى دائىمىي ئىش ئىدى. 762 – يىلى، خىتاي ئەلچىسى «تاڭ ئېمپېراتورىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھەرىيىلى يىپەك ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتقانلىقى»نى خاقاننىڭ سەمىگە سالغان. 758 ~ 760 – يىللىرى زور مىقداردا قىرچاڭغۇ ئاتلارنى خىتايلارغا سېتىپ، بىر تۇياق ئات ئۈچۈن خىتايلاردىن قىرىق

توپ يېپەك ئېلىپ راۋۇرۇس پايدا ئالغان. 758 – يىلى، ئۇلار خىتايغا ئون مىڭ تۇياق ئات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، خىتاي خانى ئاران ئالتە مىڭ ئاتقا چۇشلۇق يىپەك بېرەلەپ، تەڭقىسلىقتا قالغان. 827 – يىلى، كۈچلۈك بىلگە خاقان تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنزاڭغا ئات سېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە 500 مىڭ توپ شايى - دۇردۇنغا ئېرىشكەن.

ئاخىرىدىكى بۇ بايان تەممىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، گەرچە يىلنامەشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يىپەكلەرنىڭ ئورام سانىدىن گۇمانلىنىشقا بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەممىنىڭ بايانلىرىنىڭ ئاساسي جەھەتتىن ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

## خۇلاسە

قوللاش ۋە قارشى تۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ ئالاقىدار مۇنازىرىلىرىدىن شۇنداق يەكۇنگە كېلىش مۇمكىنكى، تەمىم ئىبنى بەھىر ئورخۇندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىگە، يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيەدىكى قارا بالغاسۇنغا سەپەر قىلغان بىردىنبىر مۇسۇلمان سەيياھتۇر.

تەمىم بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا كەلسەك، مەيلى تەمىم بىلەن قۇدامەنىڭ بايان قىلغىنىدەك، بۇ 40 ~ 45 كۈنلۈك جىددىي يول يۈرۈلگەن سەپەر بولسۇن، ياكى ئىبنى خۇردازبېھنىڭ قەيت قىلغىنىدەك، توقسان كۈنلۈك نورمال سەپەر بولسۇن، بۇ مۇساپىنىڭ راۋۇرۇس ئۇزۇن ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ مۇساپە بېشبالىق بىلەن تۆۋەنكى بارسخاننىڭ ئارىلىقىدىن خېلىلا ئۇزۇن. قارابالغاسۇندىن ھېسابلىغاندا، بۇ ئۈستۈنكى بارسخانغىلا ئەمەس، تۆۋەنكى بارسخانغىچە بولغان ئارىلىقمۇ توغرا كېلىدۇ (يەنى، بۇنىڭدىن جەزم قىلىشقا بولىدىغىنى تەمىمنىڭ بارغىنى تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى بېشبالىق ئەمەس، بەلكى ئورخۇن ۋادىسىدىكى قارابالغاسۇندۇر، ت).

بۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىغا كەلسەك، بۇ جەھەتتىكى ھالقىلىق ئامىل ئۇيغۇر خاقانىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدۇر (ئالتىنچى بۆلەك). تەمىم ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىدە مانى دىنىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۇيغۇر خاقانىنىڭ مانى دىنىغا كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ زور ۋەقەنى تىلغا ئالمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىز «تەممىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىگە بارغان ۋاقتى بۇ ۋەقەدىن خېلى ئۇزۇن مەزگىللەر ئۆتكەن چاغلار بولغاچقا، بۇ ۋەقە تەمىم ئىبنى بەھىرگە ئادەتتىكىچە بىلىنىشكەن» دېيىشكە ھەقلىقمىز.

بۇ جەھەتتىكى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىككىلەمچى تەپسىلات خاقانغا تەۋە «ئالتۇن» چېدىردۇر. تەلىيىمىزگە يارىشا، «تاڭنامە»نىڭ قىرغىزلار توغرىسىدىكى بابى مەزكۇر يارقىن ئۇچۇرنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. 840 – يىلى ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر قاغان 839 ~ 840 – يىللىرى قىسقا مۇددەت تەختتە ئولتۇرغان ياش يىگىت ئىدى. لېكىن، «تاڭنامە»دە، ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ يىگىرمە يىل داۋاملاشقانلىقى كېسىپ ئېيتىلغان ۋە قىرغىز ھۆكۈمدارىنىڭ «ئالتۇن چېدىر»نى قولغا چۈشۈرىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغانلىقى قەيت قىلىنغان. دېمەك، بۇ ئۇرۇشنىڭ باشلانغان ۋاقتى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئونىنچى خاقانى، مىلادى 821 ~ 824 – يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان چۈڭتېنىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قاغان ناھايىتى زور داغدۇغا – دەبدەبە بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى تەيخوغا ئۆيلەنگەنىدى. خىتايلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن بولغان «ئالتۇن چېدىر»مۇ ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىگە ئاپىرىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا، مىلادى 827 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېنزاڭنىڭ 500 مىڭ توپ يىپەك ئەۋەتىشى دەل تەمىم ئىبنى بەھىرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولۇشى (يەنى تەممىنىڭ سەپىرى مۇشۇ يىلى يۈز بەرگەن بولۇشى، ت) مۇمكىن.

ھەتتا، تەممىنىڭ قارلۇقلار توغرىسىدىكى غەلىتە سۆكۈتىنىمۇ خىتاي تىلى يېتەكچىم مېنىڭ ئېسىمگە سالغان قارابالغاسۇن مەڭگۈتېشىدىكى مەزمۇنلار ئارقىلىق شەرھلەش مۇمكىن. ئۇنىڭ يېڭى تەرجىمىسىگە

**كۆرە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ توققۇزىنچى قاغانى (808 ~ 821 – يىللار) ئۇستۇنكى سىر دەرياسى ۋە پەرغانە رايونلىرىنى ئىستېلا قىلىپ، قارلۇقلارنى بويسۇندۇرغان ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشقا يېڭى يابغۇ تەيىنلىگەن. ئەمما، بۇ ئىستېلا مېۋىسىنىڭ قىرغىزلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى باشلانغان ۋاقىتقىچە ساقلاپ قېلىنالمىغانلىقى تەمىمنىڭ 821 – يىللىرى ئەتراپىدا «كىماكلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شىمالدىكى قوشنىلىرى ئىدى» دېيىشىنىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇر خاقانىنىڭ قانداقىسىغا تۆۋەنكى بارسخانغىچە ئۆتەك ئاتلىرى ئەۋەتەلىشىنىڭ سەۋەبى، خەلقلىرى ئارىسىدا مانى دىنى ئەۋج ئالغانلىقىدىن بولسا كېرەك.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى.

**Tamīm ibn Baḥr's Journey to the Uyghurs  V. Minorsky**
**Bulletin of the School of Oriental and African Studies, University of LondonVol. 12, No. 2 (1948), pp. 275-305**
**Published by: Cambridge University Press on behalf of School of Oriental and African Studies**
**https://www.jstor.org/stable/608747**
**Page Count: 31**


گۈلنىسا ئىمىن

ياش شائىرە گۈلنىسا ئىمىن 1976-يىلى چىرا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1977-يىلى خوتەن رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كاتىباتلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن، كېيىن چىرا ناھىيىلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.

گۈلنىسا ئىمىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە كۆپلىگەن ياش شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىدىن پەرقلىق يول تۇتقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان كۆپۈنچە ئوقۇرمەن ئۇنى مۇھەببەت لىرىكىسى يازىدىغان شائىرە دەپ چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان شائىرلار دۇنيا مىقياسىدىمۇ ئاز ئەمەس. قىزنىڭ يىگىتكە، ئاشۇقنىڭ مەشۇققا بولغان مۇھەببىتىنى كۈيلەش بىلەن ھاياتى ئۆتكەن شائىرلارمۇ ھەم كۆپ. ئەمما، گۈلنىسا ئىمىننىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن ئۇنى ئاددىي چۈشەنچىسى بىلەن ئىشىق-مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان شائىرە دەپ چۈشىنىۋالسا تۈپتىن خاتالاشقان بولىدۇ. گۈلنىسا ئىمىن شۇنداق شائىرەكى، باشقا شائىرەلەر ئاشىقى ئۈچۈن شېئىر يېزىپ خۇشاللىقا چۆمگەندە، ئۇ ئۆز كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپرىقى ئۈچۈن شېئىر يېزىپ ئازاب يېشى تۆككەن؛ باشقا شائىرلار قولغا كەلتۈرەمىگەن قىز-ئايالار ئۈچۈن نامەرتلىك بىلەن ئىگراپ تۇرۇپ يازغاندا، ئۇ قولدىن كەتكەن ئەركى ئۈچۈن يىغلاپ تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكەن؛ باشقىلار ئاللىقانداق تۇزۇلمىلەرنى ماختاپ، پۇچەك نىيەت-مەقسەدلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماي تىرمىشىۋاتقاندا، ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاققان تۇپرىقى، ئەزىز ۋەتىنى، ناتىۋان مىللىتىنىڭ دەرد-ئازابى ئۈچۈن پۇچىلانغان ۋىجدان ئىگىسىدۇر.

بىز ژۇرنىلىمىزدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان باشقا تۇتقۇندىكى زىيالىي ۋە قەلەمكەشلىرىمىزگە ئوخشاشلا، شائىرە گۈلنىسا ئىمىن تورغىرىسىدىمۇ ھېچقانچە كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. ھەتتا بىز شائىرە گۈلنىسا ئىمىننىڭ ھايات تىرىكلىكىدىنمۇ خەۋىرىمىز يوق. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ۋەتەندىكى ئائىلە-ئۇرۇق تۇغقانلىرىمى ئۇنىڭ نەدە ۋە قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر ئالالماي قاتتىق ئېغىر روھىي ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتقان بولۇشىنى پەرەز قىلالايمىز. چۈنكى، شائىرەمىز ۋەھشىي خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جازا-لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن. قاچان، قەيەردىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى توغرىلىقمۇ خەۋەرگە ئىگە ئەمەسمىز. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمىزدا، يەر شارىدا ئىنسانىي غورۇرى بىلەن تىرىك ياشاۋاتقان بىر ئوت يۈرەك ئىنساننىڭ، بىر نازۇك شائىرەنىڭ، بەلكىم بىر مېھرىبان ئانا ۋە ئىللىق ئايال توغرىسىدا ھېچقانچە ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەستىن، ئۇ توغرىسىدا ئەسلەتمە يېزىپ يۈرۈشىمىز بىزنى بىر تەرەپتىن خىجىلچىلىققا سالسا، بىر تەرەپتىن يۈرىكىمىزنى داغلايدۇ. ۋاڭ «ئەپەندى»نىڭ ئىتى يوقاپ كەتسە، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا بىر ئورمانلىقتىن، بىر قىسىلچاقتىن ياكى بىر پاتقاقلىقتىن تېپىلىدۇ. مەرىينىڭ قىزى يوقاپ كەتسە، ئۇنىڭ دۆلىتى ئۆرە-تۆپە بولۇپ كېتىدۇ ۋە مەرىينىڭ قىزىنىڭ ئىزدېرىكى نەچچە سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. خىرۇسونىڭ پورتمالى يوقاپ كەتسە، بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئومۇمەن بىر يەرلەردىن تېپىلىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز ... مەيلى ئۇلار پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننى لەرزىگە سالغان يازغۇچى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ خىتايدىمۇ نامى پۇر كەتكەن ناخشىچى، مەھەللىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرى، يۇرتىنىڭ ئەڭ قەدىردان كىشىسى، بىر جەمەتنىڭ پەخرى، بىر يۇرتنىڭ گۈلتاجى بولغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ئىز-دېرىكى تېپىلمايدۇ. بىز نەچچە يىللار ئاۋۋال ئۆزىمىز كۆرۈشكەن، سىرداشقان، ھەتتا ھاياتىمىز بويىچە دوست بولغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ ھېچيەردىن ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدۇق. بۇ چاغدا، بىزنىڭ ئىنسانلىرىمىزنىڭ ۋاڭنىڭ ئىتىدىن، خىرۇسونىڭ پورتمالىدىن ۋە باشقا نۇرغۇن ئەرزىمەس نەرسىلەردىنمۇ قەدىرسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تەن ئالماي تۇرالمايمىز...

تۆۋەندە شائىرە گۈلنىسا ئىمىننىڭ شېئىرلىرىدىن ئىككى پارچىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمىز.

## سەن ئۇنتۇلدۇڭ، مەنمۇ ھەم

سەن ئۇنتۇلدۇڭ مەنمۇ ھەم
ئۇنتۇلغاندەك كىچكۈزدىكى چىغىر يول،
ئۇنتۇلغاندەك چۆل كۆكسىدە بىر قودۇق.
سىرغىپ تورۇپ لەۋلىرىدىن جىملىقنىڭ،
باھاردىكى بىر تال چۆپتەك ئۇنتۇلدۇق.

بولۇتلارنىڭ كۆزىدىكى دىكابىر،
بىزگە ئەمەس ئۆزى ئۈچۈن سارغايسۇن.
تاڭلار كەتسە مەيلى ئەمدى بىھاجەت،
تورغاق چۈشلەر ھېچنىمىگە ئايلانسۇن.

مەن ئۇنتۇلدۇم قۇشلار مەيۇس بولدى جىم،
باغلار يىرتتى ياقىسىنى پىغاندا.
ئېرىقلاردا يىغلاپ قالدى كۆك قۇملار،
مەن خازاندەك كۆككە ئۈنسىز باققاندا.

سەن ئۇنتۇلدۇڭ تامام مەنا يوقالدى،
ھەممىسىگە قويغان كەبى بىر چېكىت.
ئارىسىدا شەرق بىلەن غەرپىنىڭ،
ئويۇماقتا بىز بولمىغان شۇ ۋاقىت.

ئۇنتۇش بۈگۈن مۇز تۇتۇپتۇ ئەينەكتەك،
قىلىنلايدۇ پارچە كۈنلەر بىر ئەلەم.
ئويغىنىمىز مۇزدەك قانلار شوۋۇلداپ،
مۇھەببەت ئۇ تىزلا قوروپ كەتكەن نەم.

باھار سىنى ئالمىسىمۇ كېلىدۇ،
گۈللەر سىنى كۈتمىسىمۇ پىچىرلار.
قۇياش ساڭا چىقىۋېرەر مەنسىزمۇ،
بىز ئەپسانە ھامان بىر كۈن ئۇنتۇلار.

سەن ئۇنتۇلدۇڭ ئۇنتۇلغاندەك مەنمۇ ھەم،
غېرىپ ئاسمان، كۆيگەن يۇلتۇز ئۆزىدى.
شۇنداقتىمۇ مەۋجۇت يەنە نەپەسلەر،
لېكىن دۇنيا بىزنى تامام ئۇنتۇدى.

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: **09\12\2015**

## باغرى قان

يەنە كىم بارەي مەندەك باغرى قان،
باشىدا مىڭ ئوت ئۆزى ناتىۋان.
چاك-چاك يېرىلغان تۇپراقتۇر هالىم،
قايىنايدۇ ياشىم ئىچىمدە پىغان.

يەنە كىم بارەي ئېيتقىنە ئەي جانان،
ئىستىگەن يارغا بېرىشنى مىڭ جان.
پىراق چۆلىنى مىڭ يىللاپ كەزگەن،
تېپىلماس مەندەك تەلۋە سەرگەردان.

بەرگى خەزان گۇل ئۇستۇمگە توندۇر،
بۇلبۇل دەردىمگە ئۇرىدۇ خەندان.
بىر دانە ئەردىم مىڭ دانە بولدۇم،
ئەجەل قۇشلەرى قىلغايمۇ دان-دان.

يەنە كىم بارەي ئېيتقىنە ئەي جانان،
ئىستىگەن يارغا بېرىشنى مىڭ جان.
پىراق چۆلىنى مىڭ يىللاپ كەزگەن،
تېپىلماس مەندەك تەلۋە سەرگەردان.

كۆيگەن يۇرەكنىڭ هىدىنى هىدلاپ،
لەززەت تاپارمۇ يا ئالارمۇ جان.
پىراق چۆلىنى مىڭ يىللاپ كەزگەن،
تېپىلماس مەندەك تەلۋە سەرگەردان.

ئەسكەرتىش: «سەن ئۇنتۇلدۇڭ، مەنمۇ هەم» ناملىق شېئىر ئەلكۇن توربىتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇرلار ژۇرنلى تەهرىراتى تەييارلىدى



# ئامېرىكا باش تەپتىشى ۋىلىيام بارنىڭ خىتاي تەھدىتى ھەققىدىكى نۇتقى

ئاندرېۋ بىرگ: كۆپچىلىك، ياخشىمۇسىلەر! مەن مىچىگان شتاتىنىڭ غەربىي رايونىنىڭ تەپتىشى ئاندرېۋ بىرگ (Andrew Birge). ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئامېرىكانىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى ھەمىشە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جاسۇسلۇق قىلىش، ئېكسپىلاتاسىيە قىلىش، ناچار تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئوچۇق - ئاشكارا ئوغرىلاش نىشانى بولۇپ كەلدى. بۈگۈن بىز بۇ يەردە ئامېرىكانىڭ باش تەپتىشى ۋىلىيام بار (William Barr)نىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزى، سودا ۋە بىخەتەرلىكىمىز ئۈچۈن ئېلىپ كېلىدىغان خىرىسى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئۆزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلايمىز.

باش تەپتىش بار: ھەممىڭلارغا كۆپ رەھمەت، بۈگۈن بۇ يەردە، دۆلىتىمىز ۋە دۇنيا ئۈچۈن 21-ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، يەنى ئامېرىكانىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ يەرشارىغا خوجا بولۇش ئارزۇسىغا بولغان ئىنكاسى ھەققىدە سۆزلەش ماڭا نېسىپ بوپتۇ.

خىتاي كومپارتىيەسى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي كۇلتۇرگە ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان خىتاي مىللىتىنى ئىنتايىن قاتتىق، مۇستەبىت شەكىلدە ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار خىتاي خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە تىرىشچانلىقىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، قائىدە – نىزاملارنى ئاساس قىلغان نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق تەرتىپنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دىكتاتورلۇقىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن دۇنياۋى مۇھىت يارىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئامېرىكانىڭ بۇ خىرسقا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ لىبېرال دېموكراتىك ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولالاش – بولالماسلىقىنى، ياكى خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ مۇستەبىت گۇماشتىلىرىنىڭ كەلگۈسى دۇنيانى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش – كىرگۈزۈۋالالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

ئەڭ كېچىككەندىمۇ، 1890 – يىللاردىن باشلاپ، ئامېرىكا تېخنىكا ساھەسىدە دۇنيادا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شۇنداقلا، تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۇتۇقلارنىڭ سايىسىدە، دۆلىتىمىز گۈللەندى، ئامېرىكالىقلار پۇرسەتلەرگە ئېرىشتى، بىخەتەرلىكىمىز كاپالەتكە ئىگە بولدى. شۇ ۋەجىدىن، بىز فاشىزم (ناتسىست گېرمانىيەسى) ۋە كوممۇنىزم (سوۋېت ئىتتىپاقى)نىڭ تەھدىتىنى تۈگىتىش ئارقىلىق دۇنيا تارىخىدا مۇشۇنداق مۇھىم رول ئوينىيالىدۇق.

ئەمما، بىز نۆۋەتتە مۇشۇ خىل رەھبەرلىك ئورنىمىزنى ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى يېتەكچىلىكىمىزنى ساقلاپ قېلىش – قالالماسلىقتىن ئىبارەت خىرسقا دۇچ كەلدۇق. بىز ئوغرىلىنىشقا، يەنى بالىلىرىمىزنىڭ ۋە نەۋرىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنىڭ ئوغرىلىنىشىغا يول قويغان ئەۋلادلار بولۇپ قالامدۇق؟

بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىئېن **(Robert O’Brien)** خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ۋە دۇنياغا خوجا بولۇش ئارزۇسى ھەققىدە سۆز قىلىپ: «ئامېرىكانىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ساددىلارچە خوش – خوش دەپ تۇرىدىغان كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتتى» دېدى، مەن بۇ سۆزگە قوشۇلىمەن. ئالدىنقى ھەپتە، ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كرىس راي **(Chris Wray)** خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆز غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سانائەت جاسۇسلۇقى، ئوغرىلىق، قاقتى - سوقتى قىلىش، تور ھۇجۇمى ۋە يامان غەرەزلىك ھەرىكەت قاتارلىق ناچار، ھەتتا قانۇنسىز ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە، سىلەر يەنە دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو **(Mike Pompeo)**نىڭ ئامېرىكا ۋە ئەركىن دۇنيانىڭ (خىتايدىن) قانداق خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلايسىلەر.

كرىس راينىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، ئالدىنقى ھەپتە ئۇ خىتاي ھەققىدە سۆز قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تولىمۇ يىرگىنچلىك بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن كرىس رايغا «مەنمۇ ئەسلىدە (خىتاي ئۈچۈن) <يىرگىنچلىك> نۇتۇق سۆزلەشنى ئويلىغانىدىم، ئەمما (بۇ خىل ئەھۋالدا) ھېچبولمىغاندا <پەۋقۇلئاددە يىرگىنچلىك> نۇتۇق سۆزلىمىسەم بولمىغۇدەك» دېدىم.

ئەمما خىتايلارنىڭ سۆزلىرىمىزنى قانداق سۈپەتلىشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ ۋە مايك پومپېيونىڭ سۆزىنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ خىتاي ـــ ئۇ خىتاي كومپارتىيىسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان مۇددەتتە ـــ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە قايتىدىن قاراپ چىقىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەنچە بۈگۈنكى بۇ ئۇچرىشىشىمىزنىڭ پرېزىدېنت فورد مۇزېيىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى تولىمۇ مۇۋاپىق بولدى. چۈنكى، جېرالد فورد **(Gerald Ford)** ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرغان، يەنى **1972**-يىلى پرېزىدېنت نىكسوننىڭ خىتاي زىيارىتى بىلەن باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدا خىزمەت قىلغان. شۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن، **1975**-يىلى پرېزىدېنت فورد خىتاينى زىيارەت قىلىپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ماۋ زېدوڭ قاتارلىق رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ قوپىدىغان رىقابەتچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئەمما، ئاشۇ ۋاقىتتىمۇ خىتاينىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنىدى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ كۆپ سانلىقلار رەھبىرى ھېيل بوگگس **(Hale Boggs)** ۋە شۇ چاغدىكى ئاز سانلىقلار رەھبىرى جېرالد فورد **1972**-يىلى ئۆزىنىڭ خىتاي زىيارىتى ھەققىدىكى بىرلەشمە دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازغان: «ئەگەر خىتاي ئۆز ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، كەلگۈسى يىرىم ئەسىردە خىتاي ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدىغان، بىر مىليارد كىشىلىك كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ئاخىرقى تەسىرات - خىتاينىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق بەلكىم سەپىرىمىزدىكى ئەڭ يارقىن نۇقتا بولۇشى مۇمكىن. بىز ئاشۇ چەكسىز زېمىننى كېسىپ ئۆتكەندە، بۇ غايەت زور سىلكىنىش، ئەجدىھا (خىتاي)نىڭ ئويغىنىش تۇيغۇسى بىزنى چوڭقۇر ئويلارغا پاتۇردى».

ئارىدىن ئەللىك يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئىككى نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ خىياللىرى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئارقىلىق خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ: «كۈچنى يوشۇرۇپ، ۋاقىت ئۆتىماق كېرەك» دەيدىغان شوئارى بار. خىتاي دەل ئاشۇنداق قىلدى.

خىتاينىڭ ئىقتىسادى 1980-يىلىدا دۇنيا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولسا، بۈگۈن بۇ نىسبەت يىگىرمە پىرسەنتكە يېقىنلاشتى. سېتىۋېلىش ئىقتىدارى بويىچە تەڭشەلگەن باھا (purchasing power parity)نى ئاساس قىلغان بەزى مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، خىتاينىڭ ئىقتىسادى ئاللىقاچان بىرىنچىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ دىكتاتۇرا دەۋرىدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ھوقۇقنى قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ ھازىر خىتاينىڭ «مەركىزى سەھنىگە يېقىنلىشىپ قالغان»لىقى ۋە «كاپىتالىزمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سوتسىيالىزم بەرپا قىلىش» توغرىسىدا ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەۋاتىدۇ ۋە «ئامېرىكا ئارزۇسى»نىڭ ئورنىغا «خىتاي چۈشى»نى دەسسىتىۋاتىدۇ. خىتاي ئەمدى ئۆز كۈچىنى يوشۇرمايدۇ ياكى ئىلگىرىكىدەك پەيت كۈتۈپ ياتمايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «خىتاي دەۋرى» يېتىپ كەلدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھازىر ھۆججەتچان، تەشكىللىك، پۈتۈن ھۆكۈمەت (ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل جەمئىيەت) ئىشتىراك قىلغان ئىقتىسادىي ئۇرۇش قوزغاپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قوماندانلىق ئېگىزلىكىنى ئىگىلەپ، ئامېرىكادىن ئېشىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا.

بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ يادرولۇق قىسمى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «خىتاي ياسىمىچىلىقى 2025» پىلانىدۇر. بۇ خىتاينىڭ ماشىنا ئادەم، ئىلغار ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئاۋىئاتسىيە، ئېلېكتر ماشىنىسى ۋە باشقا نۇرغۇن تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى تېخنىكىلىق ساھەلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش پىلانىدۇر. نەچچە يۈز مىليارد دوللارلىق تولۇقلىمىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى بۇ پىلان ئامېرىكانىڭ تېخنىكا ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىغا ھەقىقىي تەھدىت ئېلىپ كەلدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىغا نورما بېكىتىش چەكلىمىسىگە خىلاپ ھالدا، «خىتاي ياسىمىچىلىقى 2025» پىلانىدا ماشىنا ئادەم، تېلېگراف قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ يادرولۇق زاپچاسلىرى ۋە ئاساسىي ماتېرىياللىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازار ئۈلۈشى بېكىتىلگەن (بۇ نىسبەت بەزىدە يەتمىش پىرسەنتكە يېتىدۇ). ئېنىقكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى باشقا ئىلغار سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئورنىنى تامامەن ئىگىلەشنى ئويلايدۇ. «خىتاي ياسىمىچىلىقى 2025» خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى، سودا ھېرىسلىقى خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي ئەندىزىسىنىڭ ئەڭ يېڭى نۇسخىسىدۇر. خىتاي بىلەن ئەركىن ۋە ئادىل رىقابەتلىشىش يەر شارى بازىرىدىكى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى بازار مۇھىتىنى ئۆز ئەۋزەللىكىگە پايدىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پۇلنى كونترول قىلىش، تاموژنا بېجى، نورما، دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مەبلەغ سېلىش ۋە سېتىۋېلىش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلاش ۋە مەجبۇرىي ئۆتكۈزۈۋېلىش، دۆلەت تولۇقلىما پۇلى، تۆكمە قىلىپ سېتىش، تور ھۇجۇمى ۋە سانائەت جاسۇسلۇقى قاتارلىق كەڭ كۆلەملىك تالان - تاراج خاراكتېرلىك ۋە كۆپىنچە ھاللاردا قانۇنسىز تاكتىكىلارنى ۋايىغا يەتكۈزدى. ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي جاسۇسلۇق ئەيىبلەشلىرىنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتى خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر، شۇنداقلا بارلىق سودا مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاش دېلولىرىنىڭ تەخمىنەن 60 پىرسەنتى خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى يەنە ياۋرو-ئاسىيا، ئافرىقا ۋە تىنچ ئوكياندىكى مۇھىم سودا يوللىرى ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى تىزگىنلەش كويىدا. مەسىلەن، دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىر قىسىم دېڭىز سودىسى ئۆتىدىغان جەنۇبىي دېڭىزدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈتكۈل دېڭىز يولىغا دېگۈدەك كەڭ ۋە تارىخىي جەھەتتىن گۇمانلىق تېررىتورىيە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. خەلقئارا سوتلارنىڭ قارارىنى كۆزگە ئىلماي، سۈنئىي ئاراللارنى بىنا قىلىپ، بۇ ئاراللاردا ھەربىي قاراۋۇلخانىلارنى قۇردى ۋە شۇ ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەرنىڭ پاراخوتلىرىغا ۋە بېلىقچىلىق كېمىلىرىنى پاراكەندە قىلدى. خىتاينىڭ كۈچ ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىشتىكى يەنە بىر چوڭ پىلانى «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئۇل مۇئەسسەسە پروجېكتىدۇر. گەرچە بۇ پروجېكت «چەتئەللەرگە ياردەم بېرىش» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ مەبلەغلەر خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى ۋە

دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. مەسىلەن، خىتاي 2017-يىلى سىرىلانكىنىڭ هامبانتوتا (Hambantota) پورتىدا قىلغىنىغا ئوخشاش، نامرات دۆلەتلەرنى قەرزگە بوغۇپ، قايتا سۆھبەتلىشىشنى رەت قىلىپ، ئاندىن ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كونترول قىلدى دەپ تەنقىدلەنمەكتە. بۇ زامانىۋى مۇستەملىكىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

هالبۇكى، شۇنىڭغا ياندىشىپلا كېلىدىغىنى، خىتاينىڭ «رەقەملىك يىپەك يولى» تەشەببۇسى ئارقىلىق دۇنيانىڭ رەقەملىك ئۇل ئەسلىھەلىرىنى تىزگىنلەش پىلانىدۇر. مەن ئىلگىرى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇستەبىت هاكىمىيەت (خىتاي)نىڭ 5G دەپ ئاتالغان كېيىنكى ئەۋلاد يەرشارى تېلېگراف تورىنى قۇرۇپ چىقىشىغا يول قويۇشنىڭ ئېغىر خەۋپى هەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن توختالغانىدىم. بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەر خىتاينىڭ سۈنئىي ئىدراك قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى ساهەلەردە ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز بولۇشى مۇمكىن. ماشىنىنىڭ ئۆگىنىشى (machine learning) ۋە چوڭ بېرىگ قاتارلىق يېڭىلىقلار ئارقىلىق، سۈنئىي ئىدراك ماشىنىلارنى چىراي تونۇش، سۆزلەنگەن سۆزلەرنى ئىزاهلاش، ماشىنا هەيدەش ۋە شاهماتقا ئوخشاش ماهارەت ئويۇنلىرىنى، هەتتا تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان قورشاۋ شاهمات ئويناش قاتارلىق ئىنسانلارغا خاس ئىقتىدارلارنى تەقلىد قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. 2017-يىلى بېيجىڭ «كېيىنكى ئەۋلاد سۈنئىي ئىدراك پىلانى» نى ئېلان قىلدى، بۇ 2030-يىلىغا بارغاندا سۈنئىي ئىدراك ساهەسىدە دۇنيادا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈش پىلانىدۇر. قايسى دۆلەت سۈنئىي ئىدراك ساهەسىدە دۇنياغا باشلامچى بولالىسا، ئۇزىنىڭ زور ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغىتىپلا قالماستىن، كومپيۇتېرنىڭ كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق ئىستىخبارات توپلاش دېگەندەك بىر قاتار هەربىي قوللىنىشچان پروگراممىلارنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

خىتاينىڭ تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانى ئۇنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان توپا ماتېرىياللىرىنى مونوپول قىلىش پىلانى بىلەن تولۇقلانغان. ئاز ئۇچرايدىغان توپا ماتېرىياللىرى كۈندىلىك ئېلېكترون مەهسۇلاتلىرى، ئېلېكتر ئۇسكۈنىلىرى، داۋالاش ئۇسكۈنىلىرى ۋە هەربىي قاتتىق دېتال قاتارلىق ساهەلەردە پەۋقۇلئاددە مۇهىم رول ئوينايدۇ. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، 1960-يىلدىن 1980-يىلغىچە، ئاز ئۇچرايدىغان توپا ئىشلەپچىقىرىش جەهەتتە ئامېرىكا دۇنيادا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان. «شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە مۇهىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەهەتتىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئانچە قاتتىق بولماسلىقى سەۋەبىدىن، بۇ جەهەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن دېگۈدەك خىتايغا يۆتكەلگەن». ئامېرىكا هازىر بۇ خىل هالقىلىق ماتېرىياللار جەهەتتە خىتايغا ئېغىر دەرىجىدە بېقىنىدۇ. يېقىنقى ئېيتقاندا، خىتاي بۇ جەهەتتە ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ، ئىمپورتىمىزنىڭ 80 پىرسەنتى خىتايدىن كېلىدۇ. خىتايغا بېقىنىش ئەهۋالىمىز هەقىقەتەن بەكلا خەۋپلىك. مەسىلەن، 2010-يىلى، بېيجىڭ شەرقىي دېڭىزدىكى (سېنكاكۇ ئارىلىغا ئوخشاش، ت) تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان ئاراللارغا چېتىشلىق ۋەقەدىن كېيىن، ياپونىيەگە ئاز ئۇچرايدىغان توپا ماتېرىياللىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى ئازايتتى. خىتاي (زۆرۈر تېپىلغاندا) بىزگىمۇ شۇنداق قىلالايدۇ.

خىتاينىڭ بۇ هالقىلىق ساهەلەردىكى تەرەققىياتلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، خىتاينىڭ تالان – تاراج خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي سىياستى مۇۋەپپەقىيەت قازانماقتا. يۈز يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ئىزچىل دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت بولۇپ كەلدى، بۇ بىزنى دۇنيانىڭ «دېموكراتىك قورال - ياراغ ئامبىرى»غا ئايلاندۇردى. خىتاي 2010-يىلى ياسىمچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئامېرىكادىن ئېشىپ كەتتى. خىتاي هازىر دۇنيانىڭ «مۇستەبىت قورال - ياراغ ئامبىرى» غا ئايلاندى. خىتاي بۇلارنى قانداق روياپقا چىقاردى؟ هېچكىم خىتاي خەلقىنىڭ پاراستى ۋە تىرىشچانلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، هېچكىم خىتاينىڭ بۇ شىددەتلىك قەد كۆتۈرۈشىگە ئامېرىكانىڭ يار - يۆلەك بولغانلىقىدىن گۇمانلانماسلىقى كېرەك. خىتاي ئامېرىكا ياردىمى ۋە سودىسىنىڭ ئەركىن ئېقىشىدىن غايەت زور نەپكە ئېرىشتى. 1980-يىلى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتايغا ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەتلىك سودا ئىمتىيازى بەردى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلا-

تىغا كىرىشىنى ۋە (ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدىكى) سودا مۇناسىۋىتىنىڭ مەڭگۈلۈك نورماللىشىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. ھازىر ئامېرىكا-خىتاي ئارىسىدىكى ئومۇمىي سودا سوممىسى تەخمىنەن **700** مىليارد دوللارغا يەتتى. بۇلتۇر، «خەۋەر ھەپتىلىكى» ژۇرنىلى «ئامېرىكادىكى ئەڭ چوڭ شىركەتلەر قانداق قىلىپ خىتاينى قايتىدىن قەد كۆتۈرگۈزدى؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ خىتاي بازىرىنى ئېچىۋېتىش ۋەدىسى ئارقىلىق ئامېرىكا شىركەتلىرىنى جەلب قىلغانلىقى، ئاندىن ئامېرىكانىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە تېخنىكىلىرىدىن پايدا ئېلىپ يۈرۈپ، نەتىجىدە ئامېرىكا بىلەن بارغانسېرى دۈشمەنلىشىپ كەتكەنلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. خىتاي تاموژنا بېجى ۋە نورما ئارقىلىق ئامېرىكا شىركەتلىرىگە بېسىم قىلىپ، ئۇلارنى تېخنىكىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، خىتاي شىركەتلىرى بىلەن بىرلەشمە شىركەت قۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. ئاندىن خىتاينىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىجازەت بەرمەسلىك دېگەندەك تاكتىكىلارنى ئىشلىتىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنى باستى. شۇنداقتىمۇ كۆپىنچە شىركەتلەر، ھەتتا «ئامېرىكادىكى ئەڭ كۈچلۈك **500** كارخانا» ئىچىدىكى سەركىلەرمۇ بېيجىڭنىڭ غەزىپىدىن ئەنسىرەپ رەسمىي سودا ئەرزى سۇنۇشقا پېتىنالمىدى. ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتاي بازىرىغا بېقىنغىنىدەك، ئامېرىكا ھازىر دۆلەت سۈپىتىدە، نۇرغۇن مۇھىم تاۋار ۋە مۇلازىمەتتە خىتايغا بېقىنىدۇ.

**COVID-19** ۋاباسى بۇ بېقىنىشچانلىقنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇردى. مەسىلەن، خىتاي دۇنيادا ماسكا ۋە داۋالاش كىيىمى دېگەندەك بەزى قوغدىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتتۇر. بۇ يىل **3** - ئايدا، تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي ماسكىلارنى ئۆزىگە يىغىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ماسكىغا ئېھتىياجلىق باشقا دۆلەتلەرگە ماسكا ئېكسپورت قىلىشىنى توستى. ئاندىن ئۇ ماسكا قىسلىقىنى ئۆز تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، چەكلىك مىقداردا، كاشىلىسى بار ئۈسكۈنىلەرنى چەتئەللەرگە ئەۋەتىپ، چەتئەل رەھبەرلىرىدىن بۇ ئەشيالار ئۈچۈن خىتايغا ئاشكارا رەھمەت ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى. خىتاينىڭ دۇنيا داۋالاش مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ماسكا ۋە مۇداپىئەلىنىش كىيىملىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. خىتاي ھازىر ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تەمىنلىگۈچىسىگە ئايلاندى، ئەمما خىتاي ئۆز دۆلىتىدىكى ئامېرىكا تىببىي شىركەتلىرىگە ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەل شىركەتلىرىگە بولغان نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، خىتاي دوختۇرخانىلىرىغا خىتايدا ئىشلەنگەن (يەرلىك) مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشقا بۇيرۇدى ۋە (بۇ ساھەدىكى) ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى تېخىمۇ ئاسان ئوغرىلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا خىتايدا زاۋۇت قۇرۇش ھەققىدە بېسىم ئىشلەتتى. بىر مۇتەخەسسىسنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئامېرىكانىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى ئۈنۈملۈك ھالدا «ئۆز رىقابەتچىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىۋاتىدۇ».

ئامېرىكا يەنە باشقا ھالقىلىق ساھەلەردە، بولۇپمۇ دورىگەرلىك ساھەسىدە خىتاينىڭ تەمىنلەش زەنجىرىگە بېقىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكا ھېلىھەم دورىگەرلىك ساھەسىدە دۇنيادا باشلامچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما خىتاي ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاكتىپ دورا تەركىبلىرى **(active pharmaceutical ingredients)** ئىشلەپچىقارغۇچىسىدۇر، بۇ قىسقارتىلىپ «**API**» دەپ ئاتىلىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ بىر ئەمەلدارىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «خىتاي ئاكتىپ دورا تەركىبلىرىنىڭ ئامېرىكاغا ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەمدۇ ياكى ئازايتامدۇ؟»، (شۇنداق بولغان تەقدىردە) «بۇ (ئامېرىكادا) دۆلەت ئىچى ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ قىسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن». خىتاي رەھبەرلىرى دورىگەرلىك ساھەسىدە ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ، ئامېرىكانىڭ باشقا ساھەلىرىنى ۋەيران قىلىشتا قوللانغان تاكتىكىسىنى قوللاندى. يەنى **2008**-يىلى، خىتاي دورا ئىشلەپچىقىرىشىنى «قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى كەسىپ» قىلىپ بېكىتتى ھەمدە تولۇقلىما ۋە ئېكسپورت بېجىدا ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق خىتاي شىركەتلىرىنى روناق تاپقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي ئامېرىكا شىركەتلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تالان – تاراج قىلدى. ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتاي سەھىيە بازىرىدىكى دورا تەستىقلاشنى كېچىكتۈرۈش، باھانىڭ ئادىل بولماسلىقى، ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش ۋە ساختا مەھسۇلات ياساش

قاتارلىق ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغان تۇسالغۇلارغا دۇچ كەلدى. ئامېرىكا ۋە خىتايدىكى ئامېرىكا دۆلەتلىك شىركەتلىرىدە ئىشلەيدىغان خىتايلار سودا مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلىدى.

خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزۈندىن بۇيان ئامېرىكانىڭ ئىلمىي مېدىتسىنا مەركەزلىرى ۋە ساقلىق ساقلاش شىركەتلىرىگە قارىتا تور جاسۇسلۇقى ۋە خاككېرلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك خاككېرلار تاجىسىمان ۋىرۇسنى داۋالاش ۋە ۋاكسىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەقلىي مۈلۈكلەر (ئىلمىي بايقاشلار)نى ئوغرىلاش مەقسىتىدە ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە شىركەتلىرىنى نىشانلاپ، بەزىدە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ خىزمىتىگە دەخلى يەتكۈزدى. خىتاينىڭ تاجىسىمان ۋىرۇسنىڭ يامراش ئەھۋالىنى يوشۇرغانلىقى ئاشكارىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىر مەيدان ئاممىۋى مۇناسىۋەت سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاشقا جىددىي ئېھتىياجلىق، شۇنداقلا ئۇلار يەنە (تاجىسىمان ۋىرۇسقا ئالاقىدار) داۋالاشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئىناۋەت تىكلەشنىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇ نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ئامېرىكا بىلەن سودا قىلىش ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىشتۇر. ئەگەر سىز ئامېرىكانىڭ سودا رەھبىرى بولسىڭىز، خىتاينى رازى قىلىش سىزگە قىسقا مۇددەتلىك پايدا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما، خىتاينىڭ ئاخىرقى مەقسىتى سىزنىڭ ئورنىڭىزنى ئېلىشتۇر. ئامېرىكا سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ دوكلاتىدا دېيىلگىنىدەك: «چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ ئىلگىرىكى <زور مىقداردىكى پۇل مۇئامىلە مەبلىغى، مەخسۇس تېخنىكىلارنى ھەمبەھىرلىشىش ۋە مۇھىم تېخنىكىلارنى ئۆتۈنۈپ بېرىش خىتاي بازىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ> دېگەن كۆز قارىشىنىڭ ئورنىنى مۇدىرىيەت يىغىنلىرىدىكى <خىتايدا (ھەر ئىككى تەرەپ) تەڭ پايدا ئېلىش دېگەنلىك خىتاي ئىككى قېتىم پايدا ئالىدۇ دېگەنلىكتۇر> دېگەن چاقچاق ئالدى». گەرچە ئامېرىكالىقلار سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنىڭ خىتاينىڭ سىياسىي سىستېمىسىنى ئەركىنلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خىتايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى ھېچقاچان ئۆزگىرىپ باقمىدى. خوڭكوڭدىكى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشتا يەنە بىر قېتىم نامايان بولغىنىدەك، خىتاي بۇگۈن دېموكراتىيەگە 1989-يىلى تانكىلار تيەنئەنمېن مەيدانىدا دېموكراتىيەنى قوللايدىغان نامايىشچىلار بىلەن يۈزلەشكەن چاغدىكىدىن يېقىنلاشقىنى يوق. ئۇ يەنىلا مۇستەبىت، بىر پارتىيەلىك دۆلەت بولۇپ، بۇ دۆلەتتە خىتاي كومپارتىيىسى مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە، ئۇ خەلق سايلىمى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ياكى مۇستەقىل ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى ئۆز خەلقىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرى قويىدۇ. ھۆكۈمەت تەكشۈرگۈچىلەر قوشۇننى ئىشقا سالىدۇ، ئۆكتىچىلەرنى قىينايدۇ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتالمىش «تەربىيەلەش ۋە ئەمگەك لاگېرلىرى»غا قامالغان مىليونلىغان ئۇيغۇرمۇ بار. ئەگەر خىتايدا يۈز بەرگەن ئىشلار خىتاينىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلەنسە ئىدى، شۇمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىش بولغان بولاتتى. ئەمما ھازىر ئامېرىكا خىتاينى ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا، خىتاي ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكانى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «خىتاي ئىستراتېگىيىسى»دە ئېتىراپ قىلىنغىنىدەك، «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلاش ھەرىكىتى خىتاي چېگراسىدا توختاپ قالمايدۇ». ئەكسىچە، خىتاي كومپارتىيەسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، جۈملىدىن ئامېرىكا تۇپرىقىغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئويلايدۇ.

ئامېرىكا شىركەتلىرى ھەمىشە بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆزلەپ، ھەتتا ئامېرىكادىكى ئەركىنلىك ۋە ئېچىۋېتىلگەن مۇھىتنى قۇربانلىق قىلىش بەدىلىگە خىتاينىڭ تەسىرىگە باش ئەگدى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ بېيجىڭغا باش ئەگكەنلىكىنىڭ مىساللىرى نۇرغۇن. ھوللىۋودنى مىسالغا ئالايلى. ھوللىۋودنىڭ ئارتىسلىرى، فىلىم ئىشلىگۈچىلىرى ۋە رېژىسسورلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي روھنى كۈيلىگەنلىكىدىن پەخىرلىنىشىدۇ. ھەر يىللىق ئوسكار مۇكاپاتى تارقىتىش مۇراسىمىدا ئامېرىكالىقلارغا ئۆز دۆلىتىنىڭ ھوللىۋودنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت غايىسىگە

يېتىشەلمەيۋاتقانلىقى توغرىسىدا دەرس سۆزلىنىدۇ. ئەمما، ھوللىۋود ھازىر دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇقنى ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىۋاتقان خىتاي كومپارتىيىسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىنولىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇ تەكشۈرۈش كىنولارنىڭ خىتايدا قويۇلىدىغان نۇسخىسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا كىنوخانىلىرىدا ئامېرىكا تاماشىبىنلىرىغا قويۇلىدىغان نۇرغۇن كىنولارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى ئوبرىئېن ئۆز سۆزىدە بۇ ھەقتە خېلى كۆپ مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما يەنە نۇرغۇن سىنارىيەلەر بەلكىم ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى يازغۇچىلار ۋە فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ھەرگىز خىتاينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. (بۇ ھەقتە) خىتاي ھۆكۈمەت تەكشۈرگۈچىلىرىنىڭ ئېغىز ئۇپرىتىپ يۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، چۈنكى ھوللىۋود ئۇلار ئۈچۈن (ئۇلار رازى بولىدىغان تەرزدە) خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات سىياسىي ئۆزگىرىشىدۇر.

كىنوچىلىق ساھەسىنىڭ خىتايغا بوي سۇنغانلىقى ھەممىگە تونۇشلۇق ئەھۋال. ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا، خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ زور بېلەت كىرىمى مەنبەسى بولۇپ قالدى. خىتاي كومپارتىيەسى ئۇزۇندىن بۇيان دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىق مەجبۇرىيىتىگە خىلاپ ھالدا، خىتايدا قويۇلىدىغان ئامېرىكا كىنولىرىنىڭ سانىغا چەك قويۇش ئارقىلىق، ھەم قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئارقىلىق، پايدا ئالغىلى بولىدىغان بۇ بازار (خىتاي بازىرى) غا كىرىشنى قاتتىق كونترول قىلىپ كەلدى. ھوللىۋودمۇ بارغانسېرى خىتاينىڭ مەبلىغىگە تايىنىدىغان بولدى. **2018**-يىلى، خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلىرى بىلەن ئىشلەنگەن فىلىملەر ئامېرىكانىڭ بېلەت كىرىمىنىڭ **20** پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بەش يىل ئىلگىرىكى بۇ نىسبەت ئاران ئۈچ پىرسەنت ئىدى. ئەمما ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا، باشقا ساھەلەردىكىگە ئوخشاشلا، خىتاي ھوللىۋود بىلەن ھەمكارلىشىشتىن بەكرەك، ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا ۋە ئاخىرىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ كىنوچىلىقىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە قىزىقىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى كىلاسسىك مېتودىنى قوللىنىپ، ئامېرىكا كىنولىرىغا نورما قويۇش ئارقىلىق، ھوللىۋود ستۇدىيىلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى خىتاي شىركەتلىرى بىلەن بىرلەشمە شىركەت قۇرۇشقا مەجبۇرلىدى، ئاندىن ئامېرىكانىڭ تېخنىكىسى ۋە بىلىمىگە ئېرىشتى. يېقىندا بىر خىتاي كىنو شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئېيتقاندەك، ئۇلار ھەممە نەرسىنى ھوللىۋودتىن ئۆگەندى.

ئامېرىكانىڭ چوڭ پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىمۇ خىتاينىڭ تەسىر كۈچىگە تىز پۈكتى. **2000**-يىلى، ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرغاندا، پرېزىدېنت كىلىنتون يېڭى ئەسىرنى «ئەركىنلىك يانفون ۋە نۇر كابېللىق مودېم ئارقىلىق تارقىلىدىغان ئەسىر» دەپ تەرىپلىگەنىدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا، سىسكو **(Cisco)** غا ئوخشاش ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئىنتېرنېتنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشتىكى ئەڭ مۇرەككەپ سىستېما بولغان «تور سەددىچىنى»نى بەرپا قىلىشىغا ياردەم بەردى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، گۇگۇل، مىكروسوفت، ياخۇ ۋە ئالما قاتارلىق شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلدى. مەسىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتى خوڭكوڭدىكى دېموكراتىك نامايىشنىڭ تارقىتىلغانلىقىدىن ئاغرىنغاندىن كېيىن، ئالما يېقىندا خەۋەر ئەپ دېتالى **Quartz** نى خىتايدىكى ئەپ ئامبىرىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى. ئالما يەنە ئابونتلارنى «تور سەددىچىنى»دىن ئاتلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان مەۋھۇم شەخسىي تور **(VPN)** بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەپلەرنىمۇ ئۆچۈرۈۋەتتى ھەمدە ئالما شىركىتىنىڭ خىتايدىكى مۇزىكا ئامبىرىدىكى دېموكراتىيەنى قوللايدىغان ناخشىلارنىمۇ شاللىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ شىركەت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ **iCloud** دا ساقلانغان ئېلخەت، قىسقا ئۇچۇر ۋە باشقا ئىشلەتكۈچى ئۇچۇرلىرىغا تېخىمۇ ئاسان ئېرىشەلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىلەرگە پەرۋا قىلماي، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم **iCloud** سانلىق مەلۇماتلىرىنى خىتايدىكى مۇلازىمېتىرلارغا يۆتكەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سىلەرچە، ئالما شىركىتى خىتايدا تېلېفون ساتقاندا، خىتاي دائىرىلىرى خىتايدىكى ئالما تېلېفونلىرىغا سوقۇنۇپ كىرەلمەي-

دۇ دەپ قارامسىلەر؟ ئەگەر خىتاي دائىرىلىرى بۇ تېلېفونلارغا سوقۇنۇپ كىرەلمەيدىغان (يەنى ئۇنىڭدىكى ئۇچۇر ۋە باشقا ماتېرىياللارغا ئېرىشەلمەيدىغان) بولسا ئىدى، ئايفونلارنى خىتايدا ساتقىلى قويمىغان بولاتتى. ئەمما بىز ئالما شىركىتىدىن سوت مەھكىمىسى ئىجازەت بەرگەن ئەھۋالدا، ئايفونلارغا كىرىشىمىزگە ئىجازەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىمىز (لېكىن، خىتاينىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان ئالما شىركىتى بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولمايۋاتىدۇ). بۇ ئامېرىكا پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان قوش ئۆلچەمدۇر.

خىتاي كومپارتىيەسى ئۇزۇندىن بۇيان ئاشكارا ئۆچ ئېلىش تەھدىتى ۋە بازارغا كىرىش چەكلىمىسى ئارقىلىق تەسىر كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. يېقىندىن بۇيان، خىتاي كومپارتىيەسى يەنە پەردە ئارقىسىدىكى تىرىشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ ئۇرۇنۇشلار تېخىمۇ رەزىل، چۈنكى ئۇلار ئاساسەن يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىناۋىتىنى يوقىتىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا ئەدلىيە تارماقلىرى بارغانسېرى كۆپلىگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرىنىڭ ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى خىتاي كومپارتىيىسىگە ياقىدىغان سىياسەت ۋە ھەرىكەتلەرنى قوللاشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى خىلمۇخىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەيدانى ئاساسەن ئوخشاش: سودىگەرلەرنىڭ خىتايدا ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ تەلىپىگە قايتۇرغان ئىنكاسىغا ئاساسەن، ئەھۋال ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى (ياكى ناچار) بولىدۇ.

مەن ئامېرىكا سودا رەھبەرلىرى ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىردىنبىر نىشانى دېمەكچى ئەمەس، ئەمما ئۇلار بۈگۈنكى خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانىدۇر. خىتاي كومپارتىيىسى يەنە ئامېرىكىنىڭ ئىلىم-پەن ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرىشنى، نازارەت قىلىشنى ياكى ئۇلارنى (ھەمكارلىشىش نامىدا) ئۆز يېنىغا تارتىشنى ئويلايدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكادىكى نەچچە ئونلىغان ئۇنىۋېرسىتېتتا خىتاي ھۆكۈمىتى مەبلەغ سالغان «كۇڭزى ئىنستىتۇتى» تەسىس قىلىندى. مەزكۇر «كۇڭزى ئىنستىتۇتى»لىرى (ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان) ساھىبخان ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، خىتايغا ياقمايدىغان تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنى بىكار قىلىشقا مەجبۇرلىغان، دەپ ئەيىبلەنمەكتە. ئامېرىكادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار چوقۇم (خىتايغا قارشى) بىر - بىرىنى قوللاپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ (ئامېرىكادىكى) تەتقىقات خىزمەتلىرىنى تىزگىنلىۋېلىشنى ياكى كۆپ خىل سادالارنى باستۇرۇشنى رەت قىلىشى؛ پىكىر بايان قىلىشنى خالايدىغان خىزمەتداشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قوللىشى؛ ھەمدە ئازدۇر – كۆپتۇر نەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلمىي سەمىمىيەت ياكى ئەركىنلىكنى قۇربانلىق قىلىش بەدىلىگە خىتاي كومپارتىيەسىنى رازى قىلىشقا ئەرزىيدىغان – ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ياخشى ئويلاپ كۆرۈشى كېرەك. يەر شارىلاشقان دۇنيادا، ئامېرىكا شىركەتلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۆزىنى ئامېرىكانىڭ ئورگانلىرى ئەمەس، بەلكى «يەر شارى پۇقراسى» دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى، ئۇلارنى ئەڭ دەسلەپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىنى ئامېرىكانىڭ ئەركىن كارخانا سىستېمىسى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مۇھىتى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكا ۋە ھەربىي كۈچى تەمىنلىگەن بىخەتەرلىكتۇر. يەر شارىلىشىش ھەرۋاقىت تېخىمۇ بەكرەك ئەركىن بولۇشتىن دېرەك بېرىۋەرمەيدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسى نەچچە ئون يىل ۋە ئەسىرلەرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا تەپەككۇر قىلىدۇ، ھالبۇكى بىز كېلەر پەسىللىك كىرىم دوكلاتىغا ئەھمىيەت بېرىمىز. ئەگەر ئامېرىكا شىركەتلىرى بېيجىڭغا داۋاملىق باش ئەگسە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى رىقابەت كۈچىنى ۋە گۈللىنىشىنى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا يول قويغان كلاسسىك ئەركىن تەرتىپنى ۋەيران قىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، لېۋىس پوۋېل (Lewis Powell) ئامېرىكا سودا ئۇيۇشمىسىغا مۇھىم ئەسلەتمە ئەۋەتىپ، ئەركىن كارخانا سىستېمىسىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن مەزكۇر سىستېمىنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغانى-


دى. بۈگۈنمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئامېرىكا خەلقى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىمىز ۋە تىرىكچىلىكىمىزگىمۇ ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتىنى ئىلگىرىكىگە ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك ھېس قىلىپ يەتتى.

خىتاي شىركەتلەردىن ئۆزىنى تېخىمۇ بەك رازى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر يەككە شىركەتلەر بۇنىڭغا قارشى چىقىشتىن قورقسا، «ئىش بىرلىكتە، كۈچ ئۆملۈكتە» دېگەن گەپ بار. گەرچە ئامېرىكانىڭ پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى كۆپ يىللاردىن بېرى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بويۇن ئېگىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا كوللېكتىپ ھەرىكەتتىن جاسارەت تېپىشى مۇمكىن. يېقىندا خوڭكوڭدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، فېيسبۇك، گۇگۇل، تۋىتتېر، زۇم ۋە LinkedIn قاتارلىق نۇرغۇن چوڭ پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىش تەلىپىنى ۋاقىتىنچە ئورۇندىيالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. (بۇنىڭغا قارىتا) خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىلگىرىكىدەكلا «لاياقەتسىز» شىركەت خىزمەتچىلىرىنى قاماققا ئالىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى. بىز بۇ شىركەتلەرنىڭ (خىتاينىڭ تەھدىتى ئالدىدا) مۇستەھكەم تۇرالايدىغان – تۇرالمايدىغانلىقىغا، قانچىلىك ئۇزۇن تۇرالايدىغانلىقىغا قارايمىز. مەن ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئۇلار بىرلەشسە، باشقا ئامېرىكا شىركەتلىرىگە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ چېرىك ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتا مۇنەۋۋەر ئۈلگە بولۇپ قالىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىدا، ئاپپاراتلىرىمىزنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىش مەقسىتىدە تەشكىللىك ھەرىكەت باشلىدى.

بالىلىرىمىز ۋە نەۋرىلىرىمىزنىڭ ئەركىن ۋە گۈللەنگەن دۇنيادا ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەركىن دۇنيانىڭ ئۆزىگە خاس ئومۇمىي جەمئىيەت خاراكتېرلىك مېتودى بولۇشى كېرەك. بۇ خىل مېتودتا، ئاممىۋى ۋە خۇسۇسىي تارماقلار ئايرىلغان بولىدۇ - يۇ، ئەمما ھەمكارلىشىپ خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدۇ ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قوماندانلىق ئېگىزلىكىنى قولغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ. ئامېرىكا ئىلگىرى شۇنداق قىلالىغان. ئىشىنىمەنكى، بىز - ئامېرىكا خەلقى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرى بىرلەشسەك، بۇنى يەنە روياپقا چىقىرالايمىز. بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىز شۇنىڭغا (خىتاي ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقىقا) باغلىق.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

**https://www.youtube.com/watch?v=IsUZPLzjXSE**



# كورىيە ۋە ئۇيغۇرلار

"كورىيە" دېگەن دۆلەتنى تىلغا ئالغىنىڭىزدا، بەلكىم سىزنىڭ يادىڭىزدىن كېچىدىغىنى كورىيەنىڭ شۇ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە كىنولىرىغۇ دەيمەن. مەسىلەن "يەنە بىر كۆرسەم" بۇ كىنودىكى كۈڭجۇ، يۇنجۇ، كېپۇڭ .... لارنى بەلكىم تىلغا ئېلىپ ئۆتىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق، كورىيە دېگەن بۇ كىچىك دۆلەت ئۆزىنىڭ رومانتىك كىنو فىلىملىرى بىلەن يىراق - يېقىن ئەللەرگە، شەرقى جەنۇبى ئاسىيا جۇملىدىن ختاي، ھىندىنوزىيە، مالايسىيا، فىلىپىن، تايلاند... قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەردە ئىزچىل قىزىق ئېقىم پەيدا قىلىپ تونۇلغان ۋە ساياھەتچىلىك، سودا سېتىق ، مودا ئېقىم ساھەلىرىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن دۆلەتلەردىن بىرىدۇر. ئۇندىن باشقا "تەكۋوندو" گومپىسى خەلىقئارادا نۇرغۇن دۆلەت، مىللەت كىشلىرى ياقتۇردىغان تەنھەرىكەت تۈرىدۇر. ئۇندىن باشقا داڭلىق ماشنا ماركىسى بولغان "كىيا" ۋە ئېلېكترونلۇق ئائىلە ئۇسكۇنىلىرى ، يان تېلېفۇن، قول كومپيۇتېرى شىركەتلىرى بولغان سامسوڭ ، ئېلجى قاتارلىق ماركىلىرى ھەم دۇنيا بازىرىدا خېلى ئالدىنقى ئورۇنلاردا ئورۇن ئالغان ھەممىمىزگە تونۇشلۇق ماركىلاردۇر. بۇ دۆلەت ھەيران

قالارلىق ھۆسۈن تۈزەش، ئۆزگەرتىش تېخنىكىسى بىلەن دۇنيادا تايلاندتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندىكى دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ماس ھالدا ھەرخىل گىرىم بۇيۇملىرى ساھەلىرى بىلەن ھەم ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەتتۇر.

كورىيە شەرقى ئاسىيادىكى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلغان يېرىم دېموكراتىك ئەلدۇر. جۇغراپىيەلىك شارائىتىدىن قارىسىڭىز شىمالى كورىيە بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرغاندىن باشقا ئەتراپى دېڭىزدۇر، ھېچقانداق تەبئىي يەر بايلىقى يوق ، يېرىنىڭ كۆپ قىسمى تاغلىق ، ھاۋا كېلىماتى تۆت پەسلى ئېنىق ئەمما نەم بولغان كىچىك دۆلەتتۇر. كورىيەمۇ 1876-يىلدىكى چوسون دەۋرىدىن كىيىن ، ياپون، چىڭ مانجۇرلىرى ،ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەر تەرىپىدىن ئارقا ئارقىدىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان .1910-يىلدىن باشلاپ ياپونىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ ، تالان تاراج ، ئېزىش ، يوقىتىش ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە ھەرخىل بىئولوگىيەلىك سىناقلارنىڭ ئوبىكتى بولۇش قىسمىتىگە دۇچار بولغان. 1919-يىل 1-مارت كۈنى خەلق ئاممىسىدىن ئەڭ دەسلەپكى مۇستەقىللىق شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار تەشكىللەنگەن. 1931-يىلى خىتايدا ئوتتۇرىغا چىققان مانجۇرىيەگە قارشى ھەرىكەت بىلەن تەڭ خىتاي بىلەن كورىيانلار ھەمكارلىق ئورنىتىپ ئۆز نۆۋىتىدە ياپونغا قارشى ھەركەتلەرنىمۇ قوزغىغان. 1940-يىلغا كەلگەندە مۇستەقىللىق كۈرىشى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ 1941-يىلى سىياسى، ئىقتىسادى، ۋە مائارىپ جەھەتتىن ئاساسنى تىكلىگەن دۆلەت قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئاخىرىدا 1948-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى كورىيە يېرىم ئارىلنىڭ مۇستەقىللىقى جاكارلىنىپ، مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئەمما مۇشۇنداق ھېچقانداق تەبئىي بايلىقى بولمىغان شارائىتتا، نۇرغۇن تالان تاراجغا ، ئېزىلىشكە ئۇچراپ نامراتلىشىپ ،پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكەن بۇ ئەل دەسلەپكى شۇ مەزگىللەردە ياشلارنى باشقا دۆلەتلەرگە ئىشلەمچىلىككە، تېخنىكا ئىگەللەشكە تۈركۈملەپ چىقارغان. كۆپلىگەن كىچىك باللارنى چەت ئەللىكلەرگە بېقىۋېلىشقا ئەۋەتكەن ۋە چەتتىكى ياشلارنىڭ ئىشلەپ ئەۋەتكەن خىراجەتلىرى بىلەن ئائىلىنى ۋە دۆلەتنى قامدىغان. چەتكە تېخنىكا ، مائارىپ ئىگەللەشكە چىققان ياشلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن بۇ دۆلەتنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشقا ھەسسىلەپ كۈچ چىقارغانلىقلىرى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكتۇر. كورىيانلار ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپلا پەرزەنت تەربىيىسى، مائارىپىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، كورىيە ئاياللىرىنىڭ كۈچلۈك خاراكتىرى، ئۆزلىرىنى باللىرىنىڭ يۇقىرى مائارىپتا تەربىيلىنىشى ئۈچۈن قۇربان قىلىش ۋە بەدەل تۆلەش روھىنى ھازىرغا قەدەر كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ۋە بۇ دۆلەت يېقىنقى قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە، ئەنە شۇ مائارىپ، پەن تېخنىكا بىلەن شۇنچە تېز تەرەققى قىلىپ، دۇنيا ئەللىرى ئىچىدە تونۇلۇپ كەلمەكتە.

### قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنيىتىنىڭ شەرقتىكى دولقۇنى

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدى كەينىدىكى دەۋرلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك،يېپەكلىرى، زىبۇ زىننەتلىرى، باش كىيىم، ۋە ياسىنىش ئادەتلىرى خىتاي ۋە شەرقتە بىر مەزگىل دولقۇن قوزغاپ ئۇلارنىڭ ھەم يۇرۇش تۇرۇش، كىيىم كېچەك ۋە ھەر خىل مەدەنيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلۇپمۇ بىزنىڭ تارىخى ئىزلىرىمىز بولغان قەدىمكى تام رەسىملىرىنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا ، ئۇلارنىڭ ياسىنىشلىرىدىن بەزىلەر بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار بەئەينى خىتاي بىلەن پەرقى يوقكەنغۇ؟ دىگەن تۇيغۇغا كېلىدىغانلار بولغان، ئەمما بىز " سەمەرقەنتنىڭ ئالتۇن شاپتۇلى "دېگەن كىتاپنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا تاڭ سۇلالىسى خەلقىنىڭ بىزدىن نېمىلەرنى قۇبۇل قىلغانلىقلىرنى ھەم بىزنىڭ شۇ دەۋرلەردە تەرەققى قىلىپ دولقۇن قوزغىغان مەدەنيەتلىرىمىزنى بايقىيالايمىز. بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن كورىيەدە تونۇلغان تەتقاتچى جوڭ سۇئىل نىڭ مەخسۇس يېپەك يولىدىكى مەدەنيەت ئالماشتۇرۇشقا ئائىت تەتقىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولغان كىتاپلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم كېچەك ئادەتلىرى بىلەن كورىيانلارنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلىرى ۋە ئوخشاش مەنبەسى بار. مانجۇ پادىشاھلىرىنىڭ، خىتاينىڭ ، مۇڭغۇلنىڭ ھازىرقى

ئەنەنىۋى كىيىم پوسونىغا ئوخشاش يەكتەكلەرنى مۆڭغۆللارنى ئاساس قىلغان سىبىرىيەدىكى ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ كىيىم كېچەك ئالاھىدىلىكى دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتايدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما تەتقىقاتچىلار مۆڭغۆللارنىڭ 12~13 ئەسىرلەردىلا كېڭەيمىچىلىك ئارقىلىق باش كۆتۈرگەنلىكىنى، ئۇنىدىن بۇرۇن مۆڭغۆللارنىڭ كورىيە ئارىلىغا بولغان مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ بولمىغانلىقىنى ، بۇ خىل كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئورتاق ئامىللارنى غەربى يۇرت يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيەتلىرى ۋە كىيىم كېچەكلەرنىڭ ماتېرىيالى ، پاسونى ،شەكلى ، تىكىلىشى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن ئىزدەش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

باشتا ئوتتۇرىغا قويغانغا ئوخشاش، بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ، دەۋرى، تارىخى ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى يەنى تۈركى قەۋملىرىنىڭ كىيىم -كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ خىتاينىڭ جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنى 307-يىللىرىدا بۇ خىل كىيىمنىڭ تۈركىستاندىن خىتايلارغا قۇبۇل قىلىنغانلىقى مەلۇم.

## گۈزەل سەنئەت جەھەتتە

بۇلۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان ھەيكەل ۋە ئادەم رەسىملىرىنىڭ كورىيەگە تەسىرى زور بولغان، بۇنىڭ بىر مىسالى كورىيە كيۇڭجۇ شەھرىدە بايقالغان 785~798-يىللارغا ئائىت قوراللانغان تاش ئادەم ھەيكىلىدۇر. بۇ ھەيكەلنىڭ بەستلىك گەۋدىسى ، بۇدرە ساقاللىرى، قۇيۇق قاش كۆزلىرى، ۋە بېشىغا ئۇيغۇرچە باش كىيىم كىيگەن ھالىتى، قاڭشارلىق بۇرنى قاتارلىقلار بۇ تاش ھەيكەلنىڭ ئىگىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئادەملىرىنىڭ تىپىك قىياپىتى بولۇپ، بۇ خىل ھەيكەللەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەس بەلكى كورىيە ئارىلىدا شۇقەدەر روشەن گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئويۇلىشى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بىر قانچە قورچاق ھەيكەللەرنىڭ تېپىلىشى ۋە بۇلاردىن بىر قانچىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئادەملىرىنىڭ تەسۋىرى ئۇيغۇرلار بىلەن كورىيە ئارلىنىڭ خىتاي ئارقىلىقلا بولمىغان بىر قەدەر قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى يەنە بىر بەلگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە دىنى پۇرىقى قويۇق بولغان گۈزەل سەنئەت ئامىللىرى، بولۇپمۇ بۇتخانىلاردىكى ئادەم تەسۋىرى شەكىللىرىنىڭ قويۇق شەرقىي تۈركىستانچە ئادەم تەسۋىرلىرى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1956-يىلى كورىيەنىڭ كيۇڭجۇ شەھرىدىن قېزىۋېلىنغان 7~8-ئەسىرلەرگە ئائىت بولغان تاش كىرىست ۋە تاش ھەيكەللەردىن شەرق خرىستىيان ئېقىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق شىنلاغا(كورىيە) كىرگەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئويما شەكىللەر ھەم بۇنىڭ مىسالىدۇر.

يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلاردىن خىتايغا ۋە خىتاي ئارقىلىق كورىيەگە ئېقىپ كىرگەن چالغۇ ئەسۋاپلاردىن كۇسەن مۇڭلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان باربىت ۋە نەي كورىيە ۋە ياپونغا قەدەر تارقىلىپ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى قاتارىدا ئورۇن ئالغانلىقى مەلۇم.

كورىيەگە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىش تارىخىدىن قارىغاندا مىچۇ پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىللىرى (263-يىللىرى) شەرقىي تۈركىستاندىن راھىب ئادۇخۇۋاساڭ دېگەن كىشى خىتايدىن ئۆتۈپ كورىيەدە بۇددا دىنىنى تارقاتقانلىقى مەلۇم. بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىن تاكى ياپونغا قەدەر تارقالغانلىقى مەلۇمدۇر.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى بۇددا نوملىرى ۋە مەدەنىيىتى ئىچىدە ، ھەممىزگە مەلۇم بولغان داڭلىق ئۇيغۇر شەخسلىرىمىز قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان، 736-يىلى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن تىلشۇناس ،ئالىم ، پىر خۇيلان ئۇنىڭ "بارلىق نوم سۆزلىكلىرىنىڭ شەرھىسى "نامىق كىتابى كورىيە بۇددىستلىرىنىڭ ھازىرغا قەدەر مۇھىم دەپ بىلىدىغان كىتاپلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. 『일체경』

نېستورىيان ، زوروئاستىر دىنلىرىنىڭ تارقىلىشىدا ئارام (سۇرىيە)دىن پېرسىيە ۋە تۈركىستان ئارقىلىق چاڭئەندىن تارتىپ بىر قانچە مەركىزى شەھەرەردە ئولتۇراقلاشقان خرىستىيانلار تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، كورىيان <شىنلا>دەۋرىدە خرىستىيان دىنى كەڭ تونۇلغان. بۇ ھەتتا شىنلا مەدەنىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدا ئاساسەن غەربتە شەرقى رىم ئىمپىرىيىسىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ نۇرغۇن

مەدەنىيەت بۇيۇملىرى كەڭ كۆلەمدە شىنلاغا كىرىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. بۇلۇپمۇ خىرىستىيان ئېقىمىنىڭ شەرققە بۇلۇپمۇ خىتاي ۋە كورىيە، ياپونغا قەدەر تارقالغاندا نۇرغۇن دىنى ئاتالغۇلارنىڭ بۇددىزىمچە ئاتالغۇلار بىلەن ئارلاشقان ھالەتتە تارقىلىپ قوللىنىلغانلىقى ۋە ئىچىدە بىر قىسىم بىزنىڭ كونا تۈركچە سۆزلۈكلەرنىڭ مەۋجۇتلىقنى كۆرۈۋالايمىز.

## يېزىق مەدەنيتى

كورىيە ھازىرغا قەدەرقوللىنىۋاتقان يېزىقى «خانگۇل» ئىجاد قىلىشتىن بۇرۇن خېلى ئۇزۇن مۇددەت خىتاي مۇرەككەت يېزىقنى قوللانغان ئىدى. ھازىر قوللىنىۋاتقان «خانگۇل» بولسا **1446**-يىلى سەجوڭ پادىشاھ تەرپىدىن ھەرقايىسى دۆلەتتىكى بىلىم ئەھلىلىرىنى چاقىرتىپ ئىجاد قىلدۇرغان يېزىقتۇر. بۇ يېزىق ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرى **13~14**-ئەسىرلەردە بىزنىڭ يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مۇڭغۇللارغا ۋە كيىن مانجۇلارغا سىڭىپ كىرگەندەك ، بىر مەزگىل كورىيە ئارىلدا ھەم ھۆكۈمەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، شۇنداقلا سەجۇڭ پادىشاھنىڭ كورىيان يېزىقى ئىجاد قىلىشغا تۈرتكە بولغان. چۈنكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئالىملىرىمىزنىڭ ئاشۇ يېزىقنى ئىجاد قىلىشقا قاتناشقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

## يېقنقى زامانلاردىكى ئالاقە

كورىيەلىكلەر ۋەتىنىمىزگە **1995**- **2000**-يىللاردىن باشلاپ ساياھەت، بىلىم ئاشۇرۇش، سودا مۇناسۋەت ۋە بىر قىسىم خىرىستىيان مۇرتلىرىنىڭ زىيارەت مەقستى قاتارلىق ئىشلار بىلەن دەسلەپ كىرىشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇز نۆۋىتىدە كورىيەگە كېلىپ ئوقۇش ، ساياھەت قىلىشقا كېلىشكە باشلىغان، ھەم يېقىنقى يىللاردىن مابەينىدە كورىيەگە ئوقۇشقا كېلىدىغان ياشلار باشقا ساھەگە قارىغاندا كۆپ سالماقنى ئىگەللىسمۇ، كورىيەدىكى ئۇيغۇرلار يەنىلا باشقا دۆلەتكە قارىغاندا يەنىلا ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگەلەيدۇ. بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان . بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش رېتىمى ناھايىتى تېز، رىقابەت ناھايىتى كەسكىن. كورىيە ئاساسەن مىللەتچىلىك خاراكتىرى ناھايىتى كۈچلۈك بىر دۆلەت بولۇشى بىلەن چە ئەللىكلەرگە بۇلۇپمۇ ياۋرۇپا ئەللىرىدىن باشقا دۆلەتتىكىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى ناھايىتى سوغۇق ھېسابلىنىدۇ، ھەم بۇ خىل بىر مىللەتچىلىك خاھىشى بۇلارنىڭ ھەرخىل مىللەت، ۋە ھەرخىل تىلدىكى، ئىرقتىكى كىشلەر بىلەن يېقىنلىشىپ، چۈشىنىشىپ ، ئۆزئارا قوبۇل قىلىشىپ ئۆتۈشىدە چوڭ توسالغۇ بولۇپ ، ئاسانلىقچە سىزنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھەم كورىيە تىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى <ھۆرمەت سۆز>نىڭ كۈچلۈكلىكى بولۇپ، لېكىن بۇ ھۆرمەت كەلىمىسى ھەرگىز چۈشىنىش، يېقىنلىق، كىشلىك مۇناسىۋەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە سىزنىڭ خىزمەت ئورنىڭىز، دەرىجىڭىز، ھوقۇقىڭىزغا قاراپ ، گېپىڭىزنىڭ ئۆتۈش ئۆتمەسلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ھەم كورىيەلىكلەرنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقنى بىلەلەيسىز. كورىيەلىكلەر دۆلىتىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدىكى شىددەتلىك تەرەققى قىلىشدىن، ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشدىن ناھايىتى پەخىرلىنىدۇ، ھەم بۇ پەخىرلىنىش ئۆلچىمى باشقا دۆلەتتىكىلەرگە قانداق قاراش ۋە مۇئامىلە قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. بۇ خىل قاراش ئاساسەن بارلىق خەلقكە ئومۇملاشقان ، شۇڭا كورىيە جەمىيتىدە پۇلىڭىز ۋە ئابرويىڭىز، جەمئىيەتتىكى ئورنىڭىزغا ئاساسەن مۇئامىلىگە ئۇچرايسىز!

## كورىيەدە دىني ئېتقاد

كورىيە ئەسىرلەر بېرى بۇددىزىم ئىدىيسى، قىممەت قارشى، دۇنيا قارىشى سىڭىپ كەتكەن بۇددىست دۆلىتى.

ئەمما كورىيەدە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ خىتايغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن چەتئەللىك ئەلچىلەرنىڭ خىتايدىن كورىيە ئارىلغا كېلىپ دىن تارقىتىش تەسىرىدە خىرىستىيان دىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كەڭ تارقالغان. ھازىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ھەتتا 25 پىرسەنتىگىچە خىرىسيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇ. بولۇپمۇ كورىيەنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىدە ئۆزلىرىنى مۇستەملىكىچى ياپونلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا غەربلىكلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم كورىيەلىكلەر خىرىستىيان بولغان. بەزى كۆز قاراشلاردا بۇ كورىيەلىكلەرنىڭ تارىختىكى رولى مۇئەييەنلىشتۈرۈلۈپ كورىيەنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ناھايىتى ئاز ساندىكى ئېتىقادچىلارنىڭ نۇرغۇن كۈچ چىقىرىشى ۋە ئەقىل پاراستىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. ۋە يېقىنقى يىللار مابەينىدە كورىيەدە يەنە ئىسلام دىنىمۇ كۆرۈنەرلىك تارقالماقتا.ئەمما يەنىلا ئاساسلىق مەدەنىيىتى ۋە كىشىلىك ئىدىيە ۋە ئاڭ بۇددىزىمنى ئاساس قىلغان بۇ دۆلەتتە، باشقا دىندىكى كىشلەردىمۇ يەنىلا بۇددىزىمنىڭ كىشلىك ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ يەنىلا كۆرۈنەرلىك تەسىرى بارلىقىنى ، بىر دىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېقىملىرى ۋە ئىدىيەلىرىنى پەيدا قىلىپ يېڭىدىن دىنى ئېقىم ۋە ئىدىيەلەرنى شەكىللەندۈرۈپ مەنىۋىيىتىنى قانائەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ھەرخىللىقىنىمۇ كۆرەلەيسىز. 2005-2015 يىللىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئاتېئىستلار 56.1 پىرسەنت، بۇددىستلار 15.5 پىرسەنت، كاتولىك مۇرتلىرى 7.9 پىرسەنت، خىرىستىيان ۋە ئەگەشمە ئېقىمدىكىلار 19.7پىرسەنت، باشقا غەيرى دىنلاردىن( مۇسۇلمانلارمۇ بار) 0.8 پىرسەنتلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما ئىسلام ئۇقۇمى كورىيە خەلقىگە تېخى تونۇلمىغان، ئاسانلا خاتا قاراش پەيدا قىلدىغان ئۇقۇمدۇر. يەنى ئىسلامنى چۈشۈندىغانلار ناھايىتى ئاز،ھەتتا يوق دېيەرلىك.

## ئىقتسادى جەھەتتە

كورىيە ئاساسەن تاشقى سودىغا تايىنىدۇ، يەنى تاشقى سودا بۇلارنىڭ ئاساسى ئىقتىسادى بازىسىدۇر. يەنى كورىيەنىڭ ئاساسى ئىقتىسادى خىتاي ۋە ئامېرىكا بىلەن بولغان تاشقى سودىنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرايدۇ، ئاندىن قالسىلا ساياھەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ.

مۇھىت ۋە شارائىتىغا كەلسەك، بۇ يەردە ھەر ساھەلەردە جاپاغىلا چىدىسىڭىز ياكى ئوقۇش، تەرەققى قىلىش پىلانىڭىز، ئارزۇيىڭىزلا بولىدىكەن ھەر تەرەپتىن سىزگە ئۆگىنىش، ئۆزىڭىزنى تەرەققى قىلدۇرۇش كۇرسلىرى ۋە ئورۇنلىرى بار. ھەر ساھەدىن يېقىنلىشىش ئاسان، قولايلىق. شۇڭا بۇ يەردە ئۆزىڭىزنى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ پۇرسەتلىرىنى ھەم تاپالايسىز. مەسلەن ھەممىزگە ئۇندىدار ئارقىلىق تونۇلغان ، ھۆسۈن تۈزەش كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇپ ھازىر كورىيەدە ياشاۋاتقان ئەر ئايال دوختۇرلارمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يېڭى بىر ئىلىم، تېخنىكا بولغان ھۆسۈن تۈزەش گۈزەللەشتۈرۈش كەسپىدىكى بوشلۇققا ئىمكان ياراتقان ، يېتىشكەن دوختۇرلىرىمىز ھەم ئۈلگىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

تارىختىكى تەسىرىمىزنىڭ قانچە چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇرلار كورىيەلىكلەرگە نىسبەتەن تېخى تونۇلمىغان بىر مىللەتتۇر. كورىيەدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەۋەرلەر خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋېتى سەۋەبىدىن ئاساسەن قويۇلمايدىغان سوغۇق تېمىلاردىن بىرىدۇر. كورىيەدە خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە يەنى باشقا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئۆزلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا كوپ ساندىكى خەلق بىپەرۋالىق پوزىتسىيەدە دېيىشكە بولىدۇ.شۇڭا كورىيەدە خىتاي بىلەن بولغان سود ئالاقىسىنىڭ تەسىرى، ۋە ئىسلامغا بولغان ياخشى بولمىغان قاراشلار ئاستىدا باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى بولۇپمۇ سىياسى مەسلىلەرئاساسەن قىزىق تېمىلار قاتارىدا ئەمەستۇر.ھەم كورىيەدە ئىلىم ساھەسدە ھەم ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماقالە تەتقىقاتلار ساناقلىقلا ياكى يوق دېيەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنى كورىيەدە پەقەت ۋەتەنگە بېرىپ ساياھەت قىلغان، شېرىن مېۋىلىرنى يېگەن كورىيەلىكلەرلا بىلىدۇ، ئەمما بۇ ئىسىمنى بىلدى دېگەنلىك ھەم ئۇيغۇرنى تونۇيدۇ دېگەنلىك ئەمەس، سىزنىڭ نېمە تىلدا ، قايسى

ئىرقىقا تەۋە ئىكەنلىكىڭىزنى، قانداق بىر مىللەت ئىكەنلىكىڭىزنى، تارىخىڭىز، قانداق مەدەنىيىتىڭىز بارلىقىنى بىلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، شۇڭا ئاساسەن كورىيەلىكلەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇرلار بىر بىلىنمىگەن مىللەتتۇر!

ئەگەر كورىيەدە ئوقۇپ خىزمەت بىلەن شوغۇللىنىشنى ياكى ياشاپ بېقىشنى ئويلايدىغان كورىيە ھەۋەسكارلىرى بولسا، تەۋسىيەم، كورىيەدە تېخىچە ، ئۇيغۇردىن باشلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، جۇملىدىن تۈرك ئەللىرى تەتقىقاتى تېخى باشلانغىنى يوق. قىسقىسى تارىخ، قەدىمكى تىللار تەتقىقاتى، پەلسەپە، ھاياتلىق ئىلمى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تېخى رەسمى ، كەسىپ تۈرى بويىچە مەخسۇس تەتقىقاتچى ۋە تەتقىقات تۈرى يوق دېيەرلىك، ھەم تېخى دىققەت قوزغىمىغان دائىرىغا كىرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ساھەلەرگە ئائىت كەسپلەردە ئوقۇغانلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇشى ۋە شۇ تۈرلەر بويىچە تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتنىششى كورىيەدىكى چوڭ بىر بوشلۇق بولغاچ ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان ساھە ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى بىرقانچە يىللار مابەينىدە كورىيەدە "ئىش تاپماق ئاسانكەن، پۇل تاپماق ئاسانكەن، ئۇيغۇرلار بېرىپ پۇل تېپىپتۇ..." دېگەندەك نۇرغۇن گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. كورىيەدە ھۆسۈن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى ئەۋج ئالغان بولغاچقا دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىكى ھۆسۈن تۈزەش دوختۇرلىرى كورىيەگە كېلىپ ئىش تاپىدىغان ئەھۋال بار، شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلارمۇ بار. ئەمما زادى قانچىلىك ئۇيغۇرلار بۇ ساھادە خىزمەت قىلىدۇ،بۇنىڭ ئېنىقلىقى ئۈچۈن ...

ئىشەنچلىك ئۇچۇرلىرى كەمچىل. كورىيەدە ئادەتتە ئېغىر ، كىشلەر قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلار بار، مەسلەن دېھقانچىلىق قاتارلىق ئېتىز- ئېرىق ئىشلىرى، قۇرۇلۇش ، زاۋۇت ئىشلىرى. بۇلارنى ئاساسەن كورىيەلىكلەر قىلمايدۇ، بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغانلار كۆپىنچىسى ۋېيتنام، فىلىپىن قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر قىلىدۇ، ھەم يېقىندىن بۇيان مەخسۇس شۇنداق ئىشلار ئۈچۈن مۇڭغۇلىيە، ئۆزبەكىستان ،شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىن توختام بىلەن كېلىدىغانلار تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى. ئەگەر شۇنداق ئىشلەش توختامى بىلەن ۋىزا ھەل قىلىپ بېرىدىغان ئورۇنلار بىلەن ئۇقۇشۇپ كېلەلىسىڭىز، ئىش تېپىپ تۇرمۇشىڭىزنى قامداپ كېتەلەيسىز. ئەمما ئۆز ئالدىڭىزغا بىرەر شەخسىي ئىش باشلىماقچى بولسىڭىز،كورىيەدە ئاسان ئەمەس، چوقۇم كورىيەلىك بىرى بىلەن بىرلىكتە قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. كورىيەدە ھەم ۋىزا ئېلىش بارغانسىرى قىيىنلىشۋاتقان مەسىلىلەردىن بىرىدۇر !

تەييارلىغۇچى : كورىيەدىن ئاسىنا



# ئابلەت كامالوۋ

ئابلەت كامالوف: 1961- يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تۇغۇلغان. 1979-يىلى ئالمۇتادىكى 90-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىياتتا ئالاھىدە ياخشى نەتىجە قازىنىپ، مەكتەپنى ئالتۇن مېدال بىلەن تاماملىغان.

1979 ~ 1984 - يىللىرى تاشكەنت دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ خىتاي تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1985-1989-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتى لېنىنگراد شۆبىسىدە (ھازىرقى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق قوليازمىلىرى ئىنستىتۇتى، سانت پېتىربۇرگدا) ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان.

1990-يىلى ئۇ لېنىنگرادنىڭ تۆتىنچى رايونىدا، روسىيە تۈركولوگى س. گ. كلاشتورنىي (S. G. Klyashtorny) نىڭ يېتەكچىلىكىدە «موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى (744-840)» تېمىسىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ياقلىغان.

2003 ~ 2005-يىللىرىدا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ر. سۇلايمېنوف (R. Suleimenov) نامىدىكى شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن، 2008 - يىلى تارىخ پەنلىرى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئىلمىي ماقالىسىنى ياقلىغان.

ئابلەت كامالوف كەسپىي ھاياتىنى 1984-يىلى قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تەتقىقات فاكۇلتېتىدا باشلىغان. 1989 – يىلدىن 1996 – يىلغىچە، قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇر تەتقىقات ئورنىدا يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى، تارىخ ۋە مەنبە تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1996-يىلى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئىنستىتۇت ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزىنىڭ يېتەكچىسى، ئاندىن باش ئىلمىي خىزمەتچىسى بولغان. 2005 ~ 2008 – يىللىرىدا، ئۇ «بىلىم-ئوتتۇرا ئاسىيا» (ئالمۇتا) مائارىپ مەركىزىنىڭ مۇدىرى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بايلىق مەركىزى (CARC) دە تارىخ پروگراممىلىرىنى ماسلاشتۇرغان. ئۇ ھازىر «تۇران» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى.

ئابلەت كامالوف سېئاتىل شەھىرىدىكى ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى (ئامېرىكا)، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى (ئەنگلىيە)، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسى (ۋاشىنگتون)، ئادمىيەت پەنلىرى سارىيى (پارىژ)، ئىندىئانا ئۇنۋېرسىتىتى (ئامېرىكا) دا ئىلمىي تەتقىقاتلاردا بولغان.

ئابلەت كامالوف ۋېنگرىيەنىڭ بۇداپېشت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان يازلىق كۇرستا «تارىخنى قايتا يېزىش: سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن كىملىك ۋە مىللەتچىلىك» (2004) ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارىخ ۋە مىللەتچىلىك» (2005) تېمىسىدا ماقالە ئوقۇغان.

ئابلەت كامالوف «سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۆلەت تارىخچىلىقى» (2007-2010)، «تارىخنى تۆۋەندىن باشلاپ يېزىش: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى ئىجتىمائىي تارىخى» (2010-2012) قاتارلىق خەلقئارا تۈرلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن.

ئۇ ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ TEMPUS پروگراممىسى (بىرىيۇسسېل، 2003-2005) نىڭ، ۋولكسۋاگېن فوندى جەمئىيىتىنىڭ پەن-مائارىپ پروگراممىسى (ھانوۋېر، 2009-2010) نىڭ، جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلگەن تەتقىقات يۇرتى (نيۇيورك، 2005-2010)نىڭ، ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ۋە ئامېرىكادىكى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسى.

ئابلەت كامالوف ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىلىرى خەلقئارا كەسپىي تەشكىلاتلار ھەيئىتىنىڭ، ياۋروپا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى جەمئىيىتى (ESCAS) نىڭ، مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى (CESS)نىڭ، ئوتتۇرا ۋە ئىچكى ئاسىيا تەتقىقاتى خەلقئارا بۆلۈمى (ئۇلانباتور-بېرلىن)نىڭ، قىرغىزىستاندىكى ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا لوندوندىكى «ئوتتۇرا ئاسىيانى قىدىرىش»، «بۈيۈك ئالتاي دۇنياسى» ۋە باشقا ئىلمىي ژۇرنال ۋە نەشر

ئەپكارلىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى.

ئۇنىڭ «8 – 9 – ئەسىرلەردىكى قەدىمىي ئۇيغۇرلار» (2001 – يىلى)، «قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى» (2016) ، «قازاقىستاننىڭ تۇڭگانلىرى» (2016)، «تاڭ ئىمپېرىيىسىدىكى تۇركلەر ۋە ئىرانلىقلار» (2017)، «ئوتتۇز ئوغۇل ئەنئەنىسى: تارىخ ۋە زامانىۋىلىق» (2018) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار، شۇنداقلا ئۇنىڭ شەرقىي تۇركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ۋە ئاممىباب ماقالىلىرى 300 پارچىدىن ئاشىدۇ.

ئابلەت كامالوف «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلىم-پەن تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقۇچى» مۇكاپاتىغا (2011)، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇر مەركىزىنىڭ «ساخاۋەت» مېدالىغا (2016)، قازاقىستان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەقدىرنامىسىگە ۋە 2016-يىلى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن مىنىستىرلىقىنىڭ «ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

**ئابلەت كامالوفنىڭ بەزى ئەسەرلىرى:**

«ئوتتۇز ئوغۇل ئەنئەنىسى: تارىخ ۋە زامانىۋىلىق». 2018-يىلى، ئالمۇتا. (ر.كارىموۋا ۋە ن.كارىمى بىلەن)

«تاڭ ئىمپېرىيىسىدىكى تۇركلەر ۋە ئىرانلىقلار». 2017 – يىل، ئالمۇتا نەشرىياتى.

«خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاتتا ئويۇنى: بىر ئوقۇرمەن»2017 – يىل، ئالمۇتا نەشرىياتى.

«قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى» ئاستانا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىغا قاراشلىق ئاممىۋى باشقۇرۇش ئاكادېمىيىسى، 2016-يىل.

«قازاقىستان تۇڭگانلىرى» ئاستانا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىغا قاراشلىق ئاممىۋى باشقۇرۇش ئاكادېمىيىسى، 2016-يىل (ز. ناماروۋا بىلەن بىرلىكتە).

«8 – 9 – ئەسىرلەردىكى قەدىمىي ئۇيغۇرلار» ئالمۇتا: «بىزنىڭ دۇنيا» نەشرىياتى، 2001-يىل.

«ۋاقىتتىن ھالقىغان ئۆلىنىشلار: 1916-يىلى سىمىرېچىنكى قوزغىلاڭ ۋە 1918-يىلدىكى «ئاتۇ» قىرغىنچىلىقىدىكى تارانچىلار // 1916-يىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قوزغىلىڭى. ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب دەۋرىدە يىمىرىلگەن ئىمپېرىيە». مانچېستېر، مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2020-يىل 227-289-بەتلەر.

«تۈرك دۇنياسىدىكى ئۇيغۇرلار: قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركىيە // چوڭ ئويۇن». .(36) No 3 2014.S. 49-57. »

«ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار: ئۆتمۈش ۋە ھازىر // خىتاي، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا. 21-ئەسىردىكى تارىخ، ئۆتكۈنچى ۋە چېگرا ھالقىغان ئۆزئارا تەسىر».لوندون-نيۇيورك.

«ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئورتاقلىقىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخشۇناسلىقى // ئۇيغۇرلارنى خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىغا جايلاشتۇرۇش».

«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتى: تارىخى ئوبزور // ئاسىيا تەتقىقات يۈزلىنىشى» يېڭى يۇرۇشلۇك، توكيو، 2006. 3-32-بەتلەر.

1940 - يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى ئەنگلىيە-ئامېرىكا دىپلوماتىك مەنبەلىرىدە» ئالمۇتا، 2015-يىلى، 67 – 101 – بەتلەر.

«ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن 1940 - يىللاردىكى شىنجاڭدىكى خىتاي-سوۋېت مۇناسىۋىتىگە نەزەر» تۇران ئۇنىۋېرسىتېتى، 2012، 160 – 166 – بەتلەر.

مەنبە:

https://doppalife.com/ru/post-kamalov-ablet-kayumovich

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# ناھەق تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىش

## ئورۇنسىز تەنقىدكە سوغۇققانلىق بىلەن، مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇش

تۆۋەندىكىدەك مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ:

سىز شىركەتتىكى گۇرۇپپا يىغىنىدا يېڭى مەھسۇلاتنىڭ سېتىش پىلانى لايىھەسىنى تونۇشتۇرۇۋاتىسىز. سىز سۆزلەۋاتقاندا، خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ ۋە نازارەتچىڭىزنىڭ سىزنى ئىلھاملاندۇرغان ئىشارەتلىرىگە دىققەت قىلىدىڭىز. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر خىزمەتدىشىڭىزنىڭ مۇزدەك نەزەردە، نارازى كەيپىياتتا تىڭشاۋاتقانلىقىمۇ نەزىرىڭىزدىن چەتتە قالمىدى.

سىز تونۇشتۇرۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ سىزنىڭ ئىدىيىڭىز ۋە ئۇسۇلىڭىزنى قاتتىق تەنقىدلىدى، ئەمما سىز ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىر نۇقتىنى خاتا دەپ ھېس قىلدىڭىز. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، يۈزىڭىزگە قان يۈگۈرۈپ، يۈرىكىڭىزنىڭ قاتتىق سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىڭىز. ھەممىنىڭ كۆزى سىزگە تىكىلگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، (بۇ تەنقىدلەرگە قارىتا) نېمە دەيسىز؟

ياكى مۇنداق بىر ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ: سىز بىر يىلدىن بۇيان، كەسپىي نىشانىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىدىڭىز. ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نىشانىڭىزغا يېقىنلىشىۋاتاتتىڭىز، گۇرۇپپىڭىزنىڭ قىزغىنلىقىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئەمما، يىللىق خىزمەت باھالاشتا، باشلىقىڭىز سىزدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئېيتتى. گەرچە رېئاللىق دەل شۇنىڭ ئەكسىنى (يەنى سىزنىڭ ئىپادىڭىزنىڭ ياخشىلىقىنى) دەلىللەپ تۇرسىمۇ، خوجايىنىڭىز سىزدىن ئۈمىدسىزلەنگىنىنى يۈزىڭىزگە سالدى.

بىزنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنىمىز ناھەق تەنقىدنىڭ ئىككى خىل مىسالى - بىرى خىزمەتدىشىنىڭ، يەنە بىرى خوجايىنىنىڭ تەنقىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق قىلىسىز؟ بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىڭىز كەسپىي ھاياتىڭىزغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھېسسىيات جەھەتتە سىلكىنىشكە ئۇچرىغاندا، ھېسسىياتىڭىز سىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يېتەكچى بولماسلىقى مۇمكىن.

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ چارىسى ئاسان.

**دەسلەپكى ئىنكاسىڭىزنى توغرا بىر تەرەپ قىلىڭ**

سىزنىڭ دەرھال قايتۇرغان ئىنكاسىڭىز ئەڭ مۇھىم، ئۇ ئىشلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى ياخشىلايدۇ. تۆۋەندىكىلەر سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى يېڭىشىڭىز ياكى قايتۇرما زەربە بېرىشتىكى تەبىئىي ئىستىكىڭىزدىن غالىپ كېلىشىڭىز ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىنغان ئۇسۇللىرىمىزدۇر:

**1-قەدەم: سوغۇققان بولۇڭ**

مەيلى بۇ تەنقىدىي «شاپىلاق» خىزمەتدىشىڭىز ياكى خوجايىنىڭىزدىن كەلگەن بولسۇن، ئالدى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭىز سوغۇققان بولۇشتۇر. سەلبىي (ئورۇنسىز) تەنقىد ئاچچىقلىنىش ياكى يېتەرسىزلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، بۇ ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەش سىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر پاتقاققا پاتۇرۇپ، «تەنقىدچىڭىز»نىڭ قىلمىشىنى يوللۇقلاشتۇرىدۇ. تەنقىد كەلگەندە، كەمتەرلىك بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇڭ ۋە بىر ئاز توختىۋېلىڭ. بىر قانچە قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىش كەيپىياتىڭىزنى نورماللاشتۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

**2-قەدەم: مۇھىم نۇقتىنى تەكرارلاڭ**

نەق مەيداندا مۇكەممەل ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئويلاپ، ئۆزىڭىزگە بېسىم قىلماڭ. چۈنكى، ئۇنداق قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەكسىچە، مۇنداق قىلىشنى سىناپ بېقىڭ: ئاددىي ۋە سوغۇققان شەكىلدە تەنقىدچىلىرىڭىزنىڭ شىكايەتلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر قېتىم تەكرارلاپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا چۈشەنگەنلىكىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىڭ. قاراشلىرىڭىزدىن قەتئىيلىكىڭىزنى نامايەن بولسۇن - يۇ، ئەمما «سوقۇشقاقلىق»تىن مۇستەسنا ھالدا: «دېمەك، سىز مۇنداق – مۇنداق دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟» دەڭ ۋە ئۇنىڭ تەنقىدلىرىنى ئۆز سۆزىڭىزگە ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت دىققەتنى ھەر قانداق شەخسىي توقۇنۇشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشتۇر.

ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ھەقىقەتەن بىمەنە بولسا، بۇ تاكتىكا ئۇنىڭ تەنقىدىگە ئىنتايىن يارقىن رەددىيە بېرەلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتچىل بولۇشقا ئىنتايىن دىققەت قىلىڭ، مۇبالىغىدىن ساقلىنىڭ. ئەگەر ئۇ سىزنىڭ سېتىش ئىستراتېگىيەڭىزنىڭ ئادەتتىكىلا نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، سىز قوپۇپ «ئۇنداقتا، سىزچە بولغاندا، مېنىڭ سېتىش ئىستراتېگىيەم شىركەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟» دېمەڭ. ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز، سىز ھەقىقىي ھالدا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىشنى ئويلايدىغان ئەقىللىق ئادەم بولماستىن، بەلكى توغرا گەپنى قوبۇل قىلمايدىغان ئۇرۇشخۇمار ئادەم بولۇپ قالىسىز.

ئەگەر بۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنسىڭىز، يەنە بىر مەڭزىڭىزنىمۇ «شاپىلاق»قا تۇتۇپ بەرگەن بولىسىز. ھەقىقىي قۇسۇر ئىزدەيدىغان تەنقىدچى سىزنى جېدەلگە سۆرەپ كىرىشنى ياكى ھېچ بولمىغاندا سىزنى تېرىكتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ياكى ئۇ بەلكىم سىزنىڭ تىز پۈكۈپ، ئۇنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ۋە ئاغزىڭىزنى يۇمۇپ، مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىشى مۇمكىن. ئەكسىچە، سىزنىڭ قىلىدىغىنىڭىز دىققەتنى «قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؟» دېگەن نۇقتىدىن يۆتكەپ، ھەم قوبۇل قىلمىغان، ھەم ئىنكار قىلمىغان ئاساستا، ئۇنىڭ تەنقىدلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈشتۇر.

**3-قەدەم: ئىككى خىل كۆرۈش نۇقتىسى ھازىرلاڭ**

ئوبيېكتىپ تەكرارلاش تاكتىكىسى ئۇنى مەڭدىتىپ، ئارقىغا چېكىنىشكە ئۈندىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئەنە شۇ چاغدا تەنقىدنى ھەقىقىي مۇلاھىزە قىلىدىغان ياخشى پەيت يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. ئەگەر سىز بۇ يولنى تاللىسىڭىز، ئۆز ئىنكاسىڭىزنى «مېنىڭ قارىشىمچە» ياكى «مەن سىزنىڭ قانداقسىغا بۇنداق يەكۈنگە كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، بەلكىم مەن بۇنى توغرا چۈشەندۈرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن» دېگەندەك شەكىلدە ئىپادىلەش ئاقلانىلىكتۇر. بۇ سۆھبەتنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتى بولغان ھۆرمەتنى بەرپا قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىز مەسىلىگە ئۇنىڭ نۇقتىسىدىن قاراشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى

ئىپادىلىگەن بولىسىز، ھەمدە سىز ئۇنىڭ قانداق قىلىپ، مۇۋاپىق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئاشۇ يەكۈننى چىقارغانلىقىنى بىلەلەيسىز. ئاندىن ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى قايتۇرۇش پۇرسىتى بېرىسىز.

### 4-قەدەم: ئەدەب بىلەن ئىلگىرىلەڭ

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر سىز تەنقىدچىڭىزنىڭ سۆزىنى ئۆزىڭىزنىڭ گېپىگە ئايلاندۇرۇپ تەكرار بايان قىلغاندىن كېيىنمۇ، قارشى تەرەپ يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالسا، بۇنىڭغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئاز ۋاقىتقا موھتاج بولىسىز. سىز ئۇنىڭ «ئاشۇ يەكۈننى قانداق چىقارغانلىقىنى» چۈشەنگەنلىكىڭىزنى بىلدۈردىڭىز، يەنە كېلىپ بۇنى ئاچچىقىڭىزغا ياكى نومۇسقا چىدىيالماي سەكرەپ كەتمەستىن قىلالىدىڭىز. دېمەك، ئەمدى ئالىيجانابلىق بىلەن چېكىنىش پەيتى كەلدى. «بۇ ئەلۋەتتە كەلگۈسىدە ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش، مەن پىكىر - تەكلىپلىرىڭىزگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ سىزنى ئىمكانقەدەر ئەڭ ياخشى خىزمەت قىلىشقا تىرىشىدىغان ۋە كەلگۈسىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ.

### تەنقىدچى خىزمەتداشقا جاۋاب بېرىش

خوش، كاللىڭىزغا چوقۇم بەزى نەرسىلەر كەلدى، بىر ئاز ۋاقىتمۇ ئۆتتىڭىز. قانداق قىلىپ ئەڭ ياخشى ئىنكاس قايتۇرۇش سىزنى تەنقىدلىگۈچىنىڭ خىزمەتدىشىڭىز ياكى باشلىقىڭىز ئىكەنلىكىگە باغلىق، ئەلۋەتتە.

ئەگەر ئۇ خىزمەتدىشىڭىز بولسا، ئالدى بىلەن ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن مۇنۇ نەسىھەتكە كۆرە ئىش قىلىڭ: «سۆز ساھىبى ھەققىدە ئويلىنىڭ». ئۇ شىركەت ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ سۈنئىي ئىناۋىتىنى تىكلەش ئۈچۈنلا باشقىلارنى تەنقىد قىلىدىغان ئادەممۇ؟ ئەگەر كېيىنكىسى بولسا، سىز يىغىن جەريانىدا ئۇنىڭ تەنقىدىنى تەمكىنلىك بىلەن تەكرارلاش ئارقىلىقلا مەسىلىنى ھەل قىلىۋەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، شىركەتتىكى باشقىلارمۇ «يەنە مۇشۇ ئادەمنىڭ گېپى چىقتى» دېگەننى ئويلاپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن، سىزنى تەنقىدلىگۈچىنىڭ شىركەت ئىچىدە ۋەزنى بولسا، زىياننى تۆۋەن چەككە چۈشۈرگەن ئەلا. ئاراڭلاردىكى ئىختىلاپلارنى مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن يىغىن ئېچىش بۇ جەھەتتىكى ياخشى تەكلىپ بولۇشى مۇمكىن. سىز ئۇنىڭ مەنتىقىسىدە كەمتۈكلۈكنى بايقىسىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەڭ. ئىككىڭلار بىرلىكتە تېخىمۇ ياخشىلانغان ئىستراتېگىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلار مۇمكىن، ھەمدە سىز بۇ ئارقىلىق شىركەت ئۈچۈن ئەڭ زور مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدىغان ئادەم سۈپىتىدە بۇ ھەمكارلىقتىن نەپ ئالالايسىز.

ئەگەر سىز ئۇنى راستلا خاتالاشتى دەپ قارىسىڭىز، كۆڭلى - كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ، ئەمما سىلىق - سىپايىلىك بىلەن ئۆز مەيدانىڭىزدا چىڭ تۇرۇڭ.

ئەگەر ئۇ يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرسا، ھەمدە سىزمۇ ئۇنىڭ خاتالاشقانلىقىغا قەتئىي جەزم قىلسىڭىز، باشلىقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاشسىڭىز بولىدۇ. شەخسىي ھۇجۇم قوزغاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئىككىلا تەرەپنىڭ بەس - مۇنازىرىدىكى مەيدانىنى، كۆز قاراشلىرىنى توغرا بايان قىلىڭ، ھەمدە ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى، ئەمما ئۆز كۆز قارىشىڭىزنىڭ تېخىمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ. نەتىجىدە، خوجايىنىڭىز تەنقىدچى تەرەپتە تۇرغان تەقدىردىمۇ، سىز يەنىلا پائال ھالدا شىركەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشىدىغان ئادەم بولۇپ قالىسىز.

### ئەگەر تەنقىدلىگۈچى خوجايىنىڭىز بولسا

خوش، ئەگەر سىزنى تەنقىدلىگۈچى خوجايىنىڭىز بولسىچۇ؟ بۇ بىر قىيىن مەسىلە. ئالدى بىلەن، يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چىقىڭ. ئۇنىڭ تەنقىدىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە ئىشىنەمسىز؟ ئەگەر ئۇنىڭ تەنقىدى ئومۇمىي جەھەتتىن توغرا بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا يول قويۇپ، ئۇسۇلىڭىزنى مۇۋاپىق تەڭشەڭ.

ئەگەر سىز يەنىلا ئۇنىڭ تەنقىدلىرىنى نامۇۋاپىق دەپ قارىسىڭىز، ھەمدە ئۇمۇ بۇ «خاتا» پىكرىدە چىڭ

**تۇرۇۋەرسە، سىلىق – سىپايىلىك بىلەن ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆز كۆز قارىشىڭىزنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ بېقىڭ. ئەگەر بۇمۇ كارغا كەلمىسە، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىق بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىسىڭىز بولىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلغاندا، خىزمەت ئورنىڭىزنىڭ تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچراش خەۋپى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. تەكرار دەيدىغىنىمىز شۇكى، مەسىلىنى ئىمكانقەدەر سوغۇققانلىق بىلەن، ئاقىلانە ھەل قىلىڭ.**

**سىز ۋە خوجايىنىڭىز ھەر ئىككىڭلار سىزنىڭ شەخسىي ياكى كەسپىي پەرقىڭىزگە ئېسىلىۋالماستىن، كوللېكتىپنىڭ نىشانىنى كۆزلەۋاتقان بولسا، ئاكتىپ ئىلگىرىلەش يولىدا بىرلىككە كېلەلەيسىلەر.**

**سوغۇققان مۇئامىلە قىلىش ھەقىقەتەن ناھەق تەنقىدنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى. كۆپىنچە ھاللاردا ئالاقىدار كىشىلەر ئۇچۇق – يورۇق بولسا ۋە ئەڭ ياخشى چارىنى تېپىشنى خالىسىلا، كارخانا ساھەسىدە ئۇزۇپ چىقالايدۇ.**

## ئۆزىڭىزنى قەدىرلەڭ

**ناھەق تەنقىدلەرنى قانداق ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ناھەق تەنقىدكە ئۇچراش ئاسانلا كۆڭۈلسىز، تۇرغۇن كەچمىشكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ سەۋەبلىك غۇرۇرىڭىز ياكى ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى سۇندۇرماسلىقىڭىز ناھايىتى مۇھىم.**

**ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بىز بۇ يەردە ئىجابىي ئىنكاسلار ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ناھەق تەنقىد توغرىسىدا توختىلىۋاتىمىز. بەزىدە تەنقىد نوقۇل توغرا بولمىغانلىقى سەۋەبلىكلا ناھەق ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزىدە، ئۇ سىزنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ناھەق ھېسابلىنىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇ سىزدىكى ئەمەس، سىزنى تەنقىدلىگۈچىدىكى ئەيىبنى كۆرسىتىدۇ.**

**ئەگەر سىز داۋاملىق بۇ ئىشقا كىرىشىپ قېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بايقىسىڭىز ، ئۇنداقتا، تەپەككۇر ئېڭى، ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ئاكتىپ تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ، كاللىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ، ئۇسۇلىڭىزنىڭ ۋە قىلمىشىڭىزنىڭ ئاشۇ خىل تەنقىدكە لايىق ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ.**

## ھالقىلىق نۇقتىلار

**ناھەق تەنقىدكە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇش تەبىئىي ئىش، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ئاقىلانىلىك ئەمەس.**

**ئەكسىچە، سوغۇققانلىق بىلەن ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ، سىزنى تەنقىدلىگۈچىگە دېگەنلىرىنى تەكرارلىغۇزۇڭ، ئاندىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. سىز بەلكىم ئۇنىڭ تەنقىدىنىڭ خاتا چۈشىنىش ياكى باشقىچە كۆز قاراشنى ئاساس قىلغانلىقىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا مەسىلىنى ھەل قىلىش ناھايىتى ئوڭاي. تېخىمۇ مۇرەككەپ، بولۇپمۇ سىزنى تەنقىدلىگۈچى خوجايىنىڭىز بولغان ئەھۋالدا، سىز (خوجايىن ئىككىڭلارلا قاتنىشىدىغان ئىككى كىشىلىك) «خۇپىيانە» يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەنقىدنى مۇزاكىرە قىلىشىڭىز كېرەك.**

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

**https://www.mindtools.com/pages/article/UnfairCriticism.htm**



# قەھرىمانلىقنىڭ مۆجىزىلىك تەسىرلىرى

ھاجى ئەكبەر مۆھەممەدنىياز

ئىنسانىيەت تەرەققىي قىلىش ۋە بىلىم ئېلىش جەريانىدا شەيئىلەرنى قارمۇ - قارشى مەنىسى بىلەن تونۇش ئۇسۇلىنى بايقاپ چىقىپ ، كۇنسىرى ئومۇملاشتۇرغان . بۇنداق ئۇسلۇبنىڭ سېھرى كۈچى ھازىرمۇ ئۆز تەسىرىنى يوقىتىپ قويغىنى يوق .

ئاق - قارا ، دوست - دۈشمەن ، ھەق - ناھەق، ئادالەت - زۇلۇم ، مەرىپەت - جاھالەت ، مۇھەببەت - نەپرەت ، تاتلىق - ئاچچىق ، يۇمشاق - قاتتىق ، ئۇزۇن - قىسقا قاتارلىق ئۇقۇملار پەقەت قارمۇ - قارشىسى بىلەن بىللە كەلگەندىلا ئەسلى مەنىسىنى تېخىمۇ ئوچۇق ، ئېنىق ۋە روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ . شۇ قاتاردا « قەھرىمانلىق » ئاتالغۇسىمۇ قارمۇ - قارشى مەنىسى بولغان « ساتقۇنلۇق » بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تېخىمۇ تولۇق تاپىدۇ. ئۇنداقتا قەھرىمانلىق دېگەن نېمە ؟ ساتقۇنلۇقچۇ ؟!

**1 . قەھرىمانلىق ۋە ساتقۇنلۇق**

ماڭا بىر قەھرىماننى كۆرسەتكىن ، مەن ساڭا بىر تراگېدىيە يېزىپ بېرىمەن .
- ف.سكوت فىتسجېرالد

قەھرىمانلىق ئىنسانىيەت بىلەن بىللە ئاپىرىدە بولغان ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتۇر . ئۇ كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى قوغدايدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىر ئۆرنەكلىك ئۆلچەم شەكلىدە نامايان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بەخت -سائادىتى ۋە تىنچ ئاسايىشلىقىغا زىچ باغلانغان . ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىغۇچىلارنى « قەھرىمان » دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ھەتتا ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ . سەۋەب شۇكى ، قەھرىمانلىق ئارقىلىق مىللىي مەۋجۇتلۇق قوغدىلىدۇ .

ئەخلاقىي قاراشلار قايتا -مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. يېڭى ھەرىكەت مىزانى مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئاسانلىقچە يوقالمايدىغان مەنىۋى مىراس سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ .

ئۆزىنى قوغداش ئىنساندىكى ئەڭ تۈپكى بىئولوگىيىلىك قوزغىلىشتۇر .

قەھرىمانلىق ، يەنە بىر نۇقتىدىن قورقۇنچ بىلەن ئەڭ يوشۇرۇن شەكىلدە ئالاقىلىشىش جەريانىدۇر . قەھرىمانلىق بىلەن قورقۇنچ بىر - بىرىگە باغلانغان. قورقۇنچ بولمايدىكەن ، قەھرىمانلىق بولمايدۇ ، قەھرىمانلىق بولمايدىكەن ، ئادەم مەڭگۈ قورقۇنچ ئىچىدە ياكى ئارقىغا چېكىنىدۇ ياكى ئاستا - ئاستا ھالاك بولىدۇ . قورقۇنچ ھەممىدە ئورتاق ۋە ھايات قېلىشتىكى تۈپكى پىسخىك ھالەتلەرنىڭ بىرى بولسا ، قەھرىمانلىق خەتەر ئالدىدا پەقەت بىر قانچە ئادەملا نامايەن قىلالايدىغان پەۋقۇلاددە ھەرىكەت ، ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە بەدەل تۆلەشتۇر .

قەھرىمانلىق ، قورقۇنچ پۈتۈنلەي يوقالغان ۋاقىتتا بارلىققا كېلىدىغان پەۋقۇلاددە پەزىلەت ياكى ھەرىكەتنى ئەمەس بەلكى ، قورقۇنچتىن ھالقىغان يېڭى بىر مەنزىلگە يېتىشكە ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ .

قەھرىمانلىق ، ئېتىكىلىق نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ياخشىلىقنىڭ ئىنسان ھەرىكىتى ئارقىلىق قايتا مۇكەممەل تۈرغۇزۇلۇشى ۋە ئاشكارىلىنىشىدۇر . ئۇ نوقۇل ھالدا بىراۋنىڭ جىسمانىي قابىلىيەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى ئەمەس بەلكى ، تېخىمۇ مۇھىمى ئەخلاقىي قىممەتنى

يارىتىش ۋە قايتا مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئۇچۇن بەدەل تۆلەشتە باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ياخشىلىق ھەققىدىكى ئارزۇلىرىنىڭ رېئاللىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ .

قەھرىمانلىقنىڭ قارمۇ - قارشى مەنىدىكى سۆزى قورقۇنچ ياكى قورقۇنچاقلىق بولماستىن بەلكى ساتقۇنلۇقتۇر . ئەلۋەتتە ، ئادەتتە كىشىلەر قەھرىمانلىق بىلەن قورقۇنچاقلىقنى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز ۋە ھەرىكەتلەر سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ ، مەسىلەن:
كىشىلەر يۈرەكلىك ، دادىل ، قورقۇمسىز ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان ۋە ھەتتا ئۆلۈمگە يۈزلىنەلەيدىغان كىشىلەرنى قەھرىمان دەپ قارىسا ، يۈرەكسىز ، دىلىغۇل ئۇششاق ھېساباتچى ۋە خەتەردىن قاچىدىغان كىشىلەرنى قورقۇنچاق دەپ تىللايدۇ. پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، قەھرىمانلىق بىلەن قورقۇنچ بىر بىرى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت قۇرغان. خۇددى ھېچقانداق بىر قەھرىمانلىق قورقۇنچتىن مۇتلەق ئايرىلمىغىنىدەك، ھېچقانداق بىر قورقۇنچمۇ قەھرىمانلىقسىز ھالقىش ياسىيالمايدۇ .

قەھرىمانلىق مەيلى قايسى ئۇسۇلدا ئىپادىلەنمىسۇن ، ئۇ مۇنداق بىر تىرەن پىسخىك تەسىرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ. ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئىپتىدائىي قورقۇنچىنى يېڭىش ۋە روھى ئاسايىشلىقا ئېرىشىش . قەھرىمانلىق ھەم تاشقى دۇنيادىن كېلىدىغان ، ھەم كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقتىكى ۋەيران قىلغۇچى كۈچلەردىن كېلىدىغان قورقۇنچنى يېڭىشتىن ئىبارەت ئۆزىنى قوغداش مېخانىزمىدۇر .

ساتقۇنلۇق ( خائىنلىق ، مىللىي مۇناپىقلىق) ھەققىدە ئىلگىرى تەپسىلىي توختىلىپ بولغاچقا ، قايتا توختىلىشنى زۆرۈر تاپمىدۇق.

2 . بىزگە قانداق قەھرىمانلار كېرەك ؟

يۇقىرىقى سوئالغا دۇچ كەلگەنلەر دەماللىققا دەل توغرا ۋە ئۆلچەملىك جاۋاپنى بېرەلمىگەن تەقدىردىمۇ ، ھەر ھالدا ھازىرقىدەك ماماتلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز نومۇسقا پاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بولسىمۇ ھودۇقمايلا: « بىزگە خەلقىمىزنى قۇتقۇزۇپ ، ئۆلارنىڭ خۇدا بەرگەن ۋاز كېچىلمەس ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ، بىزنى تۈگىمەس ئار - نومۇستا قويغان دۈشمەندىن ھېساپ ئالالايدىغان ، ئىپپەت - نومۇسىمىزنى يۇيۇشىمىزغا يول ئاچىدىغان باشلامچى قەھرىمان كېرەك ! » دەپ كېسىپ جاۋاپ بېرەلىشى مۇمكىن . ناۋادا ئۇنچىلىك دەرىجىدە كاللىسى ئىچىلمىغانلار ۋە ھازىرقى ئېغىر كىرىزىسنى تولۇق ھېس قىلمىغانلار بولسا، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىستەك - ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلارنى قەھرىمان دەپ تونۇشى مۇمكىن . ئۇنداقتا بىزگە زادى قانداق قەھرىمانلار كېرەك ؟! يېقىنقى **150** يىلدا ئوتتۇرىغا چىققان جەسۇر قەھرىمانلار بىلەن پەسكەش ساتقۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە نېمە ئۈچۈن كۆپ سانلىق خەلقىمىز

ۋە جاسارەتلىك قەھرىمانلىرىمىز سانى نەچچە ھەسسە ئاز بولغان دۈشمەن ۋە توخۇ يۈرەك ساتقۇنلار تەرىپىدىن ئۇدا مەغلۇپ قىلىندى ؟! بۇنىڭ سىرى نېمە ؟!

يۇقىرىقى سوئاللارغا ئۆلچەملىك جاۋاپ تاپقان كۈنىمىز ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي داۋام قىلىۋاتقان بۇ ئاچچىق رېئاللىقنىڭ تۈپتىن ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگىرىشكە باشلىغان كۈنىمىزدۇر. شۇڭلاشقا بىز **150** يىلدىن بۇيانقى ئوخشاش تەكرارلانغان ھادىسە ۋە شەخسلەرنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتۈش ئارقىلىق ، يۇقىرىقى مۇھىم سوئاللارغا ئۆلچەملىك جاۋاپ تېپىشقا ئۇرۇنۇپ باقىمىز .

## ( 1 ) پاجىئەنىڭ باشلىنىشى - ئىلى تارانچى سۇلتانلىقىنىڭ يۇتۇۋېلىنىشى ۋە قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشى

1864 - يىلى ئۆكتەبىردە سادىر پالۋان قوزغىغان زور قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە مانجۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئىشغالىيەتچى ئاپپاراتى بولغان 102 يىللىق ئىلى گېنىرال مەھكىمىسى بىتچىت بولۇپ ، تايانچ بازىسى كۈرە قەلئەسى 1867 - يىلى خەلقىمىز قولىغا ئۆتتى . بىراق بىر قىسىم كەلگۈندى ئالدامچىلار ۋە تەسلىمچىلەر ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ، قوزغىلاڭنىڭ ئەڭ قابىل يولباشچىلىرىدىن ئەمىر ئابدۇرۇسۇل شاغبەگ، پېشقەدەملەردىن مۇئەززەمخان ھېكىم ۋە باشقا سەركەردىلەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ ، كېيىنكى ئۈچ يىلدىلا ئوندىن ئارتۇق سۇلتان ئالماشتى .

بۇ زور سىياسىي داۋالغۇشنى پۇرسەت بىلگەن چاررۇسىيە تېزلىكتە مانجۇرلار قالدۇرغان زور بوشلۇقنى 1867 - يىلى ئىيۇندا تۈركىستان ھەربىي گوبېرناتورلۇقىنى قۇرۇش ئارقىلىق تولۇقلاپ ، مەركىزىي ئاسىيادىكى ياش ۋە داۋالغۇپ تۇرغان ئىلى سۇلتانلىقىنى خۇددى قوقان ، خىۋە ۋە بۇخارا خانلىقلىرىغا ئوخشاش بېقىندى قىلىۋالماقچى بولدى . چاررۇسىيە دەسلەپتە ئەلاخاننى سىناپ بېقىش ئۈچۈن 1869 - يىلى مايدا مۇز داۋاننى ئىشغال قىلىۋالدى . خەلقىمىزدىن قاقشاتقۇچ زەربە يېگەندىن كېيىن ، بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتتى. 1870 - يىلى يېرىم پادىشاھ كاۋفمان ئەلاخان سۇلتاننىڭ شىۋە خوتۇنى سۇخا ( سارىخان ) نىڭ كاتىپى فۇشەندىن ھەربىي مەخپىيەتلىك تاپشۇرۇۋېلىپ ، مەنچىڭ خانلىقىنىڭ ئىلىنى ۋاكالىتەن بېسىۋېلىشى ھەققىدىكى تەلىپىنى كۆرۈپ يايراپ كەتكەن . تەلىيىگە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ تەۋەسىدىكى قازاق ئالبان قەبىلىسى ئىلى سۇلتانىدىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەن . بۇنى پۇرسەت بىلگەن يەتتە سۇ ھاكىمى گېنىرال كولپاكوۋىسكىي ئەلاخانغا قاتتىق ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ قازاقلارنى تەلەپ قىلغان . ئەلاخان خۇن تۆلەشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئورۇسلار رەت قىلغان . ئاقىۋەت دۇنيادىكى 300 يىللىق قېرى جاھانگىر چاررۇسىيە بىلەن يېڭىلا مۇستەقىل بولغان ئىلى سۇلتانلىقى بىر مەيدان تەڭسىز ئۇرۇشقا كىرگەن . خەلقىمىز ئورۇسلارنى ھەيران قالدۇرۇپ ، ئۇدا ئۈچ قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلغان . سادىر پالۋان بىلەن توقلەك سەردار ساقلاۋاتقان ئالدىنقى سەپلەرنى بۆسۈپ ئۆتەلمىگەن ئورۇسلار تەسلىمچى بېشىر بەگ تەمىنلىگەن ھەربىي مەخپىيەتلىككە ئاساسەن سۇلتاننىڭ كۈچىنى مۆلچەرلەپ ئۇنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلغان ھەمدە 1871 - يىلى ئىيۇلدا غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان .

ئورۇسلارنىڭ بۇنچە ئالدىراپ كېتىشى بىكار ئەمەس ئىدى . چۈنكى شەرق تەرەپتە 1871 - يىلى يانۋاردا تۇرپان بىلەن ئۈرۈمچىدىكى خىتايپەرەس تۇڭگانلارنى تىنجىتىپ غەرىپكە يۈرۈش قىلغان بەدۆلەتنىڭ قوشۇنى ماناسقا يېتىپ كەلگەنىدى . ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن بەكرەك ئەندىككەن ئورۇس گېنىراللىرى بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىلى سۇلتانلىقىنى ئۆزىگە قوشىۋالغان .

تارىم ۋادىسى ، تۇرپان ، بەشبالىق ۋە ماناسنى تىزگىنلىگەن بەدۆلەت چاررۇسىيەنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ بىردىنبىر رەقىبىگە ئايلىنىپ قالغانىدى . چۈنكى قوقان ۋە بۇخارا خانلىقىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئەڭ سەرخىل ئەرباپلار ۋە سىياسەتۋازلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىغانىدى . تېخىمۇ يامان بولغىنى بەدۆلەت چاررۇسىيەنىڭ ئەشەددىي رەقىبى ئوسمانىيە دۆلىتىگە بەيئەت قىلىپلا قالماي ، بۈيۈك بېرىتانىيە بىلەنمۇ يېقىنلىشىپ كەتكەن ئىدى . ئورۇسلار ئۆز ئالدىغا يۇتۇۋالاي دېسە ، ھەم ئەنگلىيەنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە ئىشغال قىلغان قوقان ۋە بۇخارا ئاھالىسىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەيتتى . ئارقا سەپ تەمىناتىمۇ ئۆلچەمگە توشمايتتى. ھالقىلىق پەيتتە ئورۇسلارنىڭ باش ئاغرىقىنى زوزۇڭتاڭ ھەل قىلدى .

زوزۇڭتاڭنىڭ تەلىيى شۇنچىلىك ئوڭ كەلدىكى ، 1877 - يىلى 22 - ئاپرېل قوزغالغان چاررۇسىيە - ئوسمانىلار

ئۇرۇشى ھەم ئەنگلىيە ھەم چاررۇسىيەنىڭ بەدۆلەتتىن ۋاز كېچىشى ۋە دۈشمەنگە ئايلىنىپ قېلىشى بىلەن تۈگەللەندى . بىر يىلدىن بېرى تۈزۈك ئۇرۇش قىلالماي پۇرسەت كۈتكەن زوزۇڭتاڭ ئاخىرى بەدۆلەتكە قول سالدى.
1877 - يىلى 14 - ماي زوزۇڭتاڭ قوشۇنى تۇرپاننى يۇرەكلىك قورشىۋالغان. ئەمما بەدۆلەت نېمە ئۈچۈندۇر ئوغلى ھەققۇلىبەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرىنى تۇرپاندىن قاراشەھەرگە چېكىنىشكە بۇيرىغان . ئۇلارمۇ نائىلاج 30 يىلغا يەتكىدەك ئاشلىق ۋە ئوتۇن - سامانغا ئوت قويۇپ بېرىپ چېكىنگەن . بىراق بەدۆلەتنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ، كورلىغا بارغىلى جۈرئەت قىلالمىغان. بەدۆلەتمۇ تۇيۇقسىزلا 29 - ماي قازا قىلغان . نەتىجىدە 6 - ئىيۇن كورلىدىكى قەشقەرىيە قوشۇنى ھېكىمخان تۆرەمنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن . قەشقەردىكى بەدۆلەتنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ تۆرەمنى ئېتىراپ قىلماي، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان. ئاقىۋەت ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ، ئېغىر چىقىم يەپ، بىر قىسمى ئۆچتۇرپان ئارقىلىق قوقانغا كەتكەن. بۇ چاغدا نىياز ھېكىمبەگمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، خوتەندە مۇستەقىللىق جاكارلىغان. شۇنداق قىلىپ ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئاچچىق ۋە قانلىق سەھىپىلىرى قايتىدىن باشلانغان.

ئەڭ ئاخىرقى تۈركىستان ھەربىي گوبېرناتورى كروپاتكىن « قەشقەرىيە » ناملىق كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى مۇنۇ مەزمۇنلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان : « يېقىندا مەلۇم بولغان ئاخباراتلارغا قارىغاندا ، خىتايلار ئەمدى قەشقەرىيە ئاھالىسىغا يۇمشاق قوللۇق قىلىشنى توختاتقان.بۇنىڭ ئورنىغا ھەددى - ھېساپسىز ئالۋاڭ - ياساق، ھاشار - سەيسە، تۈرلۈك تۈمەن باج ، غەللە - پاراقلارنى خەلققە يۈكلىگەن . ئۆلۈم جازاسى بېرىش يەنە يېڭىۋاشتىن يولغا قويۇلغان. خەلق ئىچىدە خىتايلارغا قارشى نارازىلىق سادالىرى كۈندىن كۈنگە ئۆلغىيىشقا باشلىغان. نۇرغۇن كىشىلەر بەدۆلەت ياقۇپبەگنى قايتىدىن ھەسرەت بىلەن ئەسلىگەن».

( 2 ) پاجىئەنىڭ راۋاجى : تۇنجى مىللىي جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق يىمىرىلىشى

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك مىلادى 1918 - يىلى 30 - ئۆكتەبىر ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئانتانتا دۆلەتلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، مەغلۇپ بولغان ھېساپتا 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن چىقتى. 1919 - يىلدىن باشلاپ، ئۇنىڭ غەربىي ئاسىيا، شىمالى ئافرىقا ۋە بالقاندىكى زېمىنلىرى مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالدى. ھەتتا دۆلەتنىڭ يۈرىكى بولغان ئاناتولىيەمۇ ئەنگلىيە ، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە گېرتسىيىنىڭ ئىشغالىغا دۇچ كەلدى.

1919- يىلى مايدىن 1923 - يىلى سېنتەبىرگە قەدەر مۇستەقىللىق ئۇرۇشى قىلغان تۈركىيە ، ئاخىرى شۇ يىلى 29 - ئۆكتەبىر تۈركىيە نامىدا دۆلەت قۇردى. بۇنىڭدىن چۆچىگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ستالىن بىر كېچىدىلا سىزىپ چىققان يېڭى خەرىتە ئاساسىدا ئەسلىدىكى تۈركىستان ئاپتونۇم جۇمھۇرىيىتىنى بەش ئىتتىپاقداش ئۇششاق جۇمھۇرىيەتكە پارچىلاپ، 1924 - يىلى 5 - ئىيۇل قانۇن چىقىرىپ، « تۈركىستان» نامىنى مەنئىي قىلىپ « ئوتتۇرا ئاسىيا » نامىغا ئۆزگەرتتى. گەرچە ئەنۋەر پاشا 1922 - يىلى ئاۋغۇستا ئېتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ باشلىغان« ئازات تۇران قۇرۇش يولى» دا قولىغا قورال ئالغان « باسمىچىلار » دەپ ئاتالغانمەركىزىي ئاسىيا ئەركىنلىك جەڭچىلىرى، ساق ئون يىل سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىپ، 1932 - يىلى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم قالدۇق قوراللىقلار ئاتۇش ۋە قەشقەر تاغلىرىغا چېكىندى.

ۋەتىنىمىزدە 1931 - يىلى فېۋرالدا قۇمۇلدىن باشلانغان قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە، 1933 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى تولۇق غەلىبە قىلىپ، 1933 - يىلى 12 - نويابىر سابىت داموللامنىڭ دانالىق بىلەن ھەر قايسى قوراللىق گۇرۇھلارنى بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەردە ئوسمان ئىمپېرىيىسى يىقىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى تۈرك ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشى بىلەن تاماملاندى.

هىجرىيە **1352** - يىلى رەجەپنىڭ **24** - كۈنى يەكشەنبە/ **1933** -يىلى **12** - نويابىر قەشقەر شەھىرىدە تۈنجى جۇمھۇرىيىتىمىز بولغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان خوتەن ئەسكەرلىرى،

تۆمۈر سىجاڭدىن قالغان ئەسكەرلەر، سابىت داموللام ئاتۇشتا تەشكىللىگەن يەرلىك ئەسكەرلەر، ئوسمان ئەلىنىڭ قىرغىز قىسمى، سىتىۋالدىجاننىڭ ئۆزبېك قىسمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن پىشقان- تەجرىبىلىك ئەسكەرلەر بولۇپ، يۇسۇپچان قۇربېشى ( تۇمەن بېشى بولغانلارنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى) قورالىق قىسىملارنىڭ قوماندانى ئىدى. **1934** - يىلى يانۋاردا خوجىنىياز ھاجى **1500** سەر خىل ئەسكىرى بىلەن قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئاشتى. بىراق ھىيلىگەر يۇسۇپچان يېڭىشەھەرنى ئېلىش ئۇرۇشى ئاخىرلاشسا، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۇرۇشنى قەستەن كەينىگە سوزۇپ، مەخپىي ھالدا تۇڭگانلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرغانلىقتىن، يېڭىشەھەر ۋاختىدا ئېلىنمىدى.

ئاقىۋەت **1934** - يىلى **6** - فېۋرال ماجۇڭيىڭ يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مافۇيۈەن قىسمى گومىنداڭنىڭ ئىلغار قورالىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلغان . سابىت داموللام ھۆكۈمەتنى يېڭىسارغا كۆچۈرۈپ كەتكەن . ئەتىسى يۇسۇپچانغا قاراشلىق قوچقارباي قاتارلىقلار تۇڭگانلارنىڭ ئاتۇشقا بۆلاڭچىلىققا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يېرىم كۈن قەشقەرنى ئىگىلەيدۇ. بىراق تېزلا قايتىپ كەلگەن تۇڭگانلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۈچ كۈن « باندىت تازىلاش » نامىدا قەتلىئام پەيدا قىلىپ، **10**مىڭدىن ئوشۇق شەھەر ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ. ھەتتا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىنىڭ خوتۇنى ماكارتېنى خانىممۇ ئېغىر يارىلىنىدۇ.

يېڭىساردا بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان سابىت داموللام ئەدلىيە مىنىستىرى زېرىپ قاراجىم بىلەن كېڭىشىپ، ۋەقەگە سەۋەپچى بولغان يۇسۇپچاننى چاقىرتىدۇ. يۇسۇپچان تولۇق تەييارلىق بىلەن دامولامنىڭ ئەيىپلىشىنى جىمجىت قوبۇل قىلىدۇ. ئاخىرىدا دامولام تاھارەت ئېلىش باھانىسىدا ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئارقىدىنلا بىر خوتەنلىك ئەمىر قورالىنى بەتلەپ ھۇجرىغا كىرىپ،« قولۇڭنى كۆتۈر!» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. لېكىن ئالدىبۇرۇن قورالىنى تەييار قىلىپ تۇرغان يۇسۇپچان ئاۋۋال ئوق چىقىرىپ، ئەمىرنى ئېتىۋېتىپ، دەھلىزنى چىقىپ قېچىپ، يېڭىسار سېپىلىگە چىقىپ ئەسكەرلىرىنى توپلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنى قورالسىزلاندۇرۇش مەغلۇپ بولىدۇ. بىراق سابىت دامولام ئۇنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن يەنە بىر قۇر بېشى سىتىۋالدىجانغا بۇيرۇق بېرىدۇ.

دەل شۇ پەيتلەردە تۇڭگانلار يېڭىسارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىدۇ. يۇسۇپچان ئۆز قوشۇنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، « ئاشلىق ئەكىلىش» باھانىسى بىلەن يېڭىساردىن چىقىپ كېتىدۇ. يولدا تۇڭگانلاردىن ئېغىر زەربە يەپ، شۇ باھانىدە تاشمىلىققا قېچىپ كېتىدۇ.

**1934** - يىلى مارتتىن باشلاپ تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمى كۈچىيىپ كەتكەچكە، سابىت دامولام پايتەختنى يەكەنگە كۆچۈرىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى دامولامنى مۇھاپىزە قىلىپ ئاپىرىپ قويۇپ، يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ، ئاكا - ئۇكا ئەمىرلەرنى يەكەنگە چېكىنىشكە دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى ئوق - دورىلار تۈگىگەن، خوتەن ئەسكەرلىرى بولسا، ئاساسلىقى چوماق، قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن قوراللانغانىدى. بىراق تۇڭگانلارنىڭ قولىدا گومىنداڭنىڭ ئىلغار قوراللىرى، قەشقەردىكى مادوتەيدىن قالغان زاپاس قوراللىرى بار ئىدى. كۈچ پەرقى زور بولغاچقا ئۇزاققىچە بەرداشلىق بەرگىلى بولمايتتى. ئەمما مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىلىرى ئاداققىچە

يېڭىسار سېپىلى بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رەت قىلدى. نەتىجىدە  مامۇت سىجاڭ يەكەنگە چېكىنىدى. 26 - مارت ئەمىرلەر قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇۋاتقاندا، تۇڭگانلار يېڭىسار سېپىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئاقىۋەت قۇربان ھېيت كۈنى يېڭىسار خوتەنلىك شېھىتلەرنىڭ قانلىرى بىلەن بويالدى. بارلىق قوشۇن شېھىت بولدى.
ستالىنىنىڭ قاتمۇ - قات بېسىمى ، بىر تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجىنى شىڭ شىسەيغە بىلەن قايتا بىرلىشىشكە قىستىشى، يەنە بىر تەرەپتىن تۇڭگانلارنى جۇمھۇرىيەت قوشۇنلىرى ۋە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈتىشى نەتىجىسىدە، ئىنقىلاپ رەھبەرلىرى ئارىسىغا دەز كەتتى.

ئاپرېلدا خوجىنىياز ھاجى يەكەنگە كېلىپ، سوۋېت تەرەپ بىلەن تۈزگەن 12 ماددىلىق كېلىشىمنى يەنە مۇنازىرە قىلدى. ( تۈنجى قېتىملىق مۇنازىرە بىر ئاي بۇرۇن يېڭىساردا بولغان ) . نەتىجىدە بۇ كېلىشىم رەت قىلىنىپ، خوجىنىياز ھاجى يا ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش، يا كېلىشىمنى بىكار قىلىش، ياكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى بىكار قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تاللاش ئارىسىدا قالدى.

گەرچە ئىنىلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تېزدىن يەكەنگە كەلگەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كۆپ كۈچىگەن بولسىمۇ، بىراق ھالاكەتلىك ئاچچىق تەقدىرنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى. خوجىنىياز ھاجىنى تېنچ ھالدا قورالسىزلاندۇرۇپ، بارلىق قوشۇنىنى يېڭىساردىن كېلىدىغان تۇڭگانلارغا قارشى قايتا تەشكىللەش پىكرى رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى ئۆز قوشۇنلىرى جايلاشقان گازارمىغا چېقىپ كەتتى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن مۇھەممەد بۇغرا سابىت داموللامنى بىللە خوتەنگە قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. بىراق داموللام يەنە رەت قىلدى. داموللام ئاخىرىغىچە جۇمھۇرىيەت بىلەن بىللە بولۇشنى تاللىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، 1934 - يىلى 13- ئاپرېل جۈمە سابىت داموللام باشلىق غوللۇق جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى تۇتقۇن قىلىندى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ چاغدا قاغىلىققا چېكىنىپ كەتكەنىدى. يەكەندىكى بۇ جىددىي ئۆزگىرىشلەر دەرھال تۇڭگانلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن يەكەندە يېگانە ھالدا قالغان خوجىنىياز ھاجى تەڭ كېلەلمەسلىكىنى پەملەپ، يەكەندىن مارالبېشىغا قاراپ قاچتى.

ئەمما تۇڭگانلار يېرىم يولدا يېتىشىۋېلىپ، قورال - ياراق ۋە تۆگىلەرنى بۇلىۋالدى. بۇنىڭدىن تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلغان مامۇت سىجاڭ قورال - ياراقلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ھاجىنى ئاقسۇغا يولغا سېلىۋېتىپ، مەخپىي ھالدا تۇڭگانلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى. دەرۋەقە ئۇلار بىر كەنتتە ئارام ئېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بارلىق نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇندىن باشقا خېلى قوراللار ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئولجا ئالدى. تۇڭگانلار يەكەنگە قېچىپ كەتتى.
يۇقىرىقى قالايمىقانچىلىقتا سابىت داموللام، زېرىف قاراجىم ۋە سۇلتانبەگلەر پۈت - قولىدا تاقاق بولغانلىقتىن، يېقىن ئەتراپتىكى يۇلغۇنلۇقتا پاناھلانغان ئىدى. خوجىنىياز ھاجى  ئۇلارنى تاپالماي، تۇڭگانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن ئوخشايدۇ دەپ ئاقسۇغا قاراپ كېتىۋەردى. بىر مەكتىلىك ئۇۋچى كىشى داموللاملارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ، كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلىدى.

ئەتىسى جۈمە كۈنى بولغاچقا، سابىت داموللام ئاخىرقى جۈمەنى مۇشۇ كەنتتە ئوقۇماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ جۈمە ئوقۇلۇپ باقمىغان خىلۋەت كەنتتە تۈنجى قېتىم تارىخىي خارەكتېرلىق جۈمە نامىزى ئوقۇلدى. بۇ دەل 1353 - يىلى مۇھەررەمنىڭ 7 - كۈنى / 1934 - يىلى 20 - ئاپرېل ئىدى. ئاۋام تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈردى. ناتونۇش مېھمانلارنى تونۇمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەسلىكىنى

ھېس قىلىشتى. جۇمەدىن كېيىن سابىت داموللام جامائەت بىلەن بىرمۇ - بىر ۋىدالاشقاندىن كېيىن، قايتا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ مۇنداق دېدى :

« ھاجىمنىڭ بويىنى ستالىنىنىڭ قولىدا باغلاقتا، ئەگەر بىز جېنىمىزنى ئېلىپ قاچساق، ھاجىمنىڭ كاللىسى كېتىدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن ھاجىم كۆپنى كۆرگەن. ئەمەلىي ئۆرۈش تەجرىبىسى بار. ھايات قالسا ھامان قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەل - يۇرتقا ئىگە چىقالايدۇ. ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمايمىز. شۇڭلاشقا مەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ، ئۆزۈمنى قۇربان قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ساقلاپ قالماقچى. سىلەر قانداق قىلىسىلەر !؟ دەپ سوئال تاشلىغان. زېرىق قاراجىم قوشۇلۇپ، بىللە بارىدىغان بولغان. سۇلتانبەگ م . بۇغرا ھەزرىتىم بىلەن جەم بولۇپ، نېمە قىلىشنى قارار قىلاي دەپ خوشلاشقان. ئۇۋچى سابىت داموللامنى خوتەنگە سالامەت يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق داموللام قارارىدىن يانمىغان. ئاخىرىدا ئۇۋچى كىشى ئىككى ئېشەك تېپىپ، داموللامنى ساق - سالامەت ئاقسۇدىكى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئۈچۈن يول باشلاپ ماڭغان.

1934 - يىلى 27 - ئاپرېل جۇمە سابىت داموللامالار خوجىنىياز ھاجىغا يېتىشىۋالغان.

ھاجىم ئۇلارنى قۇرۇق ئېلىپ كەلگەن قەپەسلىك ھارۋىغا سېلىپ، پۇت قولىنى - كىشەنلەپ يولنى داۋام قىلغان. ستالىنىنىڭ كۆچلۈك بېسىمى، شېڭ شىسەينىڭ ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئارىسىغا سالغان زىددىيىتى نەتىجىسىدە، بەش ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 1 - جۇمھۇرىيىتىمىز ستالىنىنىڭ ئەپچىللىك بىلەن تۈزگەن پىلانى بويىچە، رەئىس جۇمھۇرنىڭ بۇيرىقى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ئىجرا قىلىشى بىلەن مۇنقەرز قىلىنغان. « ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش » دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك !

تارىخقا پۈتۈلگەن بۇ ئۇچۇرلار ئۇيغۇرلارنى شۇ دەرىجىدە ئۇمۇتسىز ۋە چۈشكۈنلۈك يولىغا باشلىدىكى ، خەلقىمىز بۇ مۇرەككەپ ۋە جىددىي دەۋردىكى ئۇلۇغ قەھرىمانلار بىلەن پەس ساتقۇنلارنى ئاڭقىرىشتا قىينىلىپ قالدى. كېيىنچە دۈمەن تېخىمۇ سۈنى لېيىتىپ ، ئۇلار ھەققىدە ساناقسىز يالغان ۋە ساختا تارىخىي ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئۆلگىلىك سالاھىيىتىنى بۇلغىۋەتتى . بۇنىڭ تەسىرى يېقىنقى ئۈچ يىلدا مۇھاجىرەتتىكى ئاۋام ئارىسىدا كۆرۈلمەكتە . يېقىنقى يۈز يىللىق ئۇيغۇر تارىخى ئۇلارغا خۇددى « خائىنلار ۋە ساتقۇنلار تارىخى » دەك تۇيۇلماقتا. نەتىجىدە ئۇلارغا قالايمىقان باھا بېرىپ ، بۇگۈنكى بارچە بالا - قازانى ئۇلارغا ئارتىپ قويۇپ ، ئۆزلىرىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرماقتا .

ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئۇجۇقتۇرۇلۇش جەريانى تېخىمۇ ئېچىشىنلىق بولۇپ ، خەلقىمىز چۈشكۈنلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ يەردە پەقەت ئىلى سۇلتانلىقى بىلەن قەشقەرىيە دۆلىتى ۋە بىرىنچى جۇمھۇرىيەت بىلەن خوتەن ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىش جەريانىلا قىسقا مىسال كەلتۈرۈلدى . مۇشۇ تۆت دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، ئاندىن قىسقا مۇددەتتىلا يىمىرىلىپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولغان ئىچكى ئامىللارغا ، بولۇپمۇ بارلىق تارىخىي شەخسلەرگە ياخشى نەزەر سالغاندىلا « بىزگە قانداق قەھرىمانلار كېرەك ؟ » دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى ئاپتوماتىك چىقىدۇ . شۇڭا بىز بۇ خۇلاسىنى ۋە ئۇلچەملىك جاۋابنى ئەقىللىق خەلقىمىزگە قالدۇردۇق.

**3. ئۇيغۇرلاردىكى ئورنىنى خاتا تېپىپ قالغان ۋە تېگىشلىك ئورنىدىن چوڭقىيىپ كەتكەن بەزى « قەھرىمانلار » ئاسانلا خاتالىشىپ قالغان**

بەدۆلەتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا بىر مەھەل مەركىزىي ئاسىيادا دەۋران سۈرۈپ ، ئەينى چاغدىكى كۈچلۈك ئەللەردىن بۈيۈك بېرىتانىيە ۋە چاررۇسىيە ، كونا ئىمپېرىيەلەردىن شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى مەنچىڭ

خانلىقى بىلەن غەرپنىڭ كېسەل كۆرپىسى ئوسمانىيە دۆلىتى ئارىسىدا ئۇتتۇقلۇق دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارالىغان دۆلىتىمىزنىڭ تېز سۈرئەتتە يىمىرىلىشى چارروسىيەنى قانداق ھەيران قالدۇرغان بولسا ، ئېنگلىزلارنىمۇ شۇنداق ھەيران قالدۇرغان . ھەتتا زوزۇڭتاڭ ئۇرۇش باشلاشتىن بىر يىل بۇرۇن كورلىغىچە بېرىپ ، بەدۆلەت بىلەن كۆرۈشكەن كوروپاتكىنمۇ « قەشقەرىيە » ناملىق كىتابىدا بۇ ھەيرانلىقنى ئوچۇق بايان قىلغان . ئۇنداقتا بەدۆلەت ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا قەشقەرىيە دۆلىتىنى نېمىشقا شۇنچە ئىتتىك يىمىرىلىپ كەتكەن ؟!

ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخنىڭ تىرىك شاھىتى موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايان قىلىشىچە ، بەدۆلەت **1877** - يىلى **28** - ماي چۈشتىن كېيىنلا بىتاپ بوپقېلىپ ، تۇيۇقسىز قازا قىلغاندىن كېيىن ، بۇ ۋەقەدە نەخ مەيداندا بار بولغان خوتەن ھاكىمى نىياز ھېكىمبەگ دەرھال بەدۆلەتنىڭ كىچىك ئوغلىغا كۆرسەتمە بېرىپ ، مېيىتنى كېچىلەپ قەشقەرگە ئاپىرىش تەكلىپىنى بەرگەندىن سىرت ، قەشقەردىكى بەدۆلەتنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگكە خەت يېزىپ ، ھەققۇلىبەگنىڭ تەخت تالىشىش ئويى بارلىقىدىن مەخپىي شەپە بەرگەن . ئارقىدىنلا ئۆزى چاققانلىق بىلەن تارىمنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە كېتىپ قالغان. كورلىدىكى غول قوشۇن بۇ ئىشلارنى ئاڭقىرىپ بولالماي ، قاراشەھەردىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق قوماندان ھېكىمخان تۆرىنى چاقىرىپ كېلىپ ، بىر ھەپتىلىك كېڭەش ئارقىلىق ، **6** - ئىيۇن ئۇنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ تەختكە چىقارغان . ھېكىمخان تۆرە كىچىك خانزادىنىڭ ئاللىبۇرۇن دادىسىنىڭ مېيىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن ئىشىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ ، تۇرپان ۋە توقسۇننى تارتىۋېلىپ ، قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان زوزۇڭتاڭنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىش ياكى قەشقەردىكى چوڭ خانزادە بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاش ئارىسىدا قالغان . ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان ، تارىم ۋادىسىنى ئۇنداق ئاسان ئىشغال قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن قۇۋ زوزۇڭتاڭ ئىككى يولۋاسنىڭ ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ ھالسىزلىنىشىنى كۈتۈشنى توغرا تېپىپ ، بارلىق قوشۇنلىرىنى توقسۇندا ئارام ئالدۇرۇپ ، ئىككى يولۋاس ئۇرۇش قىلىپ ئاجىزلاشقاندا ئاندىن بىراقلا يوقىتىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتكەن .

قەشقەردىكى بەگقۇلىبەگ يېقىن ئەمەلدارى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى تۈپەيلى ، قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىنىسىنى سوراقلاپ باقمايلا يول ئۈستىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ ، ئاندىن دادىسىنى ۋەسىيىتى بويىچە ئافاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى ئەمىر دەپ جاكارلاپ ، ھېكىمخان تۆرىنى ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان . ئەمما ياشتا ھەم ئىناۋەتتە يېتۈك بولغان ، ھەم ئەلەم ماھارىتى ھەم قەلەم ماھارىتى يۇقىرى بولغان قېرى تۆرەم ئەتراپىدىكى چاپارمەنلىرىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بويىچە تاجاۋۇزچى زوزۇڭتاڭغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئەمەس ، بەلكى تەخت تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇش قىلىش يولىنى تۇتقان . ئاقىۋەت زوزۇڭتاڭ قاتتىق ئارزۇ قىلغان ئۇرۇش يۈز بەرگەن . ھېكىمخان تۆرە كورلىدىن غەرپكە يۈرۈش قىلغان . بەگقۇلىبەگمۇ قەشقەردىن جازا يۈرۈشى قىلىپ ، ئاقسۇدا قارشى تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئېغىر چىقىم تارتىش بەدىلىگە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان . ھېكىمخان تۆرە يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ ، قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ ، ئۇچتۇرپاننىڭ بەدەل داۋىنى ئارقىلىق چارروسىيە ئىشغالىيىتىدىكى قوقانغا قېچىپ كەتكەن . بەگقۇلىبەگ **13** - ئاۋغۇست ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ قايتا تەرتىپ ئورناتقان.ئاندىن 5 - سېنتەبىر ئىسيان كۆتۈرگەن خوتەن ھاكىمى نىياز ھېكىمبەگنى باستۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە قايتقان . پۇرسەت كەلگەنلىكىنى پەملىگەن زوزۇڭتاڭ قوشۇنى 7 - ئۆكتەبىر تارىمنىڭ دەرۋازىسى قارا شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەن.

خوتەن تەرەپتە ئەھۋال تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، نىياز ھېكىمبەگ خوتەنگە قايتىپ كېلىپلا ئەينى چاغدا بەدۆلەت ئۇنى نازارەت قىلىشقا قويۇپ قويغان موللاجى تۇراپ ( بەدۆلەتنىڭ ئۇستا دىپلوماتى ۋە ئەمىر لەشكىرى بولۇپ ، **1876** - يىلى چارپادىشاھ بىلەن ئالېكساندىر بىلەن پېتىربۇرگدا كۆرۈشۈپ ، قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان)

ۋە قوقانلىق ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ، بەگقۇلىبەگ ھېكىمخان تۆرە بىلەن ئۇرۇش باشلىشى بىلەنلا مۇستەقىللىق جاكارلىغان . بىراق ئۇرۇشتا ئويلىمىغان يەردىن ھېكىمخان تۆرە مەغلۇپ بولۇپ قوقانغا قاچقاندىن كېيىن كېيىنكى نىشان نىياز ھېكىمبەگ بوپقالغان . نىياز ھېكىمبەگ ئۆكسى ئىمىنبەگنى خوتەن - قەشقەر پاسىلىغا ئەۋەتىپ ، ئۇرۇشۇپ كۆرگەن . بىراق 20 - ئۆكتەبىر « زاۋا » سايلىقىدا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ، ئۆكىسىنى خوتەن شەھىرىدە مۇداپىئەدە قالدۇرۇپ ، ئۆزى 300 نەپەر ئەك سەرخىل ئاتلىق قىسىم بىلەن چەرچەن ۋە چاقىلىققا قېچىپ كەتكەن . بەگقۇلىبەگ 21 - ئۆكتەبىر خوتەن شەھىرىگە كىرىپ ، خوتەن ۋىلايىتىنى قايتىدىن تىنجىتىپ ، ئەك سەر خىل قوشۇنلىرىدىن تاللاپ تۇرغۇزۇپ ، قەشقەرگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ، يول ئۈستىدە زوزۇڭتاڭنىڭ ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ ، قەشقەرگە چىشىنى بىلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان . ئۇ قەشقەرگە كەلگەندە بەدۆلەت ۋاختىدا مۇسۇلمان بولۇپ جېنىنى ساقلاپ قالغان ختاي چېرىكلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ يېڭىشەھەر قەلئەسىنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان . بىراق ئۇ قەلئەنى ئېلىش بىلەن بەنت بولۇۋاتقاندا زوزۇڭتاڭ قوشۇنى قەشقەرگە يېقىنلاپ قالغانىدى . بەگقۇلىبەگ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ختايلارغا قارشى ئاداققىچە جەڭ قىلىش ياكى قوقانغا قېچىپ كېتىشنى مۇنازىرە قىلغان . بىر قىسىم تەييارتاپ ۋە جانباقتى قوقانلىق ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار زوزۇڭتاڭنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ، ئۆزلىرىنىڭ ھالسىراپ كەتكىنىنى پەش قىلىپ ، قېچىشنى تەشەببۇس قىلغان . يەنە بىر قىسىم ۋىجدانلىق مۆتىۋەرلەر قىيىن چاغدا بېشىنى سىلىغان ۋە سىغدۇرغان ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ھالاۋەتتە بىللە بولغاندەك جاپادىمۇ بىللە بولۇشنى تالىلىۋالغان . ئەمىر بەگقۇلىبەگ 17 - نويابىر ختايلار بىلەن پەيزىۋاتتا ئۇرۇشۇپ كۆرگەن . بىراق ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ چېكىنىپ كەتكەن . 17 - دېكابىر ختايلار قەشقەرگە ئاخىرقى ھۇجۇمنى قوزغىغان . بەگقۇلىبەگ قىرغىن قىلىنىشتىن قورققان ئاۋامنى باشلاپ قەشقەرنى تاشلاپ، قوقانغا قېچىپ كەتكەن . غورۇرلۇق ئەزىمەتلەر قەشقەردىن خوتەنگە چېكىنىپ ، ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان . ختايلار 24 - دېكابىر يېڭىسارنى ، 28 - دېكابىر يەكەننى ئىشغال قىلغان . بەگقۇلىبەگ تۇغۇلغان يېرى پىسكەنتكە كەتكەن . تۇڭگان بەييەنخۇمۇ نارىن كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ قوقانغا ئۆتۈپ كەتكەن .

موللا مۇسا سايرامىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 1878 - يىلى يانۋاردا خوتەندىكى ئەك ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا بەدۆلەتنىڭ چوڭ پېشقەدەم سەركەردىلىرىدىن 90 دىن ئوشۇق قوماندان شېھىت بولغان . ئۇلار بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلغان تۇمەنلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قانلىرى خوتەنگە تۆكۈلۈپ « شەھىدانە خوتەن » دېگەن نامنى يەنە بىر قېتىم يېڭىلىغان . بۇ قېتىم قەشقەر ۋە خوتەندە 7450 ئادەم تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ ، 1166 كىشىنى بەدۆلەتكە ئەسكەر بولغان دېگەن باھانە بىلەن قىرىپ تاشلاپ ، قوقانلىقلارنى قوغلاپ چىقارغان .

مەيلى ئىلى سۇلتانلىقى بولسۇن ، مەيلى قەشقەرىيە دۆلىتى بولسۇن ، ياكى ئۇندىن بۇرۇنقى خوتەن - كۇچار خانلىقلىرى بولسۇن، ۋە ياكى تۇنجى جۇمھۇرىيىتىمىز ۋە خوتەن ھاكىمىيىتى بولسۇن، ئوخشاشلا تېگىشلىك ئورنىدىن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن دىني ياكى سىياسىي يولباشچىلارنىڭ ئۆز قوللىرىدا يىمىرىلىپ غۇلاپ چۈشكەن. چۈنكى ئىچكى ئامىل ھەر ۋاقىت تاشقى ئامىلدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ .

## 4 . تېگىشلىك ئورنىدىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن ۋە ئەك ئەشەددىي دۈشمىنى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن خوجىنىياز ھاجى

بىز ئۆتكەن ئەسىردە شۇنچىلىك ئاكىسراپ يۈرۈپ ، تۇڭگان مادوتەي بىلەن ماتىتەيگە مۇسۇلمان پادىشاھ دەپ تولۇق بويسۇندۇق . ئەمما ئۇنىڭ ئۈستىدە ختاي ياك زېڭشىك بار ئىدى . 19 - ئەسىردە بولسا خوجا ۋەلىخان تۆرە قەشقەردە خەلقىمىزنىڭ بېشىدا كاللا مۇنارى ياسىسا ، يەنە مەيلى دېدۇق . ئۇ مانجۇرلار كەلگەندە قوقانغا قېچىپ كەتتى . ئەمما كەلگۈلۈك يەنىلا خەلقىمىزگە كەلدى . بىزنىڭ 1830 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە بولغان تارىخىمىز ۋە مىللىي پىسخىكىمىزدىكى « يىراقتىكى موللام چوڭ موللام

يېقىندىكى موللام يوق موللام » دەيدىغان ئاكىسىراش خاھىشىنى ياخشى چۈشەنگەن ياك زېڭشىن تۆمۈر خەلىپىنى يوقاتقان تاكتىكىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، خەلقىمىزنىڭ ساددا ۋە تۈز دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىپ ، ئىككى ما فامىلىلىك تۇڭگان بىلەنلا بىزنى 17 يىل قويدەك ئىدارە قىلالىدى .

زوزۇڭتاڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك 50 يىللىق ئاتالمىش جىمجىتلىق 33 يىلغا بارمايلا يوق بولدى . گەرچە 1907 - يىلى تورپاق يېغىلىقى باستۇرۇلغان بولسىمۇ ، بىراق 1912 - يىلى فېۋرالدا قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ ، ئۈرۈمچىدىكى ئاخىرقى مەنچىڭ ئەمەلدارى يۈەن داخۇا مەغلۇپ بولۇپ ، بەدەر خىتايغا تىكىۋەتكەن . ئورنىغا گېنېرال بولغان ياڭ زېڭشىن دەرھال تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىسى بولغان ساددىلىقى ۋە ئىخلاسمەن - سەمىمىي مۇسۇلمانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى تۇڭگان لى شۇفۇنىڭ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشى بىلەن ئاسانلا قىلتاققا چۈشۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپلا ، 1913 - يىلى سېنتەبىردە ئۆلتۈردى . ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ يۇرتىغا قايتىش يولىدا يولدىكى بۆكتۈرمىدە تۇرغان دۈشمەن تەرىپىدىن قىرىپ تاشلاندى .

ئاۋام قەھرىمان دەپ تونۇغان تۆمۈر خەلىپە پەقەت زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈنلا كۈرەش قىلغاندىن سىرت ، ئېنىق نىشانى ۋە تەلتۆكۈس مۇستەقىللىق ئىدىيىسى ۋە پىلانى پەقەتلا يوق بولغاچقا، ھاكىمىيەتنىڭ زادى كىمنىڭ قولىدا بولۇشى بىلەن ئانچە ھېساپلىشىپ ئولتۇرمىغان . ئۇندىن سىرت دىنىي ئېتىقادىغا بولغان چەكسىز ساداقىتى سەۋەپلىك مۇسۇلمانلىق تونىغا ئورۇنىۋالغان دۈشمەننى دوست دەپ قاراپ قېلىپ ، ئۆزىنىمۇ ، قوشۇنلىرىنىمۇ ھالاك قىلغان . ئەينى چاغدا ئاشۇ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىش سورۇنىدىن غەزەپ بىلەن قايتىپ كەتكەن خوجىنىياز ھاجىمۇ ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندە ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلاپ قويغان. ھاجىمنىڭ ساددا ، تۈز ۋە كاج مىجەزى بىلەن باندىت ماجۇڭيىڭنىڭ قۇۋ ، نەيرەڭۋاز ۋە ئۆزگىرىشچان مىجەزى پەقەت كېلىشەلمىگەن . شۇڭا ئۇنىڭ ھېلىقى جىمىسار ۋەقەسى سەۋەپلىك ماجۇڭيىڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ ، شېڭ شىسەي بىلەن 1933 - يىلى 4 - ئىيۇن جىمىسار پۈتۈمى تۈزۈشى ، تۇڭگانلارنىڭ نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىغا ھاجىم ھەققىدە « مۇسۇلمانغا دۈشمەن بولۇپ، كاپىر شېڭ شىسەينىڭ دوستى بولدى » دەپ دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە تۇرپان - قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدىن ساناقسىز ياشلار ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەن . ماجۇڭيىڭنى ئۆزى چاقىرىپ چىقىپ سەمرىتىپ قويۇپ ، ئاندىن ئەپلەپ پايدىلىنالمىغان ۋە تىزگىنلىيەلمىگەن ئۇيغۇرلار ھەر تەرەپتىن تالاپەت تارتقان . يامان يېرى بۇ تۇڭگانلاردىن ستالىن پايدىلىنىپ ، قەشقەردىكى جۇمھۇرىيەتنى يىغىشتۇرغان . كېيىنچە ستالىن ئۇلارنى يەنىمۇ تىزگىنلەپ ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى چوڭلۇقىدىكى خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى تەۋەسىنى ئۇلارغا ئۈچ يىل تاشلاپ بېرىپ ، ئەڭ سەرخىل ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى يوقاتقاندىن سىرت ، كەلگۈسىدە ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە ئوقۇغان شېڭ شىسەي ۋاپاسىزلىق قىلسا قارشى ئۇرۇشقا سېلىش ئۈچۈن ساقلاپ قالغان . بۇ جەرياندا ئۇيغۇر خەلقى قەھرىمانىمىز ۋە يولباشچىمىز دەپ قارىغان مۆتىۋەرلەرنىڭ بەزىلىرى ھەقىقىي ئورنىنى زادىلا تاپالمىغان ، بەزىلىرى تېگىشلىك ئورنىدىن خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىلگەن بولغاچقا ، تۈنجى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغان . مانا شۇ چاغدىلا 1924 - يىلى قەستلەپ يوقىتىلغان ئابدۇقادىر داموللام يەنە ئون يىل ياشاپ قالسىچۇ دەپ ئۇھسىنىپ كېتىمىز . 300 يىللاپ جاھالەتكە پاتقان ئۇيغۇر خەلقىنى قايتىدىن تارىختىكى سەلتەنەتلىك دەۋرلىرىگە قايتۇرۇشتىن ئىبارەت زور نىشانى ئۈچۈن بەل باغلىغان داموللام ئەمدىلا خەلقنى قايتا ئويغىتىش باسقۇچىنى تاماملاپ ، قارشىلىق باسقۇچىغا كەلگەن ھامان بارلىق دۈشمەنلەر بىرلىشىپلا يوق قىلىشتى .

1999-يىلى 8-ئايدا قومۇل شەھرىنىڭ شەرقى ئۆستەڭ رايونى يۇقىرى ئاقيەر كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادىيۇتانت (فۇگۈەن-副官) تى يۇنۇس موللام (1890-1949) نىڭ قىزى رازىخان (ئايخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، 2004-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى ‹چارشەنبە› 82 يېشىدا يۇقىرى ئاقيەر كەنتىدە ۋاپات بولغان) ئانا بىلەن

**سۆھبەتلەشكەن ئابلىمىت ئابدۇللاغا رازىخان ئانا مۇنداق دېگەن ئىكەن :«دادام شىنىڭ شىسەي تۇرمىسىدىن چىقىپ قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غولئېرىق مەھەللىدىكى جامائەتلەر ھەر ئاخشىمى خۇپتەن نامازدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە يىغىلىپ دادام بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. مەن ئوچاقتا ئوت قالاپ ئولتۇرۇپ دادامنىڭ جامائەتكە قىلغان گەپ-سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتىم. بىر ئاخشىمى دادام جامائەتكە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، بىر كۈنى قومۇلدىكى يولۋاستىن بىر پارچە خەت چىققانلىقىنى، خەتنى ھاجىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى، يولۋاس خېتىدە ھاجىنى ئۈرۈمچىدە تۇرماستىن قەشقەرگە بېرىپ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىللە تۇرۇشنى، ئۇ يەردە تۆت پولك ئەسكەرنىڭ بارلىقىنى ياكى بولمىسا قومۇلغا قايتىپ كېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشنى قومۇلدا ئۆزىنىڭ قولىدا بىر پولك ئەسكەر بارلىقىنى، يامان كۈندە ئەسكەرنىڭ ئاسقاتىدىغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدە ‹ئەسكىرى يوق قوماندان› بولماسلىقىنى، ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرىۋەرسە ئاقىۋەت ياخشى بولمايدىغانلىقى...قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلغان ئىكەن. ھاجى خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يولۋاسنى ئەيىپلەپ، ‹قورقۇنچاق توخۇ يۈرەك تاز، ئۇنىڭ يۈرىكى تېخى جايىدا ئەمەسكەن. مېنى نەچچە يۈز رۇس سالداتلىرى قوغداۋاتسا ماڭا چېقىلىدىغان كىمكەن، يۇنۇس موللام بۇ خەتنى شىڭ دۇبەنگە تاپشۇرۇپ بېرىڭىزلەر› دەپتۇ. دادام: ‹ھاجى ئاكا خەت يېنىمىزدا قالسا بولمامدۇ› دېگەن ئىكەن، ھاجى ‹گەپنى ئاز قىلىڭ ، بىز شىڭ دۇبەن بىلەن ئىتتىپاق تۇزدۇق، شۇڭا ئۇنىڭدىن سىر تۇتساق بولمايدۇ› دەپ يولۋاستىن كەلگەن خەتنى شىڭ شىسەيگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. كېيىن يولۋاستىن 2-قېتىم خەت چىقىپتۇ، دادام خەتنى يەنە ھاجىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ‹ھاجى ئاكا يولۋاس بىگىمدىن يەنە خەت چىقىپتۇ› دېگەندىن كېيىن ھاجى ‹ئوقۇڭ› دەپتۇ. دادام كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇپتۇ. يولۋاس بۇ قېتىمقى خېتىدە ھاجىغا ئاچچىقلاپ ۋە تىللاپ:‹تاغچى! ھەي تاغچى! ئەقلى كەينىگە ئۆتۈپ قالغان تاغچى! مەن ساڭا ئاغرىنىپ، يامان كۈندە قالمىسۇن، ھاياتىڭغا خەۋپ يەتمىسۇن دەپ يازغان خەتنى شىڭ دۇبەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپسەن (يۇنۇس موللامنىڭ پەرزەنتلىرىگە دەپ بېرىشىچە يولۋاسنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشەنچلىك ئادىمى بار بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئىشلاردىن دەل ۋاقتىدا توغرا خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن). شىڭ دۇبەن سېنىڭ داداڭمىدى؟ سەن يەنە مېنى قورقۇنچاق توخۇ يۈرەك دەپ ئەيىپلەپسەن. مەن توخۇ يۈرەك قورقۇنچاقمۇ ياكى سەن قەھرىمان-باتۇرمۇ كېيىن كۆرەرمىز. ساڭا نەسىھەت قىلغان ئاغزىمنى تامغا سۈركىسەمچۇ! خەت يازغان قولۇمنى چېقىۋەتسەمچۇ! بۇ قېتىمقى خەتنىمۇ شىڭ دۇبەنگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭ بولىدۇ. ئەمدى مېنىڭ سەن بىلەن كارىم يوق. بۇندىن كېيىنكى ئىشلارغا مەن جاۋابكار ئەمەس. مەن ئۆزەمنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ بولدۇم. مېڭىۋاتقان يولۇڭ توغرا بولسا راھىتىنى كۆرەرسەن. خاتا بولسا دەردىنى تارتارسەن. خەيرى-خوش ھاجى سېنى خۇداغا ئامانەت› دەپ خەتنى ئاخىرلاشتۇرغان ئىكەن. دادام خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ‹ھاجى ئاكا ئۆتكەندە يولۋاس بىگىمدىن چىققان خەتنى ئۆزىمىزلا بىلىپ قالايلى دېسەم، ئۇنىمىدىڭىز. بۇ قېتىم يولۋاس بىگىم سىزدىن قاتتىق ئاغرىنىپتۇ› دېيىشىگە ھاجى ‹بولدى سۆزلىمەڭ!› دەپ ئىككى قولىنى بويىنىغا گىرە قىلىپ سېلىپ يەرگە قاراپ بىر ھازا ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى ھاجى ئىلگىرى يېنىكلىك ۋە ساددىلىق قىلىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان ئىكەن...**

**يولۋاسنىڭ نەۋرىسى ناسىربەگ (يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى نىياز بەگ ‹1904-1960› نىڭ ئوغلى، 2004-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى 77 يېشىدا قومۇل شەھرىدە ۋاپات بولغان) مۇنداق دېگەن ئىدى:«خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە بوۋام يولۋاس قومۇلنىڭ ھاكىمى ئىدى. بىر قېتىم مەن بوۋامنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم ئۇ خوجىنىياز ھاجى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان ئىكەن. بوۋام ھاجىغا:‹ھاجى، سىز ئۈرۈمچىدە تۇرماي دەرھال قەشقەرگە-مەھمۇت مۇھىتىنىڭ يېنىغا كېتىڭ، ئۇنىڭ قولىدا تۆت پولك ئەسكەر بار، قەشقەرگە بېرىشنى خالىمىسىڭىز قومۇلغا قايتىپ كېلىڭ، مېنىڭ قولۇمدا بىر**

پولك ئەسكەر بار. بىشىمىزغا كۈن كەلگەندە ئەسكەر بىزنى قوغدايدۇ› دەپ تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ھاجى بوۋامنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. بوۋامنىڭ بىزگە دەپ بېرىشىچە بوۋام ئىلگىرى ھاجىغا يۇقىرىدەك بىر قېتىم تېلېفوندا تەكلىپ بەرگەن ئىكەن. بىراق ھاجى بوۋامنى:‹قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، ئۇرۇمچىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭ، مېنى ھازىر يۈزلىگەن ئورۇس سالداتلىرى قوغداۋاتسا كىم مېنىڭ بىر تال مويىمغا تېگەلەيدۇ ؟› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋام ھاجى بىلەن مۇشۇ قېتىم كۆرۈشكەندە:‹ھاجى ئەمدى بۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزىڭىز بىلىڭ. ناۋادا بېشىڭىزغا كۈن كېلىپ يامان كۈندە قالسىڭىز، بۇنىڭغا مەن جاۋابكار ئەمەس. سىز ھامان بىر كۈنى شېڭ شىسەينىڭ قۇربانلىق مېلى بولۇپ كەتمىسىڭىز، مەن يولۋاس دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن› دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. كېيىنكى ئىشلار دەل بوۋامنىڭ دېگىنىدەك بولدى».

ھەقىقىي قەھرىمان بىلىم ۋە ئەدەپكە قارىغاندا ئۇلۇغۋار غايىگە مايىل كېلىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ غايىسىلا ئۇنى يول باشچى بولۇش قىممىتىگە ئىگە قىلىدۇ. يول باشچىنىڭ تۈپكى بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى غايىگە ئىگە بولۇش. مۇستەقىل ئۇلۇغۋار غايىلا ئۇنى كۈرەش داۋامىدا ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىيالايدۇ. ئورنىنى تاپالمىغان ئادەم ئاسانلا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ . بۇ نۇقتىنى ھەر ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇنقەرىز بولۇش تارىخىنى ۋە ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان رەھبەرلەرنىڭ تارىخىنى پىششىق بىلگەنلەر ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ . خوجىنىياز ھاجىم پەقەت بىر مىسال . يەنە كېلىپ تېپىك ئۇيغۇر مىجەزلىك ساددا خەلق رەھبىرى. تالاي رەھبەرلەر دەل مۇشۇنداق ساددىلىق ۋە يات كۈچلەرگە ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن بەكرەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى ئېچىنىشلىق ھالدا بەدەل تۆلىگەندىن سىرت ، خەلقمۇ غايەت زور بەدەل تۆلەپ كەلگەن.

5 . قەھرىمانلارغا قانداق باھا بەرسە ئادىل باھا بەرگەن بولىدۇ

تارىخىي قەھرىمانلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئادىل باھا ئۇلارنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانىۋە ئومۇمى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدۇر. ھەرگىزمۇ پىداكارلىقى بولمىغان ئاۋامنىڭ ئائىلىۋى غەملەر بىلەن ئۈپراپ كەتكەن كاللىسى بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمى ئۇلارغا بېرىلگەن باھا بولالمايدۇ. چۈنكى، تۇرمۇش غەملىرىنى يەپ بولالمايۋاتقان ئاۋام قەھرىماننىڭ ئازابىنى قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن ؟!؟ تولىمۇ ئەپسۇس ، ھازىرقى ئېغىر روھىي بېسىملىق كۈنلەردە ئۆزىمۇ جان قايغۇسىغا چۈشۈپ قېلىپ ، بىر ئائىلىنى باشقۇرۇپ بولالماي ، كاللىسى ئۈپراپ ، چېچى ئاقىرىپ، مېڭىسى يىگىلەپ ، ئەقلى كەمتۈكلەپ ، زېھنى توزۇپ كەتكەن بىر قىسىم چىدامسىز كىشلەر ھە دېسىلا بۇگۈندە تۇرۇپ ، ئازغىنە بىلىنۋالغان چەكلىك ۋە بۇرمىلانغان ياكى بىرتەرەپلىمە ئۇچۇرلار ئارقىلىق تارىختىكى شەخسلىرىمىزگە قالايمىقان باھا بېرىشكە خۇمار بولۇپ قالدى . دۈشمەنلەر 70 يىلدا مائارىپ قورالى ۋە ئۆزى بىر قوللۇق يېتىشتۈرۈپ چىققان بىر قىسىم تەنتەك زىيالىلارنىڭ زەھەرلىك ئەسەرلىرى ، ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن قۇۋ دۈشمەن تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن بىر قىسىم دىنىي زاتلارنىڭ ۋەزلىرى ئارقىلىق ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ « ئاق - قارا ، توغرا - خاتا » ، « مېھرى مۇھەببەت ؛ غەزەپ - نەپرەت » قاتارلىق تۈپكى قىممەت قاراشلىرىنى قالايمىقان قىلىپ ، « ساتقۇننى قەھرىمان ، قەھرىمانلارنى ساتقۇنلار » سۈپىتىدە ئۇستىلىق بىلەن مېڭە يۇيۇش ئېلىپ بېرىپ ، ھازىرقى ھالقىلىق ۋە خەتەرلىك پەيتتە تۇرۇۋاتقان بىزلەرنى ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىرمۇ داھىي ، بىرمۇ قەھرىمان ۋە بىرمۇ يولباشچىدىن ئۆلگە ئالالمايدىغان ، بىرمۇ مىللىي مۇناپىق ، بىرمۇ ساتقۇن ۋە بىرمۇ خائىندىن ئىبرەت ئالالمايدىغان ناچار ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى .

تارىخ پەنلىرى دوكتۇرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تارىخىي شەخسلەرگە قانداق لىللا باھا بېرىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ :

مىنىڭچە، 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى تارىخىمىزدىكى شەرقىي تۈركىستان ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان، مەيلى قانداق يول تۇتسۇن ، كىمگە يۆلەنسۇن، قانداق ئىدىيەدە بولسۇن،پەقەت شۇ بىر ئورتاق غايىدىلا بولۇپ كۈرەش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا خالىغانچە ئەيىبلەش باھاسى بېرىشتىن ، بولۇپمۇ قولىمىزدا ھېچقانداق پاكىت، ھۆججەت ۋە ئېنىق ئاساس بولماستىن، ئۇ پوكۇنچى، بۇ پوكۇنچى، ئۇ پالانچىنىڭ ئادىمى ، ئۇ خائىن ياكى جاسۇس دېيىشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئوز داھىيلىرىغا، ئوز ئوغلانلىرىغا، جۈملىدىن ھەر قانداق بىر كىشىگە تۆھمەت چاپلاش ئەخلاقسىزلىق بولۇشتىن تاشقىرى، ھەر قانداق بىر دىنمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ، لېكىن تارىخىمىزدىكى ئېنىق ساتقۇنلار، باشتىن ئاخىرى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى ۋە نىشانىغا خىلاپ يول تۇتقانلار بار، ئۇلار ئېنىق، خەلقىمىز ئەينى ۋاقىتتا سۆيگەن ۋە ھۆرمەت قىلغان داھىيلارنى ئەينى ۋاقىتتا خەلقىمىز دۈشمەنلىرى ، بولۇپمۇ خىتاي مۇستەبىت، شوۋىنىستلىرى ئەڭ ئۆچ كۆرۈپ، ئۇلارغا تۆھمەت چاپلىغان ۋە ھاقارەت قىلغانىدى، ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئەلىخان تورىنىڭ ستالىندىن 3 قېتىم مەكتۇپ بىلەن ياردەم سورىغىنى ۋە ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغىنى راست، بۇ خەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى، ھاكىمبەگ غوجا باشلىق 16 ئەزاسىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ئىمزا قويغان، ستالىنغا ئەلىخان تۆرە باشتا ئەڭ ئىشەنگەن، ئەخمەتجانمۇ ئىشەنگەن، ئۇيغۇرلار ئىشەنگەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياردەم بەرگىدەك قۇدرەت دۆلەت شۇ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئۇلار تاكى 1949-يىلىغىچە ياردەم بەردى، ئەخمەتجانلار ستالىن ھۆكۈمىتىگە ئاخىرغىچە ئىشەنگەن ۋە ئۈمىد كۈتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇ، ھەتتا ئەلىخان تۆرە باشقا ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى بىرەر قۇدرەتلىك دۆلەتكە تايانماي مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى، يەنە بىرسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ ئىنقىلابنى قوللىدى ۋە ياردەم بەردى. ھەتتا ئاخىرىغىچە، ئۇلارنى ماۋغا تەقدىم قىلغىچە ، ئۆزلىرىنىڭ ئېزىلگەن خەلقلەرگە ياردەمچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، غۇلجا ھۆكۈمىتىنى ئىزچىل قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ كەلدى، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، 1946-يىلى خىتاينىڭ قولىغا ھەممىنى تاشلاپ بەرگەن بولار ئىدى. ئەلۋەتتە، ئەخمەتجاننىڭ ئۆلۈمى ئاخىرىدا موسكۋانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابىنى قەتئىي قوللىماي، خىتاينىڭ قولىغا قالدۇرۇشنى قەتئىي ھالدا قارار قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ئەلىخان تۆرىگە ستالىن نېمىشقا چېقىلمىدى ؟ نېمىشقا تاشكەنتتە ساقلىدى؟ ھەقىقەتەن بۇ بىر سىر. بۇنىڭ ھۆججەت ئاساسىنى تېپىش كېرەك، ھۆججەتلىك ئاساسى بولماستىن بۇ سوئالغا خالىغانچە كەسكىن جاۋاب بېرىشنى مەن ھەقىقىي تارىخچىنىڭ ئىشى دەپ قارىمايمەن.

ئۇيغۇرنىڭ تارىخىي مۇساپىلىرى ئەنە شۇنداق ئاچچىق ۋە تاتلىق، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت، باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىق، مەرتلىك بىلەن نامەرتلىك، ساداقەت بىلەن خائىنلىق، ھەققانىيەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، ئاقىلانىلىق بىلەن نادانلىق، سەمىمىيەت بىلەن ساختىكارلىق، باش ئەگمەسلىك بىلەن باش ئېگىش ،تىز پۈكمەسلىك بىلەن تىز چۆكۈش ۋە باشقىلاردىن تۈزۈلگەن. بۇ،1947-1949-يىللىرى ئارىسىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەھكۇم يەتتە ۋىلايىتىدىكى ۋەزىيەتنى كۆرستىدۇ. سۈن جوڭشەن ۋە جاڭ كەيشى سۈرەتلىرىگە ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تازىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىسىنى ئوقۇش، خىتاي گومىنداڭ بايرىقىنى چىقىرىش بار ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 80-90-يىللىرىدىكى مىللىتىمىزنىڭ نۇرغۇن پېشقەدەم ئېسىل زىيالىيلىرى، دىنى ئالىملىرى، ئوغلانلىرى ئەنە شۇ رېئاللىقنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. پەقەت غۇلجىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىلا تاكى 1944-يىلىدىن 1949-يىلى، 11-ئايغىچە ھېچقانداق خىتاينى رەئىسىمىز ياكى داھىمىز دېمىدى ۋە ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇپ شېئىر يازمىدى. ئا.ئۆتكۈرنىڭ << ئىلى سۆلارى>> ئەنە شۇ ئىلىغا، يەنى ئىلىدىكى  رېئاللىققا بولغان چوقۇنۇش ئىپادىلىرى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى ۋە سەرخىللىرى يەنە ستالىننى مەدھىيەلەپ شېئىرلار يازدى. ستالىننى مەدھىيەلىمىسە جاڭ كەيشىنى مەدھىيەلىدى ۋە ياكى ئاخىرىدا ماۋ زېدوڭنىمۇ مەدھىيەلىدى. شۇ دەۋر ۋە شارائىتنى ۋە شۇ ئىشلارنى بۈگۈنكى كۆز ياكى بۈگۈنكى چەتئەللەردە ياشىغان كۆز بىلەن ئەمەس، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇمچىدە، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەردە شۇ  ۋاقىتتىكى غۇلجىدا تۇرۇپ باھالاش ۋە كۆرۈش كېرەك .

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئەڭ كۈچلۈك زىيالىيدۇر. ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرىنى بىلگەنلەرمۇ ئۇنى يەنىلا شۇنداق سۆيگەن ۋە قەدىرلىيەلىگەن ئىدى.

**6 . بىزدىن نېمىشقا قەھرىمانلار چىقمايدىغان بوپقالدى ؟**

ساغلام روھ ( ئىسلام دىنىدا بۇ خىل ساپلىق ئىنساننىڭ ئەڭ تۈپكى خىسلىتى ۋە كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچىمى دەپ تەكىتلىنىدۇ ) ۋە ساغلام روھىيەتنىڭ ئۇدا ئۈچ ئەسىر توختىماي چىدىغۇسىز ۋە تىل بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قورقۇنچلۇق زەربىلەرگە ئۇچراپ تۇرۇشى ، يېقىنقى بىر ئەسىردىكى ئەڭ ئېغىر مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇمغا چەتئەلدىن كىرگەن خىلمۇ - خىل سىياسىي ۋە دىنىي ئېقىملار قوشۇلۇپ ، ئۇيغۇر خەلقىنى خۇددى غاردا ئۈچ ئەسىر ئۇخلاپ ، يېڭىدىن غاردىن چىققان چىققان چاغدا ھودۇقۇپ كەتكەن « ئەسھابۇل كەھپى » ئەزالىرىدەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى . ۋەتەندە ئازغىنە پۇرسەتتە ساناقسىز نامسىز قەھرىمانلىرىمىز ھاياتى ۋە جانلىرى بەدىلىگە خەلقىمىزنىڭ ئېغىر زەخمە يېگەن مىللىي روھىنى ئۈن - تىنسىز بېغىشلىغان مېھرى - مۇھەببەتلىرىنى مەلھەم قىلىپ دەل ۋاختىدا داۋالاپ ساقايتىپ ، تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ ، بىراق مۇھاجىرەتتە بۇنداق ئەمەلىي ئۇنۇملۇك ، لېكىن جاپاسى ئېغىر بولغان شەرەپلىك خىزمەت تاشلىنىپ ، ئورنىنى پەقەت خەلققە قەرەلىدە كۆرسىتىپ تۇرغىلى بولىدىغان يۈزەكى ئىشلار ئىگىلەپ كەتتى . ئۇندىن باشقا « ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەندىن تېشىدا كۆيگەن يامان » دېگەندەك ، ئەسلىدىنلا روھىيىتى دۈشمەنلەر ۋە دۈشمەندىنمۇ خەتەرلىك بولغان نادانلىق بىلەن بۇلغىنىپ ، مېڭىسى ئۆزۈندىن بېرى ئايرىمايلا سۈمۈرۈۋالغان بارچە مەنىۋىي زەھەر ۋە ئەخلەتلەر بىلەن ئىسلىنىشىپ كەتكەن بىر توپلۇمغا ئايلىنىپ قالدۇق . بۇنداق ئەھۋالنى خېلى بۇرۇنلا سەزگەن مەرھۇم چىڭگىز ئايتماتوف ئەپەندى : « ئاشقازان مېڭىدىن ئەقىللىق . چۈنكى ئۇ ياقمىغان ۋە زىيانلىق بارچە نەرسىلەرنى دەل ۋاختىدا قۇسۇۋېتىدۇ . بىراق مېڭە بارلىق نەرسىنى تولۇق سۈمۈرۈپ تۇرىدۇ. تاسادىپىي بولسىمۇ ئەسلا قۇسۇپ سالمايدۇ» دەپ ئېيتقان ئىكەن .

دۈشمەن بىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىمىزنى ۋە دۇنيا قاراشلىرىمىزنى شۇنچىلىك ئېغىر بۇرمىلاپ روھىيىتىمىزنى ۋە تەپەككۇرىمىزنى بۇزۇۋەتتىكى، گەرچە خەلقىمىز ئىچىدە تۇمەنلىگەن نامسىز قەھرىمانلار چىقىپ تۇرسىمۇ ، بىراق كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتمىگەچكە ، بىزگە خۇددى يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا قەھرىمانلار زادىلا چىقىپ باقمىغاندەك تۇيۇلدى . ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ **21** - ئەسىرگە كىرەلىشىنى دەل ئاشۇنداق ساناقسىز نامسىز قەھرىمانلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

ئەڭ ئەقەللىسى ، **1979** - يىلدىن **2009** - يىلغىچە بولغان ئارىدا ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان ئويغىنىش ۋە ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى ، نامايىش ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەقىقىي غوللۇق يېتەكچىلىرىلا يېڭى ئەسىرگە ئۇلاشقانلارنىڭ ئەبەدىي ياد ئېتىپ ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىشىگە ئەرزىيدۇ . چۈنكى ئۇلارنىڭ دەۋرى بىزنىڭ دەۋرىمىز بولغاچقا ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر ئالدىراپ ئۇلارنى قارىلاپ ئېتىۋارسىزلاشتۇرالمايدۇ . بىراق ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ۋە كېيىنكى يېرىم چارىكىدىكى كۆپىنچە تارىخىي شەخسلەرنى ئۆز پېتى توغرا تونۇپ ، لايىقىدا باھا بەرمەك خېلىلا قىيىن . كىمگە ئەگىشىش ۋە كىمنى ئۈلگە قىلىش تېخىمۇ ئىمكانسىز ئىشقا ئايلىنىپ قالدى . نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ ؟!

چۈنكى خىتايلار بۇندىن **2500** يىل ئىلگىرى ئۆتكەن « ھىلە - مىكىر بوۋىسى سۇنزى » نىڭ مۇنۇ زەھەرلىك كۆرسەتمىلىرى ۋە تەلىماتلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تولۇق تەتبىقلاپ بولغان ، بۇنىڭ تەسىرى تارىخىي شەخسلەرگە قالايمىقان باھا بېرىدىغان ، ئاتا - بوۋىسى تۇگۇل ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان ھازىرقى بىر قىسىم نادان كىشىلەردە ئېغىر كۆرۈلمەكتە.

سۈنزى بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنىكەن :
1. دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر نەرسىلىرىنى (خەلقنىڭ) نەزىرىدىن چۈشۈرۈشىمىز كېرەك.
2. ئۇلارنىڭ لىدىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئارقىلىق خەلقنى ئۆز لىدىرلىرىنى ياراتمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.
3. ۋىجدانسىز ۋە ئەخلاقسىز كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ پايدىلىنىشىمىز لازىم.
4. دۈشمەن خەلق ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە جېدەل-ماجىرالارنى ئاۋۇتىشىمىز كېرەك.
5. رەقىبىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ھەجۋىلەشتۈرۈپ پەيدىنپەي يوقىتىشىمىز كېرەك.

تولىمۇ ئەپسۇس ، بۇ بەش تەلىمات ۋەتىنىمىزدە يېقىنقى تۆت يىلدىن بېرى دۆلەت تېررورلۇقى كۈچى بىلەن مەجبۇرىي تەتبىقلىنىپ بولدى. مۇھاجىرەتتە بولسا ، ئەركىن دۇنيادا تۇرۇپمۇ روھى ۋە ئەقلى دۈشمەنگە تەسلىم بولغان بىر تالاي ئادەملىرىمىز دۈشمەنگە ۋاكالىتەن بۇ بەش تەلىماتنى تور دۇنياسى ۋە بۇزۇق ئاغزى ئارقىلىق ئاۋام ئارىسىغا تارقىتىپ، دۈشمەننىڭ پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ بېرىۋاتىدۇ . كىشىنى ئەڭ غەزەپلەندۈرىدىغىنى بۇ بەش تەلىماتنى مىللەت ۋە دىن ماركىسى بىلەن تەشۋىق قىلىشتۇر.

سىزچە يۇقىرىقى بەش تەلىماتنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ بولغان بىر توپلۇم ئىچىدىن قانداقمۇ قەھرىمانلار چىقسۇن ؟!! زوزۇڭتاڭ دەۋرىدە يەرلىك بەگلەر بىكار قىلىنىپ ، ئاققۇن خىتايلار چوڭ ھوقۇق تۇتۇشقا باشلىغان . ئەمما ئۇنۇمى ياخشى بولماي قېلىپ ، 1900 - يىلدىن كېيىن يۇنەن قاتارلىق جايلاردىن تۇڭگان مىلىتارىستلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىپ ئۇنۇم قازانغان . چۈنكى تۇڭگانلار مۇسۇلمان بولغاچقا ، جاھالەت پىرلىرى نادان خەلقىمىزنىڭ ئېڭىغا : « پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش پەرز » دېگەن قۇللۇق روھىنى يەنە دىن نامىدىن سىڭدۈرگەن.

خەلقىمىزنىڭ ئۇدا ئىككى ئەسىر توختىماي سىڭدۈرۈلگەن خاتا ۋە بۇرمىلانغان پىكىرلەرنىڭ تەسىرىدە 1912 - يىلدىن 1924 - يىلغىچە چوڭ ئاخۇن مافۇشىڭ ( تۈلۈم چاشقان ماتىتەي )نىڭ ، 1924 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە كىچىك ئاخۇن ماشاۋۋۇ ( ئورۇق چاشقان مادوتەي ) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا رازى بولۇپ ، ئەڭ ئالتۇن تارىخىي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان . چۈنكى بۇ چاغدا ستالىن تېخى 1921 - يىلى قوزغالغان باسمىچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇپ بولالمىغان ئىدى . ئەنگلىيەمۇ 1924 - يىلى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى . ھېچقايسىسى قول تىقىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى . ئەمما دەل ئەنە شۇ ھالقىلىق 1924 - يىلى 14 - ئاۋغۇست كۈنى، سەئىدىيە سەلتەنەتى گۇمران بولۇپ، جاھالەت ۋە ئاسارەت ئاستىدا 300 يىل خورلانغان خەلقنى ئويغىتىپ ، يېڭى ئەسىردىكى ئىلغار مىللەتلەرگە يېتىشىۋېلىش ھەرىكىتىنى خېلىلا ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىۋاتقان يېتۇك مەنىۋىي داھىي سوۋېت ۋە ئېنگلىز كونسۇللىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى ، شاپتۇل داموللىدەك ئىچى قوتۇر ھەسەتخورلارنىڭ قوللىشى ، ئۆمەر بايەدەك ئاچكۆز بايلارنىڭ قاتىل ياللىشى ۋە نادان بىر تەلۋىنىڭ ئىجرا قىلىشىدا قەستلەپ يوق قىلىنغان . نەتىجىدە توققۇز يىل كېچىكىپ كەتكەن مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ئەمدىلا غەلىبە قىلىپ ، قەشقەردە 1933 - يىلى تۇنجى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندا ، ئاللىبۇرۇن قەددىنى رۇسلىۋالغان ستالىن تۇڭگان باندىت ماجۇڭيىڭنىڭ قولى بىلەن 84 كۈندىن كېيىن قەشقەردىكى ھاكىمىيەتنى مۇنقەرز قىلغان .

ئۇنىڭدىن كېيىن خورلۇق تېخىمۇ كۈچەيگەن.1930 - يىللىرى سۇنجۇڭسەننىڭ سۇرىتىگە تازىم قىلىشقا مەجبۇرلانغان خەلقىمىز ، 1937 - يىلدىن باشلاپ ستالىن بىلەن شېڭ شىسەي جاللاتنىڭ سۇرىتىگە تازىم قىلىشقا مەجبۇر بولغان . 1949 - يىلغىچە جەنۇبىتىكى يەتتە ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭغا ساداقەت كۆرسىتىشكە مەجبۇرلانغان بولسا ، 1949 - يىلدىن كېيىن ماۋ نىڭ سۇرىتىگە چوقۇنۇشقا مەجبۇرلانغانىنى ئاز دەپ ، ئۆزىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ۋە مۆتىۋەرلىرىنى ئۆزلىرى دەپسەندە قىلىشقا مەجبۇرلاندى . بولۇپمۇ

يېقىنقى 70 يىلدا تارتقان خورلۇق تارىختىن بۇيانقى بارلىق خورلۇقلاردىن ئېشىپ كەتتى . مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن « روھنى ساغلاملاشتۇرۇش – مىللەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى » ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە پاكىتلىق ھالدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان :
ھەسەتخورلۇق – مىللەتنى خارابلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك ئىللەت.

نادانلىقتىن ئۆچ بىخ ئۇسۇپ چىققان، ئۇلار: قارا نىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇق.
– شۇپېنخاۋئېر

نادانلىقنىڭ مەرىپەتكە زىتلىقى ھەممىگە ئايان. نادانلىقنىڭ ئىككى خىل تارىخىي شەكلى مەۋجۇت: بۇنىڭ بىرى، مەرىپەت ( سىۋىلىزاتسىيە) تىن ئىلگىرىكى نادانلىق ( ۋارۋارلىق )، ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھىدىكى نادانلىق ۋە قىپيالىڭاچ نادانلىق. بۇنىڭ ئىككىنچىسى، بىكىنمە ھالەتتىكى جەمئىيەت چەمبىرىكىدىكى نادانلىق، ساختا شۆھرەت بىلەن كېيىندۇرۇلگەن نادانلىق، ھەسەتخورلۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان نادانلىق. ئەقىلنى رەت قىلىش (ئىراتسىئونالىلىق) بۇ ئىككى خىل نادانلىقنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. ۋەھالەنكى، ئەقىل، پەقەتلا ئەقىل ئىنساننىڭ غەيرى ھايۋانىي ئەۋزەللىكى ۋە ئىنسانىي تاكامۇللىشىش مۇمكىنلىكىنى تەشكىل قىلغان. ئەقىلنى رەت قىلغان، نادانلىققا چۆكۈپ كېتىۋەرگەن مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىش، پارچىلىنىش، توزۇپ كېتىشتىن ئىبارەت «ھالاكەت ترىلوگىيىسى»نىڭ ھەر بىر باسقۇچىغا ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت روھىي كېسەللىك سىڭگەن.

ھەسەتخورلۇقنىڭ بىز تونۇپ يەتكەن «كۆرۈنۈش» لىرى مۇنداق:
بىرىنچى، قارانىيەتلىك ۋە قولى يەتمەسلىك-ھەسەتخورلۇقنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن، بىلىمنى پەزىلەت كۆرىسى ۋە كامالەت كۆرىسىغا يەتكۈزمىگەن ئاتالمىش «ئۆلىما-زىيالى»لار ئۆز مىللىتىدىن ھەقىقى تەپەككۇر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ چىقىشىنى كۆرەلمەيدۇ .

ئابدۇقادىر بېدىل ھەسەتخورلۇقنىڭ قارانىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى مۇنداق سۆككەن:
دىلى ھەسەتكە تولغان ئىچى قارا،
دائىم پاك ئادەمگە چاپلايدۇ يالا.
تورۇسقا ئېسىپ كۆر ئاپئاق پاختىنى،
جىمى ئىس چاپلىشار شۇ ئاق پاختىغا.

سەئىدى شىرازى ھەسەتخورلۇقتىكى قارانىيەتنىڭ قولى قىسقا، تىرىشماس، قابىلىيەتسىز، نامەرت ئادەملەر قەلبىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق پاش قىلغان:
قولى قىسقا ھەسەتخور قىلار غەيۋەت، يوق ئامال،
ئەگەر ئۇدۇل يولۇقساڭ بولۇر تىلى كالۋا-لال.
ھەم قولى قىسقا-ناقابىل، ھەم قارانىيەت-غەيۋەتخور بولۇش بىر خىل زىدىيەتچان روھىي كېسەللىك بولۇپ، ئىبلىس تەسۋىرىگە ئوخشايدۇ. ناقابىل بولغان ئىكەن قابىل بولۇشقا تىرىششى، قابىل بولالمىسا ،قابىللارنى قوللىشى لازىم بولغان نورمال روھىي ھالەتنىڭ زىدىيەتچان روھىي كېسەللىككە ئايلانغانلىقىنى ھەسەتخور قەلبىنىڭ ئىبلىسلىقى ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچى، ئۆزگىنى كەسلەپ، ئۆز شىخىنى كۆتۈرۈش ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدىن ئىبارەت.
مىللەتنىڭ نادان ھەسەتخورلىرى دۇنيادا قانداق يېڭىلىقلارنىڭ بولغانلىقى، قانداق كىتاپلارنىڭ يېزىلغانلى-

قى، قانداق كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۆز مىللىتىدە بىر يېڭىلىق باش كۆتۈرسىلا «يۇرىكى يارا ،يۈزى قارا» بۇلۇپ كېتىشىدۇ .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ «باردۇر» ناملىق غەزىلىدە مىللىتىمىزدىكى بۇ ئىللەتنى مۇنداق سۆككەن:
تە’ئاۋۇنۇ- تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتەرگەننى ئۇرۇپ يېقىتقانىمىز باردۇر.
قىزىل كۆزلۈك ،كۆرەلمەسلىك ۋەيا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۇمەن بوھتانىمىز باردۇر.

هەسەتخورلۇقنىڭ شۇنداق بىر تىپى باركى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچىرىغان بەختسىزلىكنى «ئەڭ ياخشى ئالى مەكتەپ» (بىلىنىسكىي) دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەقلىي ۋە ۋىجدانىي خۇلاسە چىقارماستىن، «سۇنغان ئاقسۇڭەكلەر» چە ئەسەبىي قىساسكارلىق پىسخىك كېسەللىگى بىلەن ئالدىن كەتكەنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئورا كولاپ، شېخىنى كېسىپ، ئاسان يول بىلەن « قەھرىمان» لىق مۇنبىرىگە چىقىشنى قەستلەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ هەسەتخورلۇقى ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان تەرسالىق بىلەن تەنها ياكى تۈركۈم بۇيىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنى « قىساسكارلارچە هەسەتخورلۇق» دىگەن نام ئاستىدا ئەيىبلەش لازىم.

كامالىدىن بىنايى مۇنداق يازسا:
هەسەت هەممە ئىللەت-نوقساندىن يامان،
هسەت ئەهلى بارچە ياماندىن يامان.
ناسىر خۇسراۋ مۇنداق يازغانىدى:
بېرىلمىگەيسەن هەسەتكە زىنهار،
هەسەتنىڭ چېكى يوق، تۇگەنچى مىقدار.

ئۇچىنچى، پىتنە تۇغدۇرۇپ ،تۆهمەت قىلىش هەسەتخورلۇقنىڭ ئاسان چېلىقىدىغان شەكلىدىن ئىبارەت. هەسەتخورلۇقنىڭ قورالى پىتنە بىلەن تۆهمەت ئىكەنلىكى شۈبهىسىز، بۇنى ئۇلار «سېپىستىش» دەپ ئاتىشىدۇ. تۇرمۇشنى ئالدىغىلى، خەلقنى پۈتۈن بىر تارىخى جەرياندا قايمۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. قەيسەر ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆز ئەجرى بىلەن هەمىشە ياشناپ تۇرۇۋېرىدۇ. «سېپىستقۇچىلارنىڭ سېپىسپ كېتىشى» مانا بۇ پاك ۋە ناپاكلىق كۇرىشىدىكى بىر هەقىقەت. مانا بۇ تارىخنىڭ نۇرانە يۆنىلىشى. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا تەڭرىمۇ بولمىغان، هەقىقەتمۇ بولمىغان، تارىخمۇ بولمىغان، ئىستىقبالمۇ بولمىغان ،ئىشەنچ ۋە ئالىي هىممەتمۇ بولمىغان بولاتتى!

بىزنىڭ هەسەتخور پىتنە-تۆهمەتچىلىرىمىز «ئاقنى قارا قىلىش»، «ئۆزى گۇناھ قىلىپ، باشقىنى گۇناهكار كۆرسىتىش»، «ئوغرى ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىراش»، «باشقىلار نامىدا قارا خەت يېزىش»، «بىر ئادەمگە ئىككى خىل تون كەيگۈزۈش»، «كېچىسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، كۈندۈزى هازىدار بولۇش» قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىدۇ. باشقىلار نامىدا خەت يازغانلەر ئىچىدە ئايال كىشى سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ خەت يېزىش، تۆۋەننى قۇترىتىپ قويۇپ ئۆزى قازى بولۇۋېلىش، ئولتۇرۇش-سورۇنلاردا ئاشكارە پىتنە-ئېغۋا تارقىتىش، پىتنە-ئېغۋانى چەت ئەلگە كېڭەيتىش قاتارلىق هادىسىلەرنى كۆرۈپ مىللىتىمىز ئىچىدە بۇ جەهەتتىكى «ماهارەت» نىڭ دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدىم.

تۆتىنجى، گۇروهۋازلىق قىلىپ، باشقىلارنى چەتكە قېقىش هەسەتخورلۇقنىڭ تۈركۈملەشكەن شەكلىدىن

ئىبارەت. ھەسەتخورلۇق ئەسلىدە زەھەرلىك چاياندەك نەرسە بولسىمۇ، ئۆزىنىمۇ كۆيدۈرىدىغان، باشقىلارنىمۇ كۆيدۈرىدىغان خۇسۇمەتلىك ئوت بولسىمۇ، ھەسەتخورلار تۈركۈملىشىپ، چاياندىن پىل پەيدا قىلىشقا ماھىر بولۇشىدۇ. ئۇلارمەلۇم ھۇقۇق ياكى تەسىر كۈچى بولمىسا، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن تۈركۈملىشىدىغان بولدى. ئەمما بۇ تۈركۈمنىڭ ھەر بىر ھەسەتخور ئەزاسى ھەمىشە ئۆز تۈركۈمىدىن يۇز ئۆرۈشكە تەييار، بىۋاپا كىشىلەردىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇق گۇرۇھلىرى ئىككى شەر ئاستىدا، يەنى قۇدرەتلىك مۇخالىپلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قۇللارچە دەرىجىلىك بويسۇنۇش مۇناسىۋەت تەرتىپى بويىچىلا ساقلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن.

ھاپىز شىرازى مۇنداق دىگەنىدى:
كەت يامانلار سۆھبىتىدىن، ئىزدىسەڭ گەر ياخشى نام،
بەدنىيەتلىك ئول ئەقىلسىزلىقتا ئىسپاتتۇر تامام.

بەشىنجى، خەلقنى پارچىلاش،مىللەتنى خانىۋەيران قىلىش- ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەرىكەت نىشانىسى ۋە تارىخى جىنايىتىدىن ئىبارەت.
ھەسەتخورلۇق شۇنداق كىسەلكى:

بىرىنجىدىن، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ؛
ئىككىنجىدىن، يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى ھلاك قىلىدۇ؛
ئۈچىنجىدىن، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، روھىي ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئابروي -نوپۇزىنى داۋاملىق قىرقىپ، مىللەتنى ھالاك قىلىشنىڭ جەريانىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

ھەسەتخورنىڭ تەپەككۇرى، ھېسسىياتى، تىلى، قەلىمى خۇنۇكلۇك بىلەن تولغاچقا، تىنىقى ۋە يۇرەك سوقۇشى ھەمىشە ھەسەت زەھىرى، بوھتان ئوتى ۋە قورقۇش تەشۋىشىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پىسخىك كېسىلى جىسمانىي ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەسەتخورلۇقنى يۇقتۇرغان كىشى ئۆزىگە يارىشا «جەڭگاھ» ئېچىۋالغان يەنە بىر ھەسەتخوردۇر.

ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ، قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت.

قەلبى پارچىلانغان مىللەتنىڭ تىلى بۇ قەلبنى پارچىلاشقا خىزمەت قىلىشتىن باشلاپ ،بۇ مىللەتنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدىغان تىل بولماي نىمە؟

روشەنكى، تىلنى تاشقى پوست، قەلبنى ئىچكى ئۆزەك قىلغان مىللى ئۇيۇشمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تەمتىرىشى ھالاكەت ھالقىسىنىڭ ئالامىتىنى ئەكىس ئەتتۇرىدۇ، خالاس. گۇللەنگەن مىللەتنىڭ ھايات يولى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتكە يېمەك-ئىچمەك ،ئۆي-ماكاندىن باشقا مۇھىمى مىللى روھيەت لازىم.

بۇ مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچ مەنبەسى بولغان ئېتىقاد، مىللى ئەنەنە ،يېڭىلىققا ئىنتىلىش، مەنىۋى يېتەكچىلىك نوپۇزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مۇنداق بىناكارلىقنى بۇزۇشتىن ھالاكەت، تۈزەشتىن گۈللىنىش كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئاددى، ئەمما بىزدە

ئەستىن چىقىرىلغان ھەقىقەت.

مەنۋى قەھرىمانلىق ۋە غايىۋى يولباشچىلىق لىگىندىلىرىنى ياراتقان خەلقنىڭ بىردىنلا ھەسەتخورلۇق ئۆچقۇنلىرى بىلەن بەنت بولۇشىنىڭ تەكتىدە تارىخ نىمىنى پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىش مۇشكۇل ئەمەسمۇ!

گېرتسىن: «ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش زېرەكلىكنىڭ ۋە دانىشمەنلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر» دېگەنىدى. ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قەلب نۇرانە قەلب، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قەلب، مۇنداق قەلب ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا جان پىدا قىلىدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغانلارغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ قەيسەر خاراكتېر يېتىشتۈرىدىغان شۇرغان سىنىقى!

ھىراكلىت توغرا ئېيتىدۇ : «ساڭا شۇنىڭ ئۈچۈن رەشىك قىلىشىدۇكى، سېنىڭ زوقلانغۇچىلىرىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ نۇرغۇن!»

ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان ۋە قاتتىق دەرىجىدە زەخمىلەنگەن روھىمىزنى ساغلاملاشتۇرۇپ ، ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتمىگىچە ، بىزدىن يەنىلا تارىختىكىدەك مېھرىنى خەلقىگە ، قەھرىنى دۈشمەنگە چاچقان نىجاتكار قەھرىمانلار ۋە ئار - نومۇسنى يۈيۈپ ، ھېساپ ئالغۇچى قابىل داھىيلار ئالدىراپ چىقماسلىقى مۇمكىن.

7 . بىزدىن قاچان قەھرىمانلار چىقىدۇ ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈستىدىكى سوئالنىڭ جاۋابىغا جۈغلانغان بولۇپ ، قايتا تەكىتلەش بىھاجەت . شۇنداقتىمۇ ، ھەر ھالدا تېخىمۇ ئېنىق ۋە يىراق نىشان ئۈچۈن ھازىرلاش كېرەك بولغان تەييارلىقلارنى ئازراق ئەسلىتىشنى توغرا تاپتۇق .

ھەر قانداق مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتتە ئېغىر دەرىجىدە ئەخلاقىي ۋە روھىي ئىللەتلەر پەيدا بولغاندىن سىرت ، ئۆزىنى كەمسىتىپ ئۆزگىنى ئۇلۇغلاش ، بىر - بىرىنى ياراتماسلىق ، ئۆز ئارا ھەسەتخورلۇق قىلىش ، ئۆز ئارا چىشلىشىپ ، كۆچلۈكلەرگە كىشىنىشىپ ، خوجايىنلىرىدىن كەلگەن خورلۇققا چىداپ ، ئۆز قېرىنداشلىرىدىن كەلگەن كىچىككىنە زەربىگە چىدىمايدىغان ، « چۈشىن قونسا غىڭشىپ ، كالتەك تەگسە جىم تۇرىدىغان » ، « ئېشەككە كۈچى يەتمىسە توقۇمىنى ئۇرىدىغان » خىتاي مىجەز ۋە خىتايچە خاراكتېر كۆچىيىپ كېتىدۇ . ئۇزۇن مۇددەت مۇستەملىكە قىلىنىپ ، قاتتىق ئېزىلگەن ۋە خورلانغان مىللەتلەردە بۇ خىل قۇللۇق روھىي ھالەت ( خورلۇققا كۆنۈپ قېلىش ) تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ .ئەينى چاغدىكى يېڭىلا ئازاتلىققا چىققان ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدا بىر ئەۋلاد ئالماشماي تۇرۇپ ، روھىدىكى ، قانلىرىدىكى ۋە گەپ - سۆزلىرىدىكى ئاكىسراش خاھىشىنىڭ تېپىك ئىپادىلىرى نۆۋەتتىكى بىزلەردىمۇ ئەينەن كۆرۈلمەكتە .

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۇرۇشتىن قورقۇپ ، سىنا چۆلىدىن چىقىپ بۇرۇنقى يۇرتى ئېرۇسالىمغا كىرىشنى رەت قىلغاچقا ، خۇدا ئۇلارنى بۇ چۆلدە 40 يىل قالدۇرۇپ قويغان . ھەزرىتى مۇسامۇ بۇ چۆلدە نادان خەلق بىلەن بىرگە بەدەل تۆلەپ ۋاپات بولغان. يېڭى بىر ئەۋلاد ئالمىشىپ ، بۇرۇنقى روھىيىتى بۇلغانغان ، قەلبىگە پىرئەۋننىڭ ھەيۋىسى ۋە قورقۇنچى سىڭىپ كەتكەن تەسلىمچىلەر ئۆلۈپ تۈگىگەن ھامان ، ئىسرائىل

ئەۋلادلىرى « ۋەتەن » ، « ئائىلە » ، « ئىنتىقام » ، « ھەق - ھوقۇقلار » ھەققىدە چوقان كۆتۈرۈشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەزرىتى مۇسادىن كېيىنكى يېڭى پەيغەمبىرىگە، « بىزگە بىر داھىي تاللاپ بەرگىن،خۇدا يولىدا، ئادالەت يولىدا ئۇرۇش قىلايلى! »دەپتۇ. پەيغەمبىرى:
« ئەگەر ئۇرۇش بۇيرۇقى كەلسە ئىجرا قىلماي، خۇدانىڭ غەزىپىگە قالارسىلەرمىكى!» دېسە ، ئۇلار « نېمىشقا تېنىۋالغۇدەكمىز!؟ دۇشمەنلەر بىزنى ۋەتىنىمىزدىن ۋە ئەۋلاتلىرىمىزدىن ئايرىپ، يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان تۇرسا قانداقمۇ ئۇرۇشتىن باش تارتايلى!؟» دەپتۇ. پەيغەمبىرى :« ئۇنداقتا ئاللاھ سىلەرگە تالۇتنى باشلىق قىلىپ بەردى» دېسە، ئۇلار :« تالۇت قانداقمۇ بىزگە باشلىق بولالىسۇن؟ بىز باشلىق بولۇشقا ئەڭ لايىق. ئۇنىڭ يا تۇزۇك پۇلى بولمىسا؟ دېسە، پەيغەمبىرى :« خۇدا ئۇنى سىلەرگە باشلىق قىلىپ تاللىدى، ئىلىمدە ۋە ئۇستىخاندا سىلەردىن ئارتۇق قىلدى» دەپتۇ. ئۇلار گەپ تېپىپ بېرەلمەي قوشۇلۇپتۇ. ( ھازىر بىزمۇ يا ئۆزىمىز بىز ئىش قىلالماي يا قىلالايدىغانلارنى قوللاپ ، قەدرىگە يەتمەي ، ئەكسىچە سۇنزىنىڭ بەش تەلىماتىنى تەتبىقلاپ ، گەپ تېپىش بىلەن ئاۋارە . بۇ باسقۇچتىن تېز ئۆتۈپ كېتەيلى دېسەك، بۇنداق گەپلەر بىلەن ۋاختىنى بىھۇدە خورىتىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ئاغزىغا كەمپۇت سېلىپ بولسىمۇ يۇمدۇرۇپ ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ قاتتىق ئىشلەيدىغان ھالغا ئەكىلىشكە كۈچەيلى ) .

تالۇت ئەسكەرلەرنى تۇرگە ئايرىپ، دۇشمەنگە قارشى يول ئۈستىدە بىر دەريا بارلىقىنى، ئۇسسۇزلۇققا چىدىماي پەقەت بىر يۇتۇملا ئىچىۋالغانلاردىن باشقا ئەسكەرلەرنىڭ خائىن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. تولىمۇ ئەپسۇس، جاننىڭ راھىتى ئۈچۈن كۆپىنچە ئەسكەر قانغۇدەك ئىچىۋېلىپ، بۇ سىناقتىن ئۆتەلمەيدۇ. پەقەت 313 كىشىلا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ھەربىي بۇيرۇققا بويسۇنۇپ چىداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. دۇشمەن كۆزگە كۆرۈنگەندە يەنە بىر تۈركۈم قورقۇنچاق - جانباقتىلار ۋە توخۇ يۈرەك يارىماسلار « بىز چاڭقاپ كەتكەننى ئاز دەپ، دۇشمەن بەكلا كۆپ ۋە جەڭگىۋاركەن، ئۇرۇشقىدەك مادارىمىز يوق » دەپ ئومۇمىي قوشۇننىڭ روھىنى سۇندۇرۇرماقچى بولىدۇ.

ھېلىقى سىناقتىن ئۆتكەن 313 نەپەر سانى ئاز، ئىشەنچىسى زور، چىداملىق ئەسكەرلەر :« خۇدا خالىسا ئاز سانلىق كۆپ سانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدۇ. خۇدا چىدامچانلار بىلەن بىللە » دەپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇرۇشتا داۋۇت ئاتلىق ياش جالۇتنى ئۆلتۈرۈپ، تارىختىن ئۆچۈپ كېتەي دېگەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا تارىختىكى ئەڭ شانلىق دەۋرى بولغان « داۋۇت - سۇلايمان دەۋرى» گە ئۇل سالىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ تەسىرى شۇنچىلىك زور بولدىكى ، ھېلىمۇ ئاشۇ « داۋۇت - سۇلايمان دەۋرى » نى داۋاملىق ئەسلەش ئۈچۈن يەھۇدىلار 1969 - يىلدىن بېرى « سۇلايمان ئىبادەتخانىسى» نى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ھەتتا كىچىك ئۆسمۈرلىرىگە ھەر ۋاقىت بۇ « شەرەپلىك ۋەزىپە » نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇدا تەربىيە بېرىپ كەلمەكتە.
ھازىر ھەممىمىز « داۋۇت » ، « سۇلايمان » بولۇشنى ئويلايمىزيۇ ، ئەمما « جالۇت » قا قارشى كۈرەش قىلىشنى خالىمايمىز . شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى ، ئالدى بىلەن بىر « تالۇت » ئوتتۇرىغا چىقسا ، ئاندىن قالغانلار ماماتلىق كۈرەشلەر نەتىجىسىدە تاللىنىپ ياكى شاللىنىپ چىقىدۇ . شۇڭا ئەجداتلار « مەرتنى مەيداندا سىنا ! » دەپ تەلىم بەرگەن . شۇڭا ئارىمىزدا بىر « تالۇت » نى تىكلىيەلمەي ، دەل ئەكسىچە بىرسىنى پۇلى يوق ، يەنە بىرسىنى جەمەتى يوق ، يەنە بىرلىرىنى بىر نېمىسى يوق دەپ گەپ تېپىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەرسەك ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۆرىنى كولىغان بولىمىز .

گەرچە ھازىرقى چېچىلاڭغۇلۇقلار، بۆلۈنۈشلەر، ۋاھاكازالار ... كۆرۈنۈشتە بىزگە زىيانلىقتەك تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچكى يۈزى تولىمۇ پارلاق بىر كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى بىزدىن بالدۇر بايقىۋالغان دۇشمەن ئالدىن قول سېلىپ، ئۇيغۇرلارنى تۈپتىن يوق قىلىش بەدىلىگە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ.

پىرئەۋن گەرچە ھەزرىتى مۇسا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا تەدبىر ئېلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. ئانىسىنى مىڭ ئۆلتۈرۈپ، تەستە تۇغۇلغان بالا، كېيىنچە دۇنيانىمۇ مىڭ قېتىم زىلزىلىگە سالماي تۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا كەتمەيدۇ. تولغاق قانچە قاتتىق بولسا، يېڭى ھاياتلىق شۇنچە شىرىن ۋە پارلاق بولىدۇ.

بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزدىن « قىيامەت قاچان؟ »دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز « قىيامەتكە قانچىلىك تەييارلىق قىلالىدىڭ؟» دەپ جاۋاپ بەردى. .........

دېمەك «بۇ زۇلۇم قاچان تۈگەيدۇ؟ ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز قاچان قۇتۇلىدۇ؟ » « بىزدىن قاچان قەھرىمانلار چىقىدۇ » دېگەن سوئاللارغا « مەن شۇ كۈن ئۈچۈن قانچىلىك تەييارلىق قىلالىدىم؟قانچىلىك ئادەم كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە بىلىم كۈچى تەييارلىيالىدىم ؟» ، « قەھرىمان بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالىدىم ؟ ياكى قەھرىمانلارنى قوللاش ئۈچۈن نېمە قىلدىم؟» دەپ سوراپ باقايلى! بۇ سوئالغا مەيدىمىزگە مۇشتلاپ جاۋاپ بېرەلىگەن كۈنىمىز دەل بىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ قايتا تۇغۇلغان كۈنىدۇر، دۈشمىنىمىزنىڭ مەھشەر كۈنىدۇر! شۇڭا « ئۇ كۈن زادى قاچان كېلىدۇ؟» ياكى « بىزدىن قاچان قەھرىمانلار چىقىدۇ » دەپ ئاھ ئۇرۇشتىن ۋە باتناشتىن ئىلگىرى ھەممىمىز « مەن ئۇ كۈن ئۈچۈن قانچىلىك تەييارلىق قىلدىم؟» ، « مەن شۇ قەھرىمان بولۇش ئۈچۈن ياكى ئۇنى قوللاش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىۋاتىمەن » دەپ سورايلى! ھەممەيلەن « ئەمدى تەييارلىقىم پۈتتى !» دەپ مەيدىمىزگە ئۇرالىغان كۈنى، تۇيۇقسىز بىر تالۇت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىز شۇنىڭغا بويسۇنۇپ، زامانىمىزدىكى « جالۇت» بولغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قانخور تېررورچى باندىتلارنى تارمار قىلىپ ، جىنايەتلىرىدىن ھېساپ ئالىمىز.

نەتىجىدە مىللىتىمىز تارىختىن بۇيانقى ئەڭ سەلتەنەتلىك ۋە پارلاق دەۋرىنى قايتا باشلايدۇ! « سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار!»
سۈرە بەقەرە 216 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

« جەھەننەم ئىنسانلارنى قىزىقتۇرىدىغان لەززەتلىك ۋە شەھۋەتلىك نەرسىلەر بىلەن يۆگەپ قويۇلغان. جەننەت كىشىنىڭ كۆڭلى تارتمايدىغان، ئىنسانلار قىزىقمايدىغان ئېغىر ئىشلار بىلەن پەردىلەنگەن ».
ھەدىس شەرىپتىن .

خاتىمە : بۆرىنىڭ توققۇز خىسلىتى ۋە ئۇيغۇر خەلقىدە بۆرە روھىنى قايتا ئومۇملاشتۇرۇش

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىمۋولى بولغان بۆرىنىڭ توققۇز خىسلىتى
1.پۇرسەت كۈتۈش .
بۆرە ئۆزى ئاجىز ۋاقىتتا قانداقتۇر ئاتالمىش غورۇر ئۈچۈن ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ھۇجۇم قىلمايدۇ .
2.ئۆملۈك .
بۆرە ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا چوقۇم كوللىكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ .
3.ئۆزىنى بىلىش .
بۆرىنىڭ ھايۋانلار پادىشاھى بولۇش خىيالى بار ئەلۋەتتە ، لېكىن بۆرە ئۆزىنىڭ شىر ، يولۋاس ئەمەس ، بۆرە ئىكەنلىكىنى ئەستە ساقلايدۇ .

4.ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈش .
بۆرە قانداق قىلىپ ئەڭ كىچىك بەدەل بىلەن چوڭ پايدىغا ئېرىشىشنى بىلىدۇ .
5.تەڭ ئىلگىرلەپ تەڭ چېكىنىش .
بۆرە گەرچە تەنها يۈرۈشنى ياخشى كۆرسىمۇ ، لېكىن بىرلەشمە ھۇجۇمدا ئەڭ ئىتتىپاق ، بۆرە يارىلانغان سەپدىشىنى تاشلاپ جەڭ مەيداندىن چېكىنمەيدۇ .
6.ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى چۈشۈنۈش .
بۆرە ھەرقانداق رەقىبىنى ھۆرمەت قىلىدۇ ، رەقىبىنى ياخشى چۈشۈنىدۇ ، رەقىبىنى سەل چاغلىمايدۇ ، شۇڭا بۆرە ئاسان غەلىبە قىلىدۇ .
7.كۆيۈمچانلىق .
ئەركەك بۆرە چىشى بۆرە ھامىلدار بولغاندىن تارتىپ بۆرە كۈچۈكى تۇغۇلۇپ تاكى مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغۇچە ئانا -بالىنى قوغدايدۇ .
8.مۇستەقىل ياشاش .
بۆرە بالىسى مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش يېشىغا يەتكەن ھامان بالىسىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ ، چۈنكى بۆرىنىڭ پەلسەپىسى "بۆرە بول ، بولمىسا قوي بول "دېگەنلىكتۇر .
9.ئەركىنلىكىنى سۆيۈش .
بۆرە ئەركىن ، تەنها يۈرۈپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە رازىكى ، بىر پارچە تەييار لوقما ئۈچۈن باشقىلارغا قۇيرۇق شىپاڭشىتمايدۇ .

يۇقىرىقى توققۇز خىسلەت ئەجدادلىرىمىزدا مۇجەسسەملەشكەندە ، ھازىرقى خىتايلار ئەڭ كۆرەڭلەيدىغان كۈچلۈك ئىمپېرىيىسى تاڭ سۇلالىسى تۇتۇقبېگى گاۋ شەنزى 751 - يىلى تالاستا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ، ھەيۋىسى يەر بىلەن يەكسان بولغان . بەش يىلدىن كېيىن ھەر ئىككى پايتەختى قولدىن كەتكەن تاڭ سۇلالىسى ئەمىر لەشكىرى گوزيىي 756 - يىلى بۆرە باشلىق ھەربىي بايراققا توققۇز تازىم قىلغاندىن كېيىن ، ئاندىن بايانچۇر قاغان بىلەن كۆرۈشۈپ، ھالاك بولاي دېگەن دۆلىتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. قاغان تاڭ سۇلالىسىنى بېقىندى قىلىۋېلىپ ، ئۇدا 80 يىل قارام ئەلگە ئايلاندۇرۇپ قويالىغان.

ئارىدىن مىڭ يىل ئۆتۈپ ، ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئارا ئىككى تەرەپ بولۇپ ، ئىتتەك بىر - بىرىنى چىشلىشىپ يۈرگىنىدە ، سەددىچىندىن قايتا چىققان مەنچىڭ باندىتلىرى تەرىپىدىن ئېلى ۋە تارىم ۋادىسىدا دەريا - دەريا قانلىرى بىلەن ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ بەدەل تۆلىگەن. كېيىنكى 260 يىلدا بارا - بارا قويغا ئوخشاش رايىش ۋە ساددا بولغانسىرى بېشىمىزغا كەلگەن بالا - قازالار تېخىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيگەن . بۇنى تارىختىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ھەر كىم ئوبدان بىلىدۇ . قايتىدىن ئەسلىدىكى جەڭگىۋار ھالىتىمىزگە قايتىمىز دەيدىكەنمىز يۇقىرىقى بۆرىنىڭ توققۇز خىسلىتىنى ئۆزىمىزگە تولۇق تەتبىقلىشىمىز لازىم. بۇ توققۇز خىسلەت ئىسلام دىنىمىزدىمۇ ئۇدا تەكىتلەنگەن قىممەت قاراشلارنىڭ ئەڭ مۇھىم گۆھەرلىرىدۇر.

غالىپ بارات ئەرك « ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتە چېكىنىش سەۋەبلىرى » ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرغان :
خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلار 1600- يىلدىن 1900- يىلغىچە بولغان 300 يىل جەرياندا تۇرلۇك قىسمەتلەرگە دۇچار بۇلۇپ مەدەنىيەتتە چېكىنىپ كەتتى، بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىغىنى يۇقاتتى. ئەمما ئۇ ئۆتمۇش، ھەرگىزمۇ ھازىر مەدەنىيەتتە ئالغا باسالماسلىغىمىزنىڭ سەۋەبى ئەمەس، ھازىر مەسئۇلىيەتنى ئۇلاردىن ئىزلەش ئۆز مەسئۇلىيىتنى باشقىلارغا ئىتتىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، لېكىن تارىخى ساۋاقلارنى قۇبۇل قىلىشىمىز ، سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۇنى تۈزۈتىشىمىز لازىم. ئەمدى، مانا ئىنسانىيەت 21- ئەسىرگە ئۆزىنىڭ

تۇرلۇك يېڭىلىقلىرى بىلەن زامانىۋىلىشىپ كىرسىمۇ بىز تولىمۇ تۆۋەن ئاڭدا مەس ۋە ئەلەڭ- سەلەڭ ھالدا، كۆپىمىز ئىشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ كىرىپ كەلدۇق، بىز داۋاملىق مۇشۇنداق يۈرسەك ئەۋلاتلىرىمىز بىز توغرىلىق نېمە دەپ يەكۈن يازار تارىخ بېتىگە؟


تولىمۇ ئەپسۇس ، ھازىر ۋەتىنىمىزدە بولۇۋاتقان چىدىغۇسىز خورلۇق ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلەرگە قارىتا قارشىلىق روھىمىز ھەسسىلەپ كۆچىيىش تۆگۈل ، كۈنسىرى چېكىنىپ ۋە بوشىشىپ كېتىۋاتىمىز . ئەسلىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان بىزگە كۈچ ۋە ھۆرمەت بېرىدىغان دىنىمىز ۋە قىممەت قاراشلىرىمىز ھازىرقى كۈندە بىزنى تېخىمۇ يۇۋاشلىق بىلەن زۇلۇمغا ۋە جىنايەتلەرگە سۈكۈت قىلىشقا تەسەللىي بېرىدىغان بەزلەش ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ . بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس.

قىيامەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھېچ بىر زالىمنى سوراقسىز ۋە جازاسىز قويمايدىغانلىقى ھەممىمىز ئىمان كەلتۈرگەن ھەقىقەت. ئەمما يەنە بىر ھەقىقەت، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتساق بىر مەجبۇرىيەت بار! ئۇ بولسىمۇ، زالىملاردىن بۇ دۇنيادا قىساس ئېلىش . مەزلۇملۇق ئىنسانغا ئاللاھ ئالدىدا دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان مەرتىۋە ۋە قىيامەتتە زالىمدىن قىساس ئالىدىغان پۇرسەت ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ دۇنيادا زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ. دۇئالىرىمىز زالىملارنىڭ بىر كېچىدە گۇمراھ بولىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، خاتالىقلىرىمىزنىڭ تۈزىلىشى، توغرا يولىمىزنىڭ تېپىلىشى، كۈرەش قىلغۇدەك كۈچ ۋە ئەقىلنىڭ ئاتا قىلىنىشى ، بارچە چوڭ - كىچىك تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈنمۇ تۈرتكە بولۇشى كېرەك ئىدى. قاراپ باقساق، قۇرئاندا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرىنىڭ ھالاكىتىنى تىلىگەن دۇئالىرىدا بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالادىن ئۇلارنى گۇمران قىلىدىغان مۆجىزىۋىي جازالارنى تىلىگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دۇئالىرىدا ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇمنى يوق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت ۋە توغرا يول سورىغانلىقىنى بايقايمىز.

ئاخىرىدا بۇندىن يۈز يىل بۇرۇن مەرھۇم غازى ئابدۇقادىر داموللام بىزگە خىتاب قىلغان ، بىراق تېخىچە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بىر ھەقىقەتنى قايتىدىن ئەسلىتىشنى توغرا تاپتۇق. بۇ نىشان ئەمەلگە ئاشسا بىزدىكى بارچە ئىمكانسىز دەپ قارالغان ئىشلار مۇمكىن ئىشلارغا ئايلىنىشى، تۈزىگىلى بولمايدۇ دەپ قارالغان ئىللەتلەر تۈپتىن ئىسلاھ قىلىنىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بوپقالىدۇ ، خالاس .........

سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟
جاۋاب: ئىككى نەرسىدۇر: بىرى بىلىمسىزلىك، يەنە بىرى نادانلىقتۇر.

سوئال: ئىززەت - ئابروي ۋە كۈچ - قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟
جاۋاب: ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ.



# نیتزشنڭ ئۆزگچە
# تەپەککوردن ئۆرنەکلەر

بىز قانچە ئېگىز پەرۋاز قىلغانسېرى، ئۇچالمايدىغانلارغا شۇنچە كىچىك كۆرۈنىمىز.
**The higher we soar, the smaller we appear to those who cannot fly.**

يەر شارىنىڭ تېرىسى بار، تېرىنىڭ كېسەللىكلىرى بولىدۇ. يەر شارىنىڭ كېسەللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى «ئىنسان»دۇر.
**The earth has a skin and that skin has diseases; one of its diseases is called man.**

سىياسىئون ئىنسانلارنى «پايدىلىنىش قورالى (بولالايدىغان ئىنسانلار) ۋە دۈشمەنلەر»دىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىيدۇ.
**A politician divides mankind into two classes: tools and enemies.**

ھەقىقەت دېگەن بىز خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن خام-خىياللاردۇر.
**Truths are illusions which we have forgotten are illusions.**

ھەقىقەتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا يالغان ئارىلاشقان بولىدۇ.
**What is the truth, but a lie agreed upon.**

يازغۇچى ئەسىرى سۆزلەشكە باشلىغان ۋاقىتتا، ئاغزىنى يۇمۇشى كېرەك.
**The author must keep his mouth shut when his work starts to speak.**

لاياقەتلىك يازغۇچى ئۆزىنىڭ روھىغىلا ئىگە بولالىغان ئەمەس، ئۇنىڭغا قوشۇپ دوستلىرىنىڭ روھىغىمۇ ئىگە بولالىغان يازغۇچىدۇر.
**A good writer possesses not only his own spirit but also the spirit of his friends.**

مەلۇم خىل ئوي-پىكىر، ھەتتا مەلۇم بىر مۇمكىنچىلىك بىزنى دەرغەزەپكە سالالايدۇ، ۋەياكى بىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.
**A thought, even a possibility, can shatter and transform us.**

يەككە شەخستە روھىي بىنورماللىق كام ئۇچرايدۇ. بىراق، گۇرۇپپىلارغا، پىرقىلەرگە، دۆلەتلەرگە ۋە دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، روھىي بىنورماللىق پىرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ.
**In individuals, insanity is rare; but in groups, parties, nations and epochs, it is the rule.**

ناچار چوڭقۇرلۇقتىن خالىي چىرايلىق سىرتقى كۆرۈنۈشلەر مەۋجۇت ئەمەس.
**There are no beautiful surfaces without a terrible depth.**

ۋىجدانىڭ ساڭا نېمە دەيدۇ؟ «قانداق ئادەم بولساڭ، شۇ ھالىتىڭنى نامايان قىل» (دەيدۇ).
**What does your conscience say? – ‘You should become the person you are’.**

ھاياتلىق دەرت تارتىشتۇر. مەۋجۇدىيەت بولسا دەرت تارتىش ئىچىدىن مەنە ئىزدەشتۇر.
**To live is to suffer, to survive is to find some meaning in the suffering.**

سۆيۈلۈشنى تەلەپ قىلىش بارلىق نادانلارچە پەرەزلەردىن ئۇلۇغراقتۇر.
**The demand to be loved is the greatest of all arrogant presumptions.**

ھەر قانداق رېئال ئىنساننىڭ ئىچىگە، ئويناشقا ئېھتىياجى بار بىر بالا يوشۇرۇنغاندۇر.
**In every real man a child is hidden that wants to play.**

ماڭا يالغان سۆزلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم ئەمەس. بىراق، ھازىردىن باشلاپ ساڭا ئىشىنەلمەيدىغان بولىدىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم.
**I’m not upset that you lied to me, I’m upset that from now on I can’t believe you.**

بىزنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارمىغانلىكى (ھەرقانداق) ئىش بىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ.
**That which does not kill us makes us stronger.**

بىلىم ئادىمى دۈشمەنلىرىنى سۆيەلەشكىلا ئەمەس، دوستلىرىغا ئۆچ بولۇشقىمۇ قادىر بولالىشى كېرەك.
**The man of knowledge must be able not only to love his enemies but also to hate his friends.**

بىزگە ھارغىنلىق يەتكەندە، ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرى بىزگە تىزلانغان ئىدىيەلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايمىز.
**When we are tired, we are attacked by ideas we conquered long ago.**

كامالەتكە يەتكەن ھەر بىر مۇتەپەككۇر خاتا چۈشىنىلىشتىن بەكراق، چۈشىنىلىشتىن ئەنسىرەيدۇ.
**Every deep thinker is more afraid of being understood than of being misunderstood.**

كىشى ئەگەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ تۇرۇۋېلىشنى داۋاملاشتۇرسا، ئوقۇتقۇچىسىغا ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ.
**One repays a teacher badly if one always remains nothing but a pupil.**

كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ قەلبىنى كونتروللۇقىدا تۇتۇشى كېرەك. ناۋادا كىشى كۆڭۈل خاھىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە، ئاز كۈندىن كېيىن كاللىسىنىڭ كونتروللۇقىنىمۇ تارتۇققا بېرىدۇ.
**One ought to hold on to one’s heart; for if one lets it go, one soon loses control of the head too.**

ماھىيىتى ئوچۇقلاشقان ئىش بىزنىڭ ئۇ توغرۇلۇق باش قاتۇرشىمىزغا ھاجىتى قالمىغان ئىشتۇر.
**A matter that becomes clear ceases to concern us.**

بەختسىز نىكاھ تۇرمۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى مۇھەببەتنىڭ كەمچىللىكى ئەمەس، دوستلۇقنىڭ كەمچىللىكىدۇر.
**It is not a lack of love, but a lack of friendship that makes unhappy marriages.**

**مۇھەببەت قارىغۇ، كۆرمەيدۇ؛ دوستلۇق كۆزىنى قىسىۋالىدۇ.**

**Love is blind; friendship closes its eyes.**

ئىنگىلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى.

تەرجىماندىن ئىلاۋە: بۇ ئۆزلۈندىلەر 19-ئەسىردە ياشىغان گېرمان پەيلاسوپى فرىدرېخ نېتزىنىڭ پىكىر-تەپەككۇرلىرىدىن تەرمىلەر بولۇپ، ئۆزلۈندىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر نېتزىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۆزلۈندىلەردە ئەكس ئەتكەن پىكىرلەردىن بۇ پەيلاسوپنىڭ ئەينى دەۋردىكى گېرمان ۋە ياۋروپا جەمئىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ۋە ئەينى دەۋردىكى غەرب جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

**(2020-يىلى 7– ئاينىڭ 21 – كۈنىدىن 2020 - يىلى 8– ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە)**

**21– ئىيۇل:**

«رىيتىر ئاگېنتلىقى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو بىلەن ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزى بورىس جونسون خىتاينىڭ خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقان.

«**socialistworker**»تورىدا «يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ خىتايدىكى ئېزىلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئىككى يۈزلىمچىلىكى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىغا قارىتا ئىلگىرىكىدىن كۈچلۈك ئىنكاس بىلدۈرۈشى ئەنگلىيە بىلەن غەرب ئارىسىدىكى تېخنىكا ساھەسىدىكى سودا ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى خالاس، دەپ قارالدى.

«**spectator**» تورىدا «غەرب يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىنى توسۇپ قالالمىغانىدى، ئەمەلىيەتتە بىز ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان قىرغىنچىلىقنىمۇ توسۇيالمايۋاتىمىز» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**22 – ئىيۇل:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، غۇلجانىڭ سۈيدۈڭ بازىرىدا، ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتلىرى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ئاھالىلەرگە يېقىندا پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ۋە ئاھالىلەرگە سورالغان سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئۆگەتكەن؛ شۇنداقلا ئۇلارغا ئەگەر سوئاللارغا خاتا جاۋاب بېرىپ قويسا، بۇنىڭ جازاسىنىڭ «تەربىيىلەش»كە ئاپىرىلىش بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان.

«ياۋروپا كۆزەتكۈچىسى» تورى رىيتېر ئاگېنتلىقىدىن نەقىل قىلغان خەۋەرگە كۆرە، فرانسىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ژان يىۋېس لې دريان سەيشەنبە كۈنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلمىنى ئەيىبلىگەن ۋە فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونغا مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنى ئەۋەتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە «بۇ رايوندىكى بارلىق قىلمىشلارنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار يەر شارىدىكى بارلىق كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرىگە خىلاپ، بىز ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەيمىز» دېگەن.

«**theprovince**» تورىدا «كانادا خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**23 – ئىيۇل:**

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، دۇنيادىكى **36** دۆلەتتىكى **190** دىن ئارتۇق تەشكىلات بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق پۈتۈن چىقىۋاتقان كىيىم – كېچەكلەرگە ئالاقىدار شىركەتلەرنىڭ بۇ خىل مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتىنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلغان.

«**devdiscourse**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەنىڭ ئالىي كومىسسارى سىر فىلىپ بارتون «بىز خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن ئەندىشىلەنمەكتىمىز» دېگەن.

«**upi**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى ستىفېن بىيگۈن چارشەنبە كۈنى خىتاينىڭ **COVID-19** كېسەللىنى داۋالاش تېخنىكىسىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ۋە ۋىرۇسنىڭ تەھدىتى ھەققىدە گەپ قىلغانلارنى قولغا ئېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن.

**24 – ئىيۇل:**

«**vox**» توربىدا «خىتاي ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق تۇتقۇن قىلماقتا – ئەمما دۇنيا بۇنى توسۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىش قىلمايۋاتىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«**politico**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بەزى ئەزالىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرىغا قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە ئۈندىگەن.

**25 – ئىيۇل:**

«**BBC**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ئامېرىكادىكى ياڭ جۇنۋېي ئىسىملىك بىر سىنگاپور پۇقراسىنىڭ **2015** – يىلىدىن **2019** – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

«**republicworld**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ياۋروپا ئىتتىپاقى پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە زۇلۇملىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشقا چاقىرىق قىلغان.

«**borgenmagazine**» توربىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىنى توسۇش قانۇنى دۆلەت مەجلىسىدە» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.

«**nypost**» توربىدا «نايك شىركىتى ئىجتىمائىي ئادالەت ھەققىدە جار سېلىۋەرمەي، خىتايدا قۇل ئورنىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان(ئۇيغۇر)لارنى ئىشلەتكەنلىك گۇناھىنى يۇيۇشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**26 – ئىيۇل:**

«**politico**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي مۇناسىۋىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەئىسى رېينخارد بۈتىكوفېر شەرقىي تۈركىستاندا ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى بار ۋولكىسۋاگېن شىركىتىنى خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلمىغا قارىتا ئىپادە بىلدۈرمىدى، خىتاي بىلەن ھەمنەپەس بولدى، دەپ ئەيىبلىگەن.

**27 – ئىيۇل:**

تۈركىيەدىكى «ئانادولۇ ئاگېنتلىقى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئىستانبۇلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندا لاگېرلارغا سولانغان ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىز – دېرىكىنى قىلىش

ئۇچۇن بەيازىد مەيدانىدا قوللىرىدا ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ رەسىمىنى تۇتقان ھالدا نامايىش قىلغان.

ئەنگىلىيە «قوغدىغۇچى گېزىتى»نىڭ تور بېتىدە «ئۇيغۇرلار ئۇچۇن خىتايغا قارشى ھالەتنى ئىپادىلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ، چوقۇم نىشانلىق ھەل قىلىش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«marketwatch» توردا «ۋال كوچىسى خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكلىرىگە كۆز يۇمۇۋالدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى، ماقالىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدىمۇ، شىركەتلەرنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتۇپ، خىتاينىڭ زۇلمى توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمايۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**28** – ئىيۇل:

ئەنگىلىيە «قوغدىغۇچى گېزىتى»نىڭ تور بېتىدە « شەرقىي تۈركىستاندا تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ يامراش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى بۇ ۋابانىڭ لاگېرلارغىمۇ كېڭىيىشى ھەققىدە ئەندىشىلەرگە سەۋەب بولماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«indiatimes» توردا «دۇنيا ئەمدى بولسىمۇ خىتاينى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئۇچۇن جاۋابكارلىققا تارتىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**29** – ئىيۇل:

«چەتئەل سىياستى» توردا «ۋاتىكان پاپاسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سۈكۈتى نۇرغۇن نەرسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ» ماۋزلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، ھەر قېتىملىق ۋەزلىرىدە دۇنيادىكى ئېزىلگەن خەلقلەر ھەققىدە سۆز قىلىدىغان ۋاتىكان پاپاسىنىڭ خىتاينى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ باقمىغانلىقى، بۇنداق بولۇشىغا ئىككى يىل ئاۋۋال ۋاتىكان بىلەن خىتاي ئارىسىدا تۈزۈلگەن مەخپىي كېلىشىمنىڭ سەۋەب بولغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«businessinsider» توردا مەھمۇتجان ئابدۇرېھىم ئىسىملىك بىر ئۇيغۇرنىڭ پاجىئەسى بايان قىلىنغان ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە دېيىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى **2015** – يىلى مەھمۇتجاننىڭ ئايالى ۋە باللىرىنى «پاسپورت يېڭىلاش» نامىدا شەرقىي تۈركىستانغا چاقىرتىپ ئەكەتكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلە قايتا جەم بولالمىغان. بۇنىڭدىن سىرت، مەھمۇتجاننىڭ ئايالى **2017** – يىلى لاگېرغا سولانغان. شەكسىزكى، بۇ مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان نەچچە ئون مىڭ، ھەتتا نەچچە يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ ئورتاق قىسمىتىدۇر.

**30** – ئىيۇل:

«justsecurity» توردا «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان زۇلۇمنى توختىتىش ئۇچۇن ئامېرىكانىڭ يەككە ۋە كۆپ دۆلەت بىرلەشكەن سىياسەت تاللاشلىرى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بۇ مەسىلىدە ئامېرىكانىڭ ئۆز ئالدىغا، شۇنداقلا كۆپ دۆلەتلەر بىرلىكتە قوللىنالىشى مۇمكىن بولغان تەدبىرلەر قىسقىچە تەھلىل قىلىندى.

**31** – ئىيۇل:

ئەنگىلىيە «قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى **31**-ئىيۇل خىتاينىڭشەرقىي تۈركىستاندا تۈرۈشلۈق ئاتالمىش «ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش كورپۇسى»، يەنى «بىڭتۇەن» ۋە ئۇنىڭ ئىككى نەپەر باشلىقىنى، يەنى «بىڭتۇەن» نىڭ سابىق پارتكوم سېكرېتارى سۈن جىنلوڭ ۋە بىڭتۇەننىڭ ھازىرقى باش قوماندانى ۋە مۇئاۋىن پارتكوم سېكرېتارى پېڭ جيارۈينى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلىقى ئۇچۇن «يەرشارى ماگنىتسكىي قانۇنى» ئارقىلىق جازالايدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

«سودا دۇنياسى» توربىدا «شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان دۇنياسىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلمىغا قاراتقان سۈكۈتىنى بۇزۇشقا چاقىردى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**1 – ئاۋغۇست:**

«فوربېس» توربىدا «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىيلىكلىرى سەۋەبلىك خەلقئارادا نەزەردىن چۈشۈشى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، خىتاي ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئارقىمۇئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىققان دەلىل – ئىسپاتلار نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىي قىلمىشلىرىدىن تېنىۋېلىش مۇمكىن بولمىغۇدەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەنلىكى تىلغا ئېلىندى.

**2 – ئاۋغۇست:**

«سىياسەت» توربىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي خىتاي ئەرلەرنىڭ ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىغا ئۆيلىنىشىنى تەشۋىق قىلىپ ئېلان ئىشلەپ، خىتاي ئەرلەرنى شەرقىي تۈركىستان رايونىغا جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنغان.

«newstracklive» توربىدىمۇ «خىتاي ئۇيغۇر ئاياللارنى خىتاي ئەرلەرگە تېگىشكە مەجبۇرلىماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«indiablooms» توربىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، جامۇ – كەشمىردىكى دېموكراتىك ئازادلىق پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ھاشىم قۇرەشى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلمىنى ئەيىبلىگەن.

**3 – ئاۋغۇست:**

«wionews» توربىدا «خىتاي پاكىستانغا ئۇيغۇر كىرىزىسى ھەققىدە <ھاياجان>لىنىپ كەتمەسلىكنى جېكىلىگەن» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«heavy» توربىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، سابىق لاگېر مەھبۇسى زۇمرەت داۋۇت جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

**5 – ئاۋغۇست:**

ئەنگلىيەنىڭ BBC قانىلىدا ئېلان قىلىنغان مەردان غاپپار ئىسىملىك ئۇيغۇر مودېل يىگىتنىڭ كۆچادىكى بىر كارانتىن قىلىش ئۆيىدىن تارقاتقان ۋىدىيوسى ناھايىتى زور غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇ خەۋەر «قوغدىغۇچى گېزىتى»، «فوكس» تورى قاتارلىق دۇنياۋى داڭلىق تاراتقۇلاردا بەس – بەستە خەۋەر قىلىندى.

«jurist» توربىدا «ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**6 – ئاۋغۇست**

«asiasociety» توربىدا «كۆزىتىش ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، خىتاينىڭ بۇ يەردىكى زۇلمىنى ئەۋجىگە چىقىرىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتقان يۇقىرى تېخنىكىلىق كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە زىچ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.

«southeastsun» توربىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى مەسىلىسىدە قۇرۇق گەپ سېتىشنى توختىتايلى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتلاردا قۇل ئورنىدا مەجبۇرىي ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى روشەن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ بولغان بۇ كۈنلەردە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئەمەلىي تەدبىرلەرنىڭ يەنىلا ئاز بولۇۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«thejc» توردا «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**7 – ئاۋغۇست:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، مەكتەپ ناھىيەسىدە لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەنلەر ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئائىلىلىكلەر قورۇسى سېلىنغان بولۇپ، **7000** دىن ئارتۇق ئائىلە سىغىدىغان بۇ قورۇغا كىرىپ-چىقىش چەكلەنگەن ۋە بۇ قورۇ «**14**-ئاھالىلەر رايونى» دەپ ئاتالغان.

«**france24**» توردا «قولغا كويزا سېلىنغان ئۇيغۇرنىڭ ۋىدىيوسى خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قايتىدىن خىتاينىڭ زۇلمىغا مەركەزلەشتۈردى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، مەردان غاپپارنىڭ ۋىدىيوسى ھەققىدە توختىلىندى.

«**independent**» توردا «مىللەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى دۇنيا مىقياسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ بەك ئېزىلىشىگە سەۋەب بولدى. ئەمما ئۇيغۇرلار بىلەن كەشمىر مۇسۇلمانلارنىڭ قىسمىتى ھەممىسىنىڭكىدىن پەرقلىق» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**8 – ئاۋغۇست:**

«**thejc**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئىسلام، خىرىستىئان، يەھۇدىي، بۇددىزم ۋە باشقا دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي **76** نەپەر دىنىي رەھبەر بىرلىكتە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى بايانات ئېلان قىلغان.

**10 – ئاۋغۇست:**

ئەنگلىيە «قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئالما شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان كىيىملەرنى سېتىۋالغانلىقى (دۇكاندىكى خىزمەتچىلىرىنىڭ كىيىشى ئۈچۈن سېتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن) ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ ئالاقىدار ئىمبارگوسىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىكەن.

«**policyoptions**» توردا «كانادانىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توسۇش مەجبۇرىيىتى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«**moderndiplomacy**» توردا «خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا ئەرزنامە سۇنۇش: ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى قانۇنىي كۈرىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، «شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت ئىككى تەشكىلاتنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا ئەرز سۇنۇشىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىدىكى ئەھمىيىتى تونۇشتۇرۇلدى.

**11 – ئاۋغۇست:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىدە «مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس ئورۇنلىرىغا قارىتىلغان ھۇجۇم داۋامىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسجىدلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى چېقىۋېتىلگەن» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«**blastingnews**»دا «يەھۇدىي پوپلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلمىنى يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىغا سېلىشتۇردى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**12 – ئاۋغۇست:**

«**newsweek**» توردا «بىز شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەھىمىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«**albawaba**» توردا «ئىنسانسىزلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار قانداق قىلىپ پايدا ئالغىلى بولىدىغان كارخانىغا

ئايلاندۇرۇلدى» ماۋزۇلۇق سۆھبەت خاتىرىسى ئېلان قىلىندى. سۆھبەتكە كۆرە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئامېرىكالىق ئانتروپولوگ دەررېن بايلىر مەزكۇر تورنىڭ سۆھبەت پروگراممىسىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى «ئىنسانسىزلاشتۇرۇش»، يەنى ئىنسان ئەمەستەك، ھايۋاندەك مۇئامىلە قىلىشتىكى مۇددىئالىرىنى مۇلاھىزە قىلغان.

**13 – ئاۋغۇست:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلامىي ئېتىقادقا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان يېقىنقى ئۈچ يىلدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسچىتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى چېقىش ۋە يوق قىلىش بىلەن قانائەت قىلماستىن، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ تېخىمۇ غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئىشلارنى قىلغان ياكى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلغان. ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدىكى تۆكۈل مەسچىت تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئوبۇرنىيغا ئۆزگەرتىلگەن؛ چېقىلغان ئازنا مەسچىتىنىڭ ئورنىغا ھاراق-تاماكىمۇ سېتىلىدىغان تاللا بازىرى ئېچىلغان.

«france24» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تۈرك پۇتبولچى مەسئۇل ئۆزىل ئۆزى تەۋە ئارسېنال كۇلۇبىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ھەققىدىكى باياناتىنى قوللىمىغانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان.

**14 – ئاۋغۇست:**

«nationalreview» تورىدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى قانداقمۇ مۇھاكىمە قىلماي تۇرغىلى بولىدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە بۇ ماقالىدە «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ جازا لاگېرلىرى، سىياسىي جەھەتتە قايتا تەربىيىلەش (مېڭە يۇيۇش) ئورۇنۇشى، (ئۇيغۇر ئايالLARنى) مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىشى، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشى ۋە باشقا يىرگىنچلىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە قارىتا نەپرەت بىلدۈرۈش ھەركىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىقىش كېرەك بولىدۇ» دېيىلدى.

**15 – ئاۋغۇست:**

«abc» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى سەۋەبلىك، 2022 – يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى باشقا يەردە ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىق قىلغان.

**16 – ئاۋغۇست:**

«تېلېگراف» تورىدا «خىتاي ئەنگلىيە تۇپرىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى پاراكەندە قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى. خەۋەردە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا خىتايغا قارشى پائالىيەتلىرىنى دەرھال توختىتىش، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ھەرخىل يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان.

**17 – ئاۋغۇست:**

«دىپلومات» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ ئۆز خەلقىگە قىلغان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە رەھىمسىزلىكىگە، بولۇپمۇ زوراۋانلىقىغا، ھاقارەتلىرىگە، قىيىن - قىستاقلىرىغا ۋە ئۆلتۈرۈشلىرىگە شاھىت بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى سابىق لاگېر ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان قەلبىنۇر سىدىق ئۆزىنىڭ لاگېردا شاھىت بولغانلىرىنى، بولۇپمۇ جاللات چېن چۈەنگو ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن 2016-يىلدىن كېيىنكى باستۇرۇش ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە بىرىنچى قول بايانلار بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ

بايانلىرىدا لاگېرلاردىكى دائىملىق ئۆلۈم-يېتىم ھادىسىسى، جىسمانىي قىيىن – قىستاق، ئۇيغۇر خانىم – قىزلىرىنىڭ دائىم باسقۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئاچارچىلىق، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى ناچارلىقى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.

«jpost» تورىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى ئىنسانىيلىق كىرىزىسىدۇر. ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىنىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، 17 - ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ تاكسىم مەيدانىدا ئائىلە ئەزالىرى ۋە تۇغقانلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە سولانغان ئۇيغۇر ياشلىرى توپلىنىپ، تۇتۇلغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مايكىلارنى كىيىپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ۋاقىتتا تاكسىم مەيدانىدا سۈرەتكە چۈشكەن لاگېر قۇربانلىرىنىڭ يېقىنلىرى ساقچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان. ساقچىلار ھېچقانداق سەۋەب كۆرسەتمەستىن تۇرۇپ، ئۇلارنى چۈشكەن سۈرەتلىرىنى يۇيىۋېتىشكە، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان يېقىنلىرىنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن مايكىلىرىنى سېلىۋېتىشكە ياكى ئۇنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىشكە زورلىغان.

**18 – ئاۋغۇست:**

«دىپلومات» تورىدا «خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنى قوغدامدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، ب د ت نىڭ بارلىق ئورگانلىرى ئىچىدە خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىردەك ماقۇللىشى، ياكى خىتاينىڭ ماقۇللىقى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، ئۆز ئالدىغا تەدبىر قوللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە «خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى»نىڭ نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتكە قارىتا تەدبىر قوللىنىدىغان – قوللانمايدىغانلىقى مۇلاھىزە قىلىندى.

«catholicnewsagency» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر دوختۇرخانىدا دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان، ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان خاسىيەت ئابدۇللاھ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دوختۇرخانىلىرىنىڭ ئاتالمىش «پىلانلىق تۇغۇت» سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا قەرەللىك ھالدا بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىدىغانلىقىنى ۋە يېڭى تۇغۇلغان ئۇيغۇر بوۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

**19 – ئاۋغۇست:**

«dailysabah» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيە مۇسۇلمانلار ھەيئىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارىتا «كۈچلۈك ھەرىكەت» قوللاشقا ئۈندىگەن.

«BBC» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئىلگىرى ئېنگلاندنىڭ چېلسى قاتارلىق داڭلىق پۇتبول كۇلۇبلىرىدا توپ ئوينىغان، نۆۋەتتە تۈركىيەدىكى باشاق شەھەر كۇلۇبىنىڭ توپچىسى بولغان سېنگاللىق پۇتبولچى دېمبابا دۇنيادىكى مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇمنى تۈگىتىشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن بىردەك ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىق قىلغان.

«دۆلەت مەجلىسى» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدىكى دېموكرات پارتىيەگە تەۋە پارلامېنت ئەزالىرى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنى ئامېرىكادىن قايتقاندىن كېيىن تۈرمىگە تاشلانغان ئۇيغۇر تىجارەتچى ئەكبەر ئەسەت ھەققىدە ئۇچۇر ئىگىلەشكە ئۈندىگەن.

**20 – ئاۋغۇست:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كەلگۈسى ئۈچ يىل ئىچىدە 19 مىڭ كىشىنى قۇرۇلۇش ساھەسىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ھۆججەت چىقارغان. شۇنداقلا، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرىنىڭ مەزكۇر ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن ئالاقىلىشىش

**ئىشخانىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە داۋامدا بۇ 19 مىڭ كىشىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ لاگېردىكىلەر ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغان.**

ئەنۋەر قاراقۇرۇم، ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## مايك پومپېئو


ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوستى، ئامېرىكا دۆلەت مىنىستىرى ، ھۆرمەتلىك مايك پومپېئو ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەقىقى قەھرىمانلاردۇر. قەھرىمانلارنى تۇغۇپ ، قەھرىمانلارنى يېتىشتۇرىدۇ.